ياسىنجان سادىق

# سۈكۈتتىكى زېمىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7-228-06337-6

I·2312(民文) 定价: 9.80元

ISBN 7-228-06337-6
9 787228 063376 >

图书在版编目(CIP)数据

沉默的大地/亚森江著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,
2000.12
ISBN7—228—06337—6/I.2312
1.沉... Ⅱ.亚... Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代
—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.5
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第87851号
责任编辑:吉利力.穆罕默德
封面设计:加吾兰.吉利力
责任校对:阿斯亚.艾合买提

沉默的大地(维吾尔文)
(中篇小说)
亚森江.沙地克著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
自治区党委印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本　　9.5 印张
2001年6月第1版　2001年6月第1次印刷
印数:1—4,000

ISBN7—228—06337—6/I·2312
定价:9.80元

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : جەۋلان جېلىل
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# سۈكۈتتىكى زېمىن

( پوۋېست ، ھېكايىلەر )

ياسىنجان سادىق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئاپتونوم رايونلۇق پارتىكوم باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 32/1
باسما تاۋىقى : 9.5
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 4,000
ISBN7—228—06337—6/I • 2312
باھاسى : 9.80 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ياسىنجان سادىق 1966 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى يەكەن ناھىيىسىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 ــ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ سۇ ئېلېكتر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ سۇ باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان. 1990 ــ يىلىدىن 1993 ــ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە تىل ــ ئەدەبىيات كەسپىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن. ھازىر يەكەن دەريا باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ياسىنجان سادىق 1988 ــ يىلى «يەكەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئاددىي ــ ساددا باشلىق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا پوۋېست، ھېكايە ۋە نەسرلىرى ئېلان قىلىنىپ كەلدى. 1996 ــ يىلى «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن «يۈرىكىم يىغلايدۇ» ناملىق پوۋېست، ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى، 1997 ــ يىلى «ئاتەش قەلب»، «ساخاۋەتلىك زېمىن» (باشقىلار بىلەن بىللە) ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى نەشر قىلىندى. 1998 ــ يىلى «مىللەتلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن «ئاي مۆككەن كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» غا «داۋان» ناملىق رومانىنى، «شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» غا

«جانانغا يېزىلغان خەتلەر» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشر قىلىشقا تاپشۇردى.

ياسىنجان سادىق ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. ئۇ ھازىر «باھاردا تۆكۈلگەن ياپراق» ناملىق رومانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


قۇرۇپ كەتكەن دەريا (پوۋېست) ........................ 1
چىلان تۇپراق .................................. 91
باھار ھامان ئىللىق ............................ 113
يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن ..................... 122
سۆگەل ........................................ 130
داۋۇت داڭقان ................................ 143
بىلىقچى ھەققىدە ھېكايە ........................ 175
ئاھ، قىزلار .................................. 205
ساخاۋەتلىك قار ............................... 217
تەمەگەرلىك كومېدىيىسى ......................... 227
خىيال ۋە چۈش ................................ 231
ۋەسىيەت ...................................... 235
پۇل .......................................... 239
ئۆچۈر تېلېۋىزورنى .............................. 243
شوپاڭ كۈچۈكى ................................ 246
قۇيرۇق ....................................... 249
مودا .......................................... 272
كالا .......................................... 280

# قورۇپ كەتكەن دەريا

(پوۋېست)

توپىلىق يول.

تاناپتەك تۈپتۈز ئېلىنغان ئەمما ئاسرالمىغانلىقتىن كاتاڭلىشىپ كەتكەن. ئېشەك هارۋىسى ۋە ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنا چاقىنىڭ تەكرار دەسسەپ ماڭغان ئىزىدىن خۇددى رىلىستەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر يېرىم غېرىچ كەڭلىكتە، بىر غېرىچ چوڭقۇرلۇقتا كاتاڭ هاسىل بولغان. باشقا جايلىرىغا قومۇش، شىۋاق، چىم ئۈنۈپ چىققان توپىلىق يول. پىيادىلەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ماڭسا ئايىغى ئاستىدىن پۇرقىراپ ئاچچىق شور توپا توزۇپ تۇرىدىغان شورلۇق يول.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئون مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلۋېغى ئېلىنغان بولۇپ، بۇ يەرگە جىگدە، سۆگەت كۆچەتلىرى قويۇلغان. ئەمما، بۇ كۆچەتلەر ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان ۋە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇغىرىلمىغانلىقتىن تەڭدىن تولىسى قۇرۇپ كەتكەن. ئەي بولغانلىرىمۇ تىكىپ قويغان ۋاقتىدىكىدەك پەقەتلا يوغىنىماي، شۇ پېتىچە تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يېڭىدىن ئېچىلغان كەڭرى بىنامالاردىن قومۇش، توغراق، يۇلغۇن نوتىلىرى ئۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئاپئاق شور پوستەكلىرى ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ يولنىڭ باش تەرىپى بېھشىباغ يېزىسىغا، ئاياغ تەرىپى قوتاندۆڭ كەنتىگە

تۇتىشاتتى.

بىھىشباغقا تۇتىشىدىغان يولنىڭ سول تەرىپىدە ئۇن يېتىم يىراقلىقتا كىچىكرەك بىر دەريا قوتاندۆڭ تەرەپكە قاراپ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ باش تەرىپى بىھىشباغ يېزىسىدىن ئۆتۈپ، ئارسلانباغ يېزىسىنىڭمۇ يۇقىرىسىدىكى بىر چوڭ دەرياغا تۇتىشاتتى. ئاياغ تەرىپى قوتاندۆڭ كەنتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلاردا غايىب بولاتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ دەريانىڭ كىچىكلىكىگە قاراپمۇ ياكى سۈيىنىڭ ئازلىقىغا قاراپمۇ ئەيتاۋۇر بۇ دەريانى «يېرىم دەريا» دەپ ئاتىشاتتى. دەريانىڭ ئاخىرقى ئېقىنى كىرىپ كېتىدىغان توغراغلىقنى بولسا قاراڭغۇ توغراق دەپ ئاتىشاتتى. بەزىلەر قاراڭغۇ توغراقنىڭ چەت - چېكى يوق دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇچى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق، ئۇ يەردە ئاجايىپ تىلسىملىق غايىب خەزىنە بار دېيىشەتتى. ئىشقىلىپ ئۇلار قاراڭغۇ توغراق ۋە ئۇنىڭ ئۇ چېتىدىكى قۇملۇق ھەققىدە ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەرنى توقۇشۇۋالغانىدى. ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇقتا نۇرغۇن ئالتۇن - يامبۇلارنىڭ كۆمۈلگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمما، ئۇ يەرگە بېرىپ بايلىق ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار قاراڭغۇ توغراغلىقتىكى سىرلىق ئەجدىھا كۆلىنىڭ دەم تارتىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى بىرنەچچە بەگۋاش يىگىتلەر قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ تەرىپىگە بايلىق ئىزدەشكە كېتىپ، ئورمانلىقتا ئېزىپ قالغانمۇ ياكى يىلان - چايان، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقىغا ئايلاندىمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بىرسىمۇ قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇلارنى ئىزدەپ چىققانلارنىڭ ئالدىدىراق ماڭغانلارنىڭ ئىككىسى ئالدى تەرەپتىكى سۈپسۈزۈك سۇ توشقۇزۇلغان كۆلچەكتەك بىر

www.uyghurkitap.com

ئويمانلىقتا سۇ ئىچكىلى يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ، سۇنىڭ بويىغا ئاز قالغاندا پاتقاققا پېتىپ قىلىپ، هايت ـ هۇيت دەپ بولغۇچە چۆكۈپ كەتكەنىدى. بۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن باشقا هەمراهلىرى قورقۇنچتىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتكەن ۋە قاراڭغۇ توغراق هەققىدە ئادەمنى دەم تارتىپ كېتىدىغان كۆلچەك، ئەجدىها دېگەندەك قورقۇنچلۇق ـ ۋەهىملىك هېكايىلەرنى توقۇشقانىدى. ئىشقىلىپ قانداق هېكايە ـ رىۋايەتلەر توقۇلسۇن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوتاندۆڭلۈكلەر قاراڭغۇ توغراقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇقتىن بايلىق ئىزدەشكە بەل باغلىمىدى. قىش كۈنلىرى قوتاندۆڭلۈك ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قاراڭغۇ توغراققا ئوۋ ئوۋلىغىلى كىرەتتى. ئەمما، ئورمانلىققا ئانچە ئىچكىرىلەپ كىرمەيلا، خورجۇنلىرى، ئېگەرلىرىنىڭ غانجۇغلىرى نورغۇن كېيىك، جەرەن، بۇغا، تۈلكە، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل ... قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە تولاتتى. ئۇلار ئالغان ئاشۇ ئوۋ غەنيمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىپ، قاراڭغۇ توغراقلىقتىن قايتىپ چىقىشاتتى. ئوۋچىلاردىن قاراڭغۇ توغراقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغانلىرى ناهايىتى ئاز ئىدى. ئىشقىلىپ نېمىلا بولسۇن قوتاندۆڭلۈك ئەرلەر پۈتۈن بىر قىشنى قاراڭغۇ توغراقتا ئۆتكۈزەتتى.

قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ نەزىرىدە قاراڭغۇ توغراق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە، ياكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ مازىرىغا ئوخشاش ئۇلۇغ، مۇقەددەس هېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنى ئاسرايتتى، قوغدايتتى، پەرۋىش قىلاتتى.

يۈزدىن ئارتۇقراق تۈتۈنگە ئىگە قوتاندۆڭ كەنتىدە ئىلگىرى تېرىلغۇ يەر تولىمۇ ئاز ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئولتۇراق ئۆيدىن كۆرە چارۋامال قوتانلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ يۇرتنىڭ نامى

قوتاندۆڭ دەپ ئاتىلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بۇنى هېچكىم بىلمەيتتى. قاراڭغۇ توغراققا ياندىش جايلاشقان قوتاندۆڭ كەنتىدە توغراق، جىگدە ئورمانلىرىدىن باشقا، ھەربىر ئائىلىنىڭ بىرەر ـ ئىككى مودىن باغ، ئۈزۈم تاللىرى بار بولۇپ، تال ـ باراڭلىق باغ قىلىش قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ئاتا مىراس ئادىتى ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ قورۇ ـ جايلىرى تال ـ باراڭلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالاتتى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە قوتاندۆڭ بىرمۇ قورۇ ـ جاي يوقتەك ھەممە يېرى ياپيېشىل، بوك ـ باراقسان بىر تىلسىم يۇرت بولۇپ كۆرۈنەتتى.

قوتاندۆڭ بىلەن بېھىشباغ يېزىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ماڭغاندا يېرىم كۈندە ئۆتۈپ بولغىلى بولىدىغان كەڭرى كەتكەن كۆز يەتكۈسىز قۇمۇشلۇق، شورلۇق دالا ئايرىپ تۇراتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر بېھىشباغ يېزىسى تەرىپىنى كەنت ئىچى دەپ ئاتايتتى. بېھىشباغلىقلار قوتاندۆڭ تەرىپىنى جاڭگال، قوتاندۆڭلۈكلەرنى جاڭگاللىقلار دەپ ئاتايتتى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسى بەكمۇ شالاڭ ئىدى. سىرتتىنمۇ قوتاندۆڭگە يات كىشىلەر بەكمۇ ئاز كېلەتتى.

قوتاندۆڭ بېھىشباغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنت بولسىمۇ، يېزا مەسئۇللىرى بۇ يەرگە بەك ئاز كېلەتتى. ئەمما، يېزىنىڭ كىچىك ماشىنىسى پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى ۋە قوتاندۆڭلۈكلەرگە يېزا باشلىقىنىڭ «يوليورۇقى» نى ئالغاچ كېلىپ، قوتاندۆڭلۈكلەر ئوۋلاپ بەرگەن كېيىك، جەرەن، قىرغاۋۇللارنى ماشىنىغا سېلىپ كېتەتتى. يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تەلەپ قىلمىغانلىقىغا خۇش ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەر بولسا، يېزىنىڭ يېزا بويىچە ئېلىپ بارىدىغان ھاشا ـ ئەمگەك، ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرىغا ھەيدىمىگىنىگە خۇش

www.uyghurkitap.com

ئىدى. قىسقىسى، قوتاندۆڭلۇكلەر بۇ خىلۋەت ماكاندا بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىللار ئىلگىرى خىلىلا خاتىرجەم، غەم ـ غۇسسىز، باياشات ياشىغانىدى. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى. قوتاندۆڭلۇكلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئانا سۇتىدەك ئىچىپ كەلگەن يېرىم دەرياسىنىڭ سۇيى تارتىلىپ كېتىشكە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. بىر خىل كېتىپ بارغان ھايات مۇساپىسى بىردىنلا ئىزىدىن چىقتى.

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سوكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاقاتتى.

* * *

توپىلىق يوللاردا كەينىدىن بۇلۇتتەك توپا ـ چاڭلارنى توزۇتۇپ، ماش رەڭلىك بىر لاتا پىكاپ قوتاندۆڭگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. پىكاپ ھەيۋەت بىلەن گۈرۈلدەيتتى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا شوپۇرغا يانداش ئولتۇرغان ئورۇق، ۋىجىك ئەمەلدارنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى بىرىنىڭ قۇچىقىدا بىرى ئولتۇرغاندەك قىستىلىشىپ ئولتۇرغان بەش نەپەر خىزمەتدىشىنى يەڭگىل تەۋرىتەتتى، ئۇلار يولنىڭ ئۇزاقلىقىدىنمۇ ياكى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ۋىجىك ئەمەلدارغا ماسلاشقان ھالدا مۈگدەشمەكتە ئىدى.

قوتاندۆڭنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرى غىل ـ پال چېلىقىشى بىلەن قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن شوپۇرنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ مەنزىلىگە يەتكەنلىكىنىڭ خۇشلىقىدىنمۇ ياكى پىكاپ ئىچىدىكى

ئۇگدەۋاتقانلارنى ئويغىتىش ئۇچۇنمۇ ۋە ياكى قوتاندۆڭلۈكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۇچۇنمۇ ئەيتاۋۇر ماشىنىنىڭ سىگنالىنى سوزۇپ ــ سوزۇپ، بىرنەچچە قېتىم باستى. سىگنال ئاۋازىدىن ئەمەلدار ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىشتى ــ دە، مەھەللىگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئورۇق، ۋىجىك ئەمەلدار كۆزىگە چۈشۈۋالغان كەپكىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، شوپۇرغا چاقچاق قىلدى:

— ئابدۇقادىر، دەپ بېقىڭلا قېنى، بۇرنىڭلىرىغا قوي گۆشىنىڭ كاۋىپى پۇراۋاتامدۇ ياكى جەرەن گۆشىنىڭ كاۋىپىمۇ؟

شوپۇر يىگىت بۇرۇتلۇق قېلىن كالپۇكىنى كالچايتىپ خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجايدى.

— ھى... ھى... مۇشۇ زەنجاڭزە قىزىق گەپ قىلىدۇ جۇما، — ئۇ كەينىدىكىلەرگە شۇنداق قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىككى ھەپتىنىڭياقى ئاران بىر كەلگەن ۋاقتىمىزدا قوينىڭمۇ، جەرەننىڭمۇ، توشقان ــ قىرغاۋۇلنىڭمۇ كاۋىپىدىن تولۇق يەيمىز، قانداق دېدىم ئاغىنىلەر؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى سېمىز يىگىت شوپۇرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — مېنىڭمۇ جەرەن كاۋىپىدىن تويغۇدەك بىر يېگۈم بار.

— خاتىرجەم بولۇڭلا ئۇكام، قوتاندۆڭگە كەلدۇقمۇ، كاۋاپ، گۆشكە سېسىق كىكىرمىسەك ھېساب ئەمەس.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن نامىنىكا، — دېدى زەنجاڭ كەينىگە قايرىلىپ، پېشقەدەم خىزمەتدىشىنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ، — مېھمان بولۇپ كەلگەن ئىكەنمىز، خەقنىڭ داستىخىنىغا ئاچىققىنىنى يەيمىز ــ دە، كىم بىلىدۇ، چىشقاق مېكىنياندىن ئىككىنى، ئوسۇرۇق تۇخۇمدىن ئون ــ يىگىرمىنى پىشۇرۇپ بېرىپ، گۆشۈيۈپ تۇرۇۋشامدۇ تېخى؟

— توۋا دېسىلە زەنجاڭ هاي، ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، — دېدى. مەتنىياز شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ تۇرۇپ، — تەقسىماتى بولمىسىمۇ، ئاغزىنى كاككۇكتەك ئېچىپ يالۋۇرۇپ كەپتىكەن، يۈز لىتىر سۇنى بۇيرۇپ بەدىلىگە ئەينا هېچ بولمىغاندا، ئاشۇ يۈز لىتىر سۇنىڭ يۈزى بولا ئەلۋەتتە.

— جاڭگاللىققۇ هايۋاندىن پەرقى يوق يۈزسىز خەق، — سىمىز يىگىت راستىنلا جەرەن كاۋىپىدىن قۇرۇق قالغاندەك غەزەپلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدى ئالدىمىزغا سۇ دەپ كەپ باقسۇنا قېنى.

— تەقسىماتتىنمۇ بەرمەسمىز.

— سىلچۇ نامىنىكا، زاكۇنىڭ تاقىقىغا مەهكەم بولسىلا، زەنجاڭنىڭ ئاغزىدىن يۈز لىتىر سۇ چىقىپ بولغۇچە، تاقاقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋەتمەي، بىرەر كۈن يالۋۇرغۇزۇپ، ئوتتۇز - قىرىق لىتىر قىستۇۋېلىپ ئېچىپ بەرسىلىگۇ مۇشۇنداق ئىش چىقمايدۇ.

پىكاپنىڭ تورمۇزلىنىشى بىلەن تەڭ پىكاپ ئىچىدىكىلەرنىڭ غۇل - غۇلىسىمۇ بېسىلىپ قالدى.

— شوجىنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىغاندىمىز - هە؟ — دېدى سىمىز يىگىت سىرتنى تولۇق كۆرەلمىسىمۇ بويۇنداپ قاراپ،

— ئاۋۋال مەشەدە توختايلى، ئاندىن شوجى نەگە باشلىسا شۇ يەرگە چىرەرمىز، ما ئىشنى كۆرۈك بىرەركىم ئالدىمىزغا چىقامدۇ دېمەيدۇ يا، — دېدى زەنجاڭ پىكاپنىڭ ئىشىكىنى جالاقشىتىپ ئاچقاچ ۋە پىكاپتىكى كىچىكرەك يىگىتنى بۇيرۇدى، — تۈرغۇنجان چۈشۈپ قاراپ بېقىڭا، ئۆيدە ئادەم بارمۇ، يوقمۇ؟

— قويسىلا زەنجاڭ هاي، چۈشمىسۇن، ماشىنىنىڭ شۇنچە ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالامدۇ بۇ خەق، خارلىقتا قالغان ئادەم يوق بۇ يەردە، جىندەك ساقلاپ تۇرايلى، ئالدىمىزغا توققۇز تەزىم

قىلىپ چىقمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي، — دېدى مەتنىياز بوۋوت، چوڭچىلىق بىلەن.

ئۇلار پىكاپنىڭ ئىچىدە پىتىنىپ بوزماي بىردەم ئولتۇرۇشتى. تومۇز ئايلىرىنىڭ يال - يال ئىسسىقى ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. بايام ماشىنىنا ماڭغاندا كۆزنەكلىرىدىن شامال ئۆتۈشۈپ، ئىسسىق ئانچە بىلىنمىگەن بىلەن مانا ئەمدى پىكاپنىڭ ئىچى ئىسسىق ھاۋا قاپلىشىپ قالغاندەك تىنجىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى تۆكۈلۈپ نەپەسلىرى سىقىلاتتى. بەش ئادەم سىقىلىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن بەدىنىدىن چىققان تەردە، كۆڭلەكلىرى ھۆل بولۇپ چاپلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار دوزاخ ئازابىغا چىداپ، ئالدىلىرىغا قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ تەزىم قىلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىسسىققا ئاخىر سېمىز يىگىت چىدىمىدى.

— ھاي بالا، — دېدى ئۇ ئالتە - يەتتە قەدەم نېرىدا ماشىنىنى كۆزىتىپ تۇرغان بالىلار ئارىسىدىكى چوڭراق بىر بالىنى شەرەتلەپ.

بالا تارتىنىپقىنا يېقىنراق كەلدى.

— شۇجى ئۆيدە يوقمۇ؟

— ئومىلىقتا.

— ماڭ جوگو، قىچقىرىپ كەل؟

بالا خۇشياقمىغاندەك قاراپ تۇردى.

— بولە تاز، ئىتتىك، — دېدى زەنجاڭ ئامۇتتەك بېشىغا قوندۇرۇۋالغان كەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — بېرىپ شۇجىغا سۇ پونكىتىدىكى ئابدۇۋاست زەنجاڭ كەپتۇ دېگىن، دەرھال كەلسۇن.

بالا پىكاپنىڭ قېشىدىن ئاستا ئايرىلدى - دە، بىر تەرەپتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر

www.uyghurkitap.com

نېملەرنى پېچىرلىدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن باللار تۈشمۈ تۈشتىن چۇرقىراشتى ـ دە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن بۇلۇتتەك توپا توزانقىنىچە مەھەللىنىڭ ئايىغى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قوتاندۇڭلۇكلەر بۇغداي ئورۇۋاتاتتى. باللار يۈگۈرۈشكەن پېتى ئۇدۇل شۇجىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، چۇرقىرىشىپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

— مەھەللىگە ماشىنا كەلدى.

— باشلىق كەلدى.

— كادىر كەلدى.

— بىرىڭلار سۆزلەڭلەر بالىلىرىم، گېپىڭلىنى پەقەت بىلەلمىدىم، — دېدى شۇجى باللارنى جىملەپ، — نېمە ئىش بولدى، سەن دېگىنە ئايۇپ دېدى، چوڭراق بالىغا قاراپ.

— شۇ ... ھېلىقى ... ھېلىقى، — دېدى ئايۇپ ئېسىلىك بالا ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھېلىقى ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر يەنە كەپتۇ.

— ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر دېدىڭمۇ بالام؟ — دېدى شۇجى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

شۇجىنىڭ بۇ گېپىگە ئەتراپتىكى دېھقانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سۇ پونكىتىدىكىلەر يەنە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئارىدىن بىر دېھقان شۇجىغا چۈشەندۈرۈپ، — مەن تېخى سىلىنىمۇ بىلىدۇ دەپتىمەن. كىم تاپتىكىن بۇ گەپنى. قوتاندۇڭدە سۇ پونكىتىدىكىلەرنى ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر دەيدىغان بولۇۋالدى.

— بۇ كىمنىڭ تاپقان گېپى؟ — سورىدى شۇجى ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى قاراپ.

ئەتراپتىكىلەر گەپ قىلماي جىم تۇرۇشتى.

— هاھ . . . هاھ . . . — شۆجى تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — قىزىق لەقەم بولاپتۇ بۇ . . . هاھ . . . هاھ، — شۆجى بىرھازا كۈلگەندىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ غودۇڭشىدى، — ئىككى ھەپتە بولا ـ بولماي يەنە كەپتۇ بۇ خەق، ئادەمنى ئاۋارە قىلىۋېرىشكە خىجىلمۇ بولۇشمايدىكەن، ئادەم ئالدىراشچىلىقتا بىر قولىنى ئۇن قىلالماي تۇرۇۋاتقاندا.

ئۇ شۇلارنى دېدى ـ دە، ئورغىقىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇپ، مەھەللە تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

شۆجى، ئابدۇۋاسىت زەنجاڭ قاتارلىقلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خۇشياقمىغان ھالدا چىقىرىپ بەرگەن سىڭا قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم قىستى، قايتا — قايتىلاپ، ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئىززەت ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلىدى، ئالدىغا قوشلاپ كۆرپە تاشلىدى.

— بىخەۋەر بولۇپ قاپتۇق، — دېدى شۆجى ئۇلار كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەكەللۇپ قىلىپ، — بولمىغان بولسا ئېتىز بېشىغا چىقماي ساقلاپ تۇراركەنمىز. ئىسسىقتا ساقلىشىپ قاپلا، سەت قىلىق بولدى. خاپا بولۇشمىسىلا.

زەنجاڭنىڭ ئەتەي تۇرۇلگەن قاپىقى ئېچىلدى. قوشلاپ سېلىنغان دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىدىكى ۋىجىك گەۋدىسىنى قىمىرلاتتى:

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ھىجىيىپ تۇرۇپ، — پونكىتتا بىكارچىلىقتا سەل زېرىكىپ قالدۇق، شۇڭا يېرىم دەريانىڭ چىقىللىرىنى تەكشۈرگەچ شۇنداقلا، بىر چىرىپ ئۆتەپ كېتەيلى دەپ . . .

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى شۆجى داستىخان سالغاچ. شۆجىنىڭ ئايالى ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى يۆگەپ، يات مېھمانلاردىن دالدا قىلىپ تۇرۇپ، بىر لېگەن نان،

www.uyghurkitap.com

ئۈچ چىنە قېتىق ئەكىردى.

— سۈدىنمۇ ئەكىرمەملا شۈجى، دوغ ئىتىپ ئىچەيلى، ئەجەب ئۇسسىدى ئادەم، — دېدى، سېمىز يىگىت قېتىقنى قوشۇق بىلەن ئىچكەچ تۇرۇپ.

شۈجى دەرھال سۇ ئەكەلدى. ئۇلار بىر چىنىدىن دوغنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىشتى - دە، داستىخاندىكى ناننى ئىشتىھاسىزلا قاراپ قويۇشتى.

— قېنى، نانغا باقىلى مېھمانلار، — دېدى شۈجى ئۇلارنى داستىخانغا زورلاپ.

— شۈجى ھاي، ئادەمنى ئىسسىقتا قۇرۇق نانغا زورلىماي، ئۆرۈك، قوغۇن - تاۋۇزلاردىن ئەكىرمەملا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت تاقەتسىزلىك بىلەن غۇدۇراپ.

— ئۆرۈككە بالا ئەۋەتتىم، ھازىر ئەپكېلىدۇ.

— قوغۇن - تاۋۇزچۇ؟ — دېدى، شوپۇر يىگىت بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ.

— قوغۇن - تاۋۇز، — دېدى شۈجى سەل تۇرۇۋېلىپ، ئەتىيازدىن يەرنى ئۇسا قىلىدىغانغا سۇ يوق سەل ۋاقىچى قەپ قاپتىكەن، شۇڭا تېخىچە. . .

— پىشمىدى دېسىلە، — دېدى سېمىز يىگىت ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، — شەھەرگە قوغۇن - تاۋۇز كىرىپ بولغىلى نەۋاخ، سىلى سۇ - سۇ دەپ پونكىتتا كولدۇرلاپ بارغىلى ئۇستا ئەمما قوغۇنلۇققا بېرىپ باقمايدىغان ئوخشىماملا، بىزنىڭ پونكىت خۇددى قوتاندۇق ئۇچۇن قۇرۇلغاندەك، ھەقايىسلىرى سۇ دەپ بېرىشسىلا، زەنجاڭ تەقسىماتى بار - يوق دىمەي، سۇنى بۇيرۇپ بېرىۋېرىدۇ. يېرىم دەريانىڭ پۈتكۈل سۈيى قوتاندۇڭگىلا ئاققاندەك ئاقىدۇ، يەنە قوغۇن ۋاقچى قاپتۇ دېسىلە قانداق بولغىنى.

سېمىز يىگىت بىر تەرەپتىن قوتاندۇڭگە بۇيرۇپ بەرگەن

سۈنى پەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى، — يېزىلىرىدىن شۈجى، يېزا باشلىقلىرى كەلسىغۇ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىدىكەنلا، بىزنىڭ زەنجاڭ كەلسە ئاشۇ پاقا تېشىشۋەتكەن توڭ سويمىلىرىنى ئاياۋاتاملا نېمە؟ بىلىپ قويسىلا بىزنىڭ زەنجاڭنىڭ ھوقۇق دەرىجىسىمۇ بۆلۈم - ئىدارە دەرىجىلىك، سىلىنىڭ شۈجى، يېزا باشلىقلىرى بىلەن دەرىجىسى تەڭ، شەيتانلىرى كۆزلىرىگە كىچىك كۆرسىتىۋاتقان بولسا. .

— ئۇبدان ئۇقامەي، نەدىكى گەپنى قىلماڭا، — دېدى. شۈجى خىجىل بولۇپ، — ھەرقايسىلىرىدىن توڭ سويما ئايايدىغان ئادەممۇ مەن. ئادەم ئەۋەتەي بەكرەك ئىزدەپ باقسۇن، پىشقانلىرى چىقىپ قالا. .

— توڭ سويما بولسىمۇ ئەپ كەلسۇن، ھېچ بولمىسا قىيىپ ئىچەرمىز، — دېدى سېمىز يىگىت يەنە بىزەڭلىك بىلەن.

شۈجى دەرھال سىرتقا ماڭدى.

— سىللىنزە . . . گەپكە گەپ كەلگەندە پەقەتلا ئاياپ ئولتۇرمايسىلە جۇما، — دېدى زەنجاڭ پىخىلداپ كۈلگىنىچە سېمىز يىگىتكە قاراپ، — بىچارە شۈجىنى تويغۇزۇۋەتتىڭلا.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — دېدى سېمىز يىگىت ئۆزىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، بوش تۇرساق ئىككى قاچا قېتىق بىلەن يولغا سالدىغان ئوخشايدۇ بۇ خەق.

— شۇنداق بىر قىلىپ باقسۇن قېنى، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، — دېدى زەنجاڭ كەپكە شەپكىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ ئولتۇرۇپ، ئۇ سىرتقا تەمەگەرلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، شوپۇر يىگىتنى بۇيرۇدى.

— ئابدۇقادىر، مۇنداقسىگىلا چىققان بولۇپ قاراپ بېقىڭلا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ بۇ خەق.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر ھورۇنلۇق بىلەن مىدىرلاپ قويدى — ئەھ، ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— تالاغا چىقمىساممۇ بىلىپ بولدۇم، شۇجىنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىدىن قارىغاندا چوقۇم ژۇڭداۋاتىدىغۇ[1] دەيمەن.

— سوياۋاتامدىكىن ئادىشىم، — دېدى سېمىز يىگىت.

— ياق، ژۇڭداۋاتىدۇ.

— ياق، سوياۋاتىدۇ[2].

— بولدى، تالاشماڭلار، — دېدى زەنجاڭ كەيپىسىزلىك بىلەن، — قېنى داستىخانغا كەلگەندە كۆرمەمدۇق.

— بۇنداق دەپ ئولتۇرىدىغان بولساق جەرەن كاۋىپىنى ھەرگىزمۇ يېيەلمەيمىز، — دېدى سېمىز يىگىت بىتاقەتلىك بىلەن. ئۇ زەنجاڭنىڭ بېقىنىدىكى كۇسا ئادەمنى نوقۇدى، — نامىنكا، زەنجاڭ بۇيرۇپ بەرگەن سۇنى زاكودىن سىز ئەمەلىيلەشتۇرۇپ بېرىسىزغۇ، گاھى ۋاقىتلاردا سۇ باشتىن ئېگىز - پەس كېلىپ قالدى دەپ قويۇپ، زەنجاڭ يۈز لېتىر بۆلۈپ بەرسە، سىز ئەللىك لېتىر قوشۇپ، بىر يۈز ئەللىك لېتىرمۇ بېرىۋېتىسىز بۇ خەققە، پايدىنى داۋاملىق ئۆزىڭىز ئوڭچىلا كۆرمەك، بىزمۇ ئانچە - مۇنچە شېرىك بولايلى. چىقىپ شۇجىغا دەڭ، دەرھال قاراڭغۇ تۇغراقتا ئوۋچى ئەۋەتسۇن.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ — نامىنكام سېمىز يىگىتكە غەزەپ بىلەن ئالايدى، — ئاغزىڭىزغا بېقىپ گەپ قىلىڭ جۇمۇ ئۇكام. مەن زەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر لېتىر سۇنىمۇ خەققە بېرەلمەيمەن، ئىشەنمىسىڭىز بۈگۈندىن باشلاپ زاكو بېشىدا ئۆزىڭىز تۇرۇڭ.

— تۇرسام، — تۇردۇم، قانچىلىك ئىشتى زاكو باقماق.

---

① توخۇ ژۇڭداۋاتىدۇ دېمەكچى.
② قوي سويۇۋاتىدۇ دېمەكچى.

ئاش، گۆش، هاراق ئۆز پۇتى بىلەن كېلىپ تۇرىدىغان يەردە، خىزمەت قىلماق قانچىلىك تەستى. بىكاردىن كەلگەن ئاش، گۆش قارنىڭىزنى ئەسكەن بولسا . .

— بولدى، بولدى؛ تالاشماڭلار، — دېدى تۇرغۇنجان ئىسمىلىك يىگىت نامىنىكام بىلەن سېمىز يىگىتنى جىملەپ، — بۇ گېپىڭلارنى پونكىتقا بارغاندا قىلىشىۋېلىڭلار، نامىنىكا سىزمۇ ياقۇپجاننىڭ گېپىگە ئانچە خاپا بولۇپ كەتمەي، چىقىپ بىر ئامالىنى قىلىڭ. ئىشقىلىپ بىز بۈگۈن جەرەن كاۋىپى يېسەك بولىدىغۇ، مېھماندارچىلىقتا ھېلىقىدەك گەپنى قىلىشمايلى، خەقتىن سوۋغا ـ سالام ئالماي سۇ بۇيرۇپ بېرىدىغان كىم بار دەيسىلەر بۇ يەردە.

تۇرغۇنجاننىڭ ئاخىرقى گېپى زەنجاڭغا ياقمىدىمۇ نېمە، يەر تېگىدىن شۇنداقلا بىر گۆلىيىپ قاراپ قويدى.

يۇلتۇزلۇق كېچە، سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدىكى تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرى بىلەن زېمىننى ئاپئاق يورۇتىۋەتكەنىدى. كېچىنىڭ سەلكىن غۇر ـ غۇر شامىلى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل راھەتلىك ھۇزۇر بېغىشلايتتى. شۇجىنىڭ ھويلىسىدىكى ئىككى ئۈن يېتىم يىراقلىقتىكى قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىدە — يېرىم دەرياسىنىڭ قاراڭغۇ توغراقتا قايرىلىدىغان قولتۇقتىكى قىرغاقتا قوتاندۆڭلۈكلەر كىگىز ـ كۆرپىلەرنى سېلىشىپ، ئابدۇۋاست زەنجاڭ قاتارلىق مېھمانلارنى كۈتمەكتە ئىدى.

يۇمىلاق ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان سېلىنغان بولۇپ، داستىخان لېگەن ـ لېگەندە پىشۇرۇلغان توخۇ، قوي، جەرەن گۆشلىرى، كاۋاپلار، قېتىق، ئۆرۈك، قوغۇن ـ تاۋۇزلار ۋە چالا غاجىلاپ تاشلاپ قويغان سۆڭەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

مېھمانلارنىڭ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك، داستىخانغا ئىشتىھاسىز قاراپ ئولتۇراتتى، سېمىز يىگىت خىلىلا مەست

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغان بولۇپ، پىيالىغا بولدۇقلىتىپ ھاراق تۆككەچ ئەپسانە لەتىپىلەرنى سۆزلەپ سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋاتاتتى. زەنجاڭ ئورۇق، ۋىجىك گەۋدىسىنى يوغان پەي ياستۇققا يۆلەپ، يانپاشلىغىنىچە جەرەننىڭ ئارقا پۇتى بولسا كېرەك، يوغان بىر سۆڭەكنى ئىشتىھا بىلەن غاجىلاۋاتاتتى. زەنجاڭنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۈچ نەپەر قوتاندۆڭلۈك سازەندىلەر قالۇن، داپ، راۋاپ بىلەن مۇقام ئورۇنداۋاتاتتى. لېكىن، بۇ سەلتەنەتلىك كۈيگە شۇجىدىن باشقا ھېچكىم قۇلاق سالمايۋاتاتتى. تۆۋەندە — قۇم دۆڭنىڭ ئايغىدا يېرىم دەرياسى مۇقام كۈيلىرىگە جور بولۇپ مۇڭلۇق شارقىرايتتى.

سورۇن ئەھلى ھاراقىمۇ، گۆش كاۋاپىمۇ راسا تويۇپ، سېسىق كېكىرگىلى تۇرغاندا شۇجى بىر بوتۇلكا ھاراقنى قولىغا ئالدى - دە، زەنجاڭنىڭ ئالدىغا قويغاچ دېدى:

— مۇشۇنى زەنجاڭنىڭ ئۆز قولىدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچىلى.

زەنجاڭ دەرھال قولىدىكى سۆڭەكنى داستىخانغا قويۇپ، ھاراق بىلەن پىيالىنى شۇجىنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى.

— ياق، ئۆزلىرى قۇيۇپ بەرسىلە، سورۇننىڭ بېشىدا مەن قۇيۇپ بەردىم ئەمەسمۇ.

— ئاخىرسىدىمۇ سىلىنىڭ قوللىرىدىن ئىچىلى، قۇيۇپ بەرسىلە زەنجاڭ ھەي.

— ياق، يەنىلا سىلى قۇيۇپ بەرسىلە.

— مەن قۇيۇپ بەرسەمغۇ بولاتتى، — دېدى شۇجى خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، — لېكىن قوتاندۆڭلۈك يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىردا زەنجاڭنىڭ قولىدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچمىسەك ئۇسسۇزلۇقىمىز قانمايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىر رومكىدىن ئىلتىپات قىلىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ قويسىلا زەنجاڭ.

شۈجىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن قوتاندۆڭلۈك باشقا سورۈن ئەھلىمۇ بىر ئېغىزدىن دەۋەت قىلىشتى.

— شۈنداق قىلىڭ زەنجاڭ.

— سىلىنىڭ قوللىرىدىن بىر رومكىدىن ئىچەيلى.

— ئۈسسۈزلۈقىمىزنى بىر قاندۈرۈپ قويسىلا.

— شەپقەتلىرىنى بىر كۆرسەتسىلە، قوتاندۆڭ قۇرۇپ كەتمىسۇن.

ئۆتۈنۈش، خۇشامەت، مەدھىيە سۆزلىرى زەنجاڭنى ئۇنقا چۈشكەن مايدەكلا ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى ياستۇقتىن لىككىدە كۆتۈردى ـ دە، قولىغا ھاراق بۇتۇلكىسى بىلەن پىيالىنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ئوڭ يېنىدىن باشلاپ پىيالىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ھاراق ئەڭ ئاخىرىسىدا زەنجاڭنىڭ سول يېقىنىدا ئولتۇرغان شۈجىدا توختىدى. شۈجى قولىدىكى لىپمۇلىق ھاراق توشقۇزۇلغان پىيالىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، زەنجاڭغا قاراپ سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى.

— بۈگۈن قوتاندۆڭلۈكلەر ئىنتايىن خۇش، زەنجاڭنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇغدايلىرىمىزنى ۋاقتىدا سۇغۇرۇپ پىشۇرۇۋالدۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قوتاندۆڭلۈكلەر نامىدىن زەنجاڭغا ۋە سۇ پونكىتىدىكى بارلىق يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن،— ئۇ، زەنجاڭغا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— ئەمدى بىز قوتاندۆڭ خەلقىنىڭ زەنجاڭغا دەيدىغان كىچىككىنە بىر تەلىپىمىز بار،— ئۇ سورۇندىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— زەنجاڭغىمۇ مەلۇملۇق، ئىلگىرى بىزنىڭ يېرىم دەرياسىدىن بىۋاسىتە سۇ ئالىدىغان ئېغىزىمىز بار ئىدى. ئۇنى زەنجاڭ قانۇنسىز ئېغىز دەپ ئۆز قولى بىلەن كۆمدۈرۈۋەتكەن ۋە پىكرىڭلار بولسا يۇقىرىغا دەڭلار دېگەنىدى.

بۇ يىل توپتوغرا ئۈچ يىل بوپتۇ، يۇقىرىغىمۇ يول مېڭىپ باقتۇق، يۇقىرىمۇ يەنىلا زەڭجاڭدەك كەسكىن ئەمەسكەن. يەنىلا زەنجاڭغا باش ئاغرىقى قىلغىنىمىز تۈزۈككەن، زەنجاڭ ھەممەت قىلىپ ئاشۇ ئىغىزىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسا، — شۈجىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن زەنجاڭ مەغرۇرلۇق بىلەن گىدەيدى. لېۋىگە ئالدىرىماي بىر تال سىگارت قىستۇردى، شۈجى دەرھال سەرەڭگە ياقتى.

— مېنى تار يەردە قىستىمىسىلا، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى زەنجاڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاغزى - بۇرنىدىن قويۇق تاماكا ئىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى شۈجى يېلىنغان ھالدا، — ئىغىزنى كۆمدۈرۈۋېتىشكە كۆچلىرى يەتكەندىن كېيىن ئېچىپ بېرىشمۇ قوللىرىدىن كېلىدۇ. بىز ئەھۋالنى يۇقىرىغا نەچچە قېتىم دېدۇق، يۇقىرى سىلىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىپ بىرنېمە دەيلى دەيدۇ. بىر ھەممەت قىلىپ قويسىلا زەنجاڭ.

— قېنى بىر كۆنى پونكىتقا بارسىلا، شۇ يەردە بىر نېمە دېيىشەيلى، — دېدى زەنجاڭ ئېرەڭسىزلىك بىلەن.

— يەنە بىر تەلىپىم، — دېدى شۈجى سول قولىدىكى ھاراق پىيالىنى ئوڭ قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ، — ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، بۇغداينى ئورۇۋالدۇق، ئورنىغا قوناق تېرەيلى دېسەك يەرنى ئوسا قىلغىلى سۇ يوق. شۇڭا، يۈز لىتىر سۇ بەرگەن بولسىلا.

— بۇ بەش كۈنلۈك نۆۋەتتە قوتاندۆڭنىڭ سۇ تەقسىماتى يوق، — دېدى سېمىز يىگىت لوقما سېلىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىر ھەممەت قىلىپ قويسىلا، غوجىلىرىم، يەرلىرىمىز ئاق قالمىسۇن، بىزمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى يەردە قويماسمىز، — دېدى شۈجى يالۋۇرۇپ.



www.uyghurkitap.com

— پونكىتقا بارسىلا، شۇ يەردە بىر نېمە دېيىشەيلى، — دېدى زەنجاڭ يەنىلا ئېرەڭسىزلىك بىلەن.

شۇجى قولىدىكى بىر پىيالە ھاراقنى دەس كۆتۈرۈپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى، — دە، قورۇقدالغان پىيالىنى زەنجاڭغا تەڭلىدى.

— رەھمەت شۇجى، بىز ئەمدى ئاستا كېتىۋالايلى، — دېدى زەنجاڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بۇ كېچىدە كېتىمەن دېمەي قوناپ قېلىشسىلا.

— بولدى رەھمەت.

ئۇلار بىرھازا تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن، قوم دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. شۇجى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئىككى كاجىۋا ئۈرۈك، بىر قوي، بىر كېيىك گۆشىنى ماشىنىغا باستۇرۇپ بەردى ۋە بايام داستىخاندا ئېشىپ قالغان پىششىق گۆش كاۋاپلارنى بىر ياغلىققا چىگدۇرۇپ زەنجاڭغا تەڭلىگەش دېدى:

— قوغۇنلار تازا پىشماپتىكەن، شۇنداقتىمۇ باللارغا ئۈزدۇرۇپ قويغاندىم. توك سويىمىكەن دەپ قالمىسىلا. . .

— ئەپكەلسۇن، باسسىلا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت دەرھاللا، شۇجىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرسىنى كۈتمەستىن، — توك بولسىمۇ ئېلىپ كېتەيلى.

— مەتنىيازكا، ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ماشىنا كۆتۈرەلمەسمىكى، — دېدى شوپۇر يىگىت، — يول بەك قوملۇق، ناۋادا ماشىنا سۆرىيەلمەي قالسا. . .

— ھاي ئۇكامەي، تولا گەپ قىلماي ماشىنىڭىزنى ھەيدەشنى بىلىڭا، كۆتۈرەلمەي بۇزۇلۇپ قالسا ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسى بۇ، سىزنىڭ ماشىنىڭىزمىتى يا.

شۇنداق قىلىپ بىر تاغار توك سويىمۇ پىكاپنىڭ كەينىگە بېسىلدى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قول

سىقىشىپ خوشلاشتى.

— زەنجاڭ ئىككىمىز ئىشنى بىلەن قوناق تېرىيدىغان سۆزنى ئۈنتۈپ قالمىسىلا، — دېدى شۆجى پىكاپىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقتا گىدىيىپ ئولتۇرغان زەنجاڭنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھېلىقى يۈز لىتىر سۆكەن، يېرىم دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ھەممىسىنى دېسىلىمۇ بېرىۋېتىمەن، — دېدى زەنجاڭ ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى ماشىنىغا بېسىپ بەرگەن سوۋغا - سالاملارنىڭ خۇشلۇقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر شۆجىغا ۋەدە بېرىپ.

پىكاپ ئالدىدىكى چىرىغىنى ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك ياندۇرۇپ، ھۆركىرىگىنىچە ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئالدىراپلا ۋەدە بېرىۋەتتىلىغۇ زەنجاڭ، — دېدى سېمىز يىگىت بېشىنى ئالدىغىراق ئېگىپ، قولىنى زەنجاڭنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — كۆمۈۋەتكەن ئېغىزنى ئېچىپ بېرىمىزمۇ ئەمدى ئۇلارغا.

— نەدىكى گەپنى قىلماڭا، ئۇكامەي، — دېدى زەنجاڭ كۆزىگە چۈشۈۋالغان كەپكىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، — ئېغىزنى ئېچىپ بېرىپ قويساق بۇگۈنكىدەك جەرەن، قوي گۆشلىرى، كاۋاپ، ھاراقلار نەدە بىزگە. شۇنچە جۇۋاپ مېھمان قىلغاندىكىن، ئالاھىدە سوۋغا - سالام تەييارلاپ يوللۇق تۇتقاندىكىن، شۇنداق دەپ قويىمايمىزمۇ ئەمدى.

— شۇڭا دەيمىنا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت زەنجاڭنىڭ پىكرىگە ھەمدەم بولۇپ، — كۆمدۈرۈۋەتكەن ئېغىزنى ئېچىپ بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى قوتاندۇڭگە كەلسەك يىگىلى قاتتىق نانىمۇ تاپالماي قالارمىز.

* * *

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى



www.uyghurkitap.com

شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا ئېغىزىغەم ـ قايغۇغا، سوكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاقاتتى.

تىمتاس كېچە، تولۇن ئاي ئاستا ـ ئاستا غەربكە قىيسايماقتا، ئۇنىڭ كۈمۈش نۇرلىرى بىر ئاز غۇۋالاشقان بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزىدىكى تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار تېخىمۇ يورۇق، جازىبدار چاقنايتتى. زېمىن سۈتتەك يورۇق ئىدى. شۈجى دەريانىڭ بويىدا، بايامقى بەزمە قۇرغان قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدە، دەريا سۈيىنىڭمۇڭلۇق شارقىراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرماقتا. ئۇ شۇ تۇرقىدا بىرھازا ئولتۇردى ـ دە، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. قىرغاق بويلاپ دەريانىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە ئاستا قەدەم تاشلىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن دەريا قىرغىقىدىكى قۇچاق يەتكۈسىز بولۇپ يوغىناپ كەتكەن ئۈنەچچە تۈپ سۆگەتلىككە يېتىپ كەلدى. سۆگەتلىك سۈتتەك ئايدىڭدا قارىيىپ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ شۈجىنىڭ يۈرىكى يارىغا تۇز سەپكەندەك ئېچىشتى. ۋۇجۇدى خۇددى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغاندەك ئېيتقۇسىز ئازابقا، ھەسرەتكە تولدى. چۈنكى، بۇ سۆگەتلىك بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگى قانۇنسىز دەپ كۆمدۈرۈۋەتكەن ئېغىز ئىدى.

بۇ قوتاندۆك، قوتاندۆك بولغاندىن تارتىپ قوتاندۆڭلۈكلەرنى يېرىم دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئېغىز ئىدى.

يېرىم دەريا بىر مېھرىبان ئانا بولسا، بۇ ئېغىز ئاشۇ مېھرىبان ئانىنىڭ قوتاندۆڭلۈكلەرگە نان چايناپ بېرىدىغان ئاغزى، ئىمىتىدىغان ئەمچىكى ئىدى.

قوتاندۇقلىكلەر نەچچە ئەسىردىن بېرى [illegible]دىن
خۇددى ئانىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگەن بو[illegible]ەك سۇ ئىچىپ
هاياتلىقنى هاياتلىققا ئۇلاپ كەلگەنىدى.

ئەپسۇس، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قوتاندۇقلۇقلەر بۇ ئېغىزدىن خۇددى ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئايرىلىپ قالدى. . .

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال شۈجى قوتاندۇقنىڭ كەنتىنىڭ كەنت مۇدىرى ئىدى. مۇسا ئاقساقال بولسا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

بىر كۈنى قوتاندۇققا بىر ماش رەڭ پىكاپ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سىگنال بېرىپ كىرىپ كەلدى. قوتاندۇقلۇقلەر يېزا باشلىقىنىڭ ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان بۇ ناتونۇش ماشىنىغا قاراپ ھەيران قالدى (قوتاندۇققا يېزا باشلىقىنىڭ پىكاپىدىن باشقا پىكاپ ئاز كېلەتتى). پىكاپتىن كەپكە كىيىۋالغان ئورۇق، ۋىجىك بىر ئادەم چۈشتى ـ دە، ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەردىن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سورىدى.

— شۈجى نەدە؟

— بايام ئېتىزلىقتا سۇ تۇتۇۋاتاتتى. ھازىر نەدىكىن؟

— مىڭىڭلار، بېرىپ نەدە بولسا تېپىپ كېلىڭلار.

ئۇ كىشىلەرنىڭ مىدىرلىماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ گۇركىرىدى.

— نېمە، ئادەم كۆرمىگەندەك چەكچىيىپ تۇرۇشىسىلە، شۇجىرىڭلارنى قىچقارغىلى ماڭمامسىلە.

بۇ پوچى، بۇيرۇقۋاز ئادەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى كىشىلەرگە ياقمىغان بولسىمۇ لېكىن ئارىدىن بىرى شۇجىنى قىچقارغىلى كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇسا شۇجى كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى ۋە ۋىجىك ئادەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن

ئۇزاتقان سىڭا قولىنى، ئالىقانلىرىنى بەلۋېغىغا سۇرتۇۋېتىپ تۇرۇپ، ئىككى قوللاپ تۇتتى، تىنچلىق، ئامانلىق سورىدى.
— سىلى شۇجىمۇ؟ — سورىدى ۋىجىك كىشى چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ.
— خوش، — دېدى شۇجى.
— دەريادىن نېمىشقا سۇ ئاچتىڭلا؟
— كېۋەز تېرىغىلى دەپ.
— سۇ ئېچىشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟
شۇجىغا بۇ سوئال غەلىتە ئاڭلاندى. چۇنكى، قوتاندۇڭلۇكلەر دەريانىڭ ئەڭ ئايىغىدا بولغانلىقى ئۇچۇنمۇ، ئەزەلدىن سۇ ئىشلىتىش ئۇچۇن بىركىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان ئەمەس. شۇڭا ئۇ بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
— دەريانىڭ سۈيىنى توقايلىققا كىم يار قويۇۋەتتى؟.
— كېچىدىن ئېرىق يار كېتىپتىكەن. ئەتىگەن باغلىۋالدۇق.
— باغلىۋالغان بىلەنلا ھېسابمىكەن، سۇ قانۇننى بىلەملا.
— بىلمىز، ئۆتكەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئۆگىنىش قىلغان.
— ئۇنداق بولسا، دەپ باقسىلا قېنى، سۇنى يار قويۇۋېتىپ ئىسراپ قىلىۋەتكەنلەر قانداق جازاغا تارتىلىدۇ؟.
— بۇ . . . بۇنى . . .
— ئۆگىنىپتىمىش تېخى، — دېدى ۋىجىك كىشى زەھەرخەندەنلىك بىلەن، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ھەرقايسىڭلار سۇ ھەققىنىمۇ تاپشۇرمايدىغان ئوخشايسىلەر.
— تاپشۇرىمىز، ھەر يىلى يېزىدىن كادىر كېلىپ يىغىپ كېتىدۇ.
— بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ھەققىنى يېزىدىن يىغمايدۇ. سۇ

ھەققى يىغىدىغان ئادەم مانا مەن.

ۋىجىك كىشىنىڭ چوڭچىلىقى زىتىغا تەگدىمۇ، پاكى بۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە قىزىقتىمۇ، مۇسا شۇجى ئەدەپ بىلەن سورىدى:

— ئۆزلىرى كىم بولىلىكىن؟

— مەن يېرىم دەريا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باش زەنجاڭى ئا زەنجاڭ بولىمەن.

مۇسا شۇجى دەرھال چۈشەندى. يېزىدىن سۇ ھەققىنى يىغىلى كەلگەنلەردىن بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانلىقىنى ئەسلىدى.

— ماڭىسىلا، ئۆيگە كىرىپ مۇڭدىشايلى.

مېھمان تەكەللۇپسىزلا شۇجىغا ئەگەشتى.

مۇسا شۇجى مېھماننى توخۇ ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلدى. كەنت مۇدىرىنى — ھازىرقى شۇجىنى قىچقارتتى. مېھمان تاماق يېگەچ ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى، ئەمەل دەرىجىسىنى، قول ئاستىدا قانچە ئادەم بارلىقىنى ساھىبخان سورىمىسىمۇ چۈشەندۇردى ۋە گەپ ئارىلىقىدا جەرەن گۆشىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى.

— ئاڭلىشىمچە قاراڭغۇ توغراغلىقتا كېيىك، جەرەنلەر تولا دەيدۇ. جەرەن گۆشىدىن بىر تېتىپ باققۇم بار ئىدى.

— ئەپسۇس، تولىمۇ بىئەپ ۋاقىتىدا كېلىپ قاپلا، — دېدى گەپنى تۈزلا قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان مۇسا شۇجى، — ھازىر ئەتىياز، باھار پەسلى، بۇ كېيىك، جەرەن... ئىشقىلىپ بارلىق جان - جانىۋارلارنىڭ تۇغۇپ كۆپىيىدىغان پەسلى، بۇ پەسىلدە ھەرقانداق قوتاندۇڭلۇك ئوۋ ئوۋلىمايدۇ. ئوۋغا چىقسا يامان بولىدۇ. جەرەن گۆشى يېگىلىرى بولسا كۈزدە كەلسىلە، كۈز پەسلىدە بۇ جانىۋارلار تازا كۆپىيىپ ھەم سەمىرىپ مىخ - مىخ بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى

تازا بىر مېھمان قىلايلى.

بۇ جاۋابتىن مېھماننىڭ قوشۇقتەك قارامتۇل يۈزى سەل تاتاردى. لېكىن، كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرمىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئېغىز بېشىغا كەلدى.

— بۇ ئېغىزنىڭ نوپۇس خېتى بارمۇ؟ — سورىدى مېھمان مۇسا شۇجىدىن.

— نوپۇس خېتى؟ قانداق نوپۇس خەت ئۇ؟ — ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ياندۇرمىلاپ سورىدى مۇسا شۇجى.

— بۇ ئېغىزدىن سۇ باشلاپ ئىچىشكە يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ كېسىپ بەرگەن تەستىق خېتى.

— بىز ئۇنداق خەتنى بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى شۇجى مېھماننىڭ يوچۇن گەپلىرىدىن سەل گۇمانسىراپ.

— بۇ ئېغىز بىز تۇغۇلساقمۇ بار ئىكەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدىمۇ مۇشۇ ئېغىزدىن سۇ ئىچىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتىكەن.

— مەن ئۇنى سورىمىدىم، — دېدى مېھمان بىردىنلا تەرىنى تۈرۈپ، نوپۇس خەت زادى بارمۇ، يوقمۇ؟.

— يوق! — دېدى مۇسا شۇجى زەردە بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، بۇ قانۇنسىز ئېغىزكەندە، — دېدى مېھمان مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ھىجىيىپ، ماڭسىلا، دەرھال بېرىپ دېھقانلارنى قىچقىرىپ كەلسىلە، بۇ ئېغىزنى ھازىرلا كۆمۈۋەتمىسەك بولمايدۇ.

— بۇ ئېغىزنى كۆمۈۋەتسەك بىز نەدىن سۇ ئىچىمىز؟— دېدى مۇسا شۇجى تېرىككەن ھالدا.

— لايدان زاكۇدىن ئۆستەڭ چېپىپ كېلىپ سۇ ئىچىلا.

— لايدان زاكۇدىن؟ — مۇسا شۇجى ھەيرانلىق بىلەن مېھمانغا قارىدى، — سىلى بىلەملا، لايدان زاكۇ بىلەن قوتاندۆڭنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق تۇرسا. . .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. ئېغىزنى كۆمەملا، كۆمەملا زادى؟.

— نېمىشقا كۆمىدىكەنمىز؟.

— بۇ دېگەن قانۇنسىز ئېغىز.

— نەچچە زامانلاردىن بېرى قانۇنسىز بولماي، ئەمدى قانۇنسىز بولاپ قالامدىكەن؟ ئۇخلاپ قاپلا زەنجاڭ. بىز بۇ ئېغىزنى ھەرگىز كۆمەيمىز.

— قېنى كۆمىگىنىڭنى بىر كۆرەي.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان مۇسا شۇجى ۋارقىرىدى.

— قولۇڭدىن كەلسە نېمە قىلساڭ قىل!.

ۋىجىك، ئاۋاق زەنجاڭ ماشىنىسى تەرەپكە ماڭغاچ غوتۇلدىدى.

— خەپ توختاپتۇرۇش، سەن جاڭگاللىق قەلەندەرلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ، سۆ ـ سۆ دېگۈزمەيدىغان بولسام، ئا زەنجاڭ بولماي كېتەي.

ھەپتە ئۆتكەندە، قوتاندۆڭگە ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى پىكاپ يېتىپ كەلدى. بۇ پىكاپلارنىڭ بىرىدە ھېلىقى ۋىجىك، ئاۋاق ئا زەنجاڭ، يەنە بىرىدە يېزا باشلىقى قاش ـ قاپاقلىرىدىن قار ـ مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى.

مۇسا شۇجى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقتى.

— كەنتتىكىلەرنى يىغىسىلا، يىغىن ئاچىمىز،— دېدى يېزا باشلىقى ئارتۇق گەپ قىلماي.

كەنت قورۇسىغا قوتاندۆڭلۈكلەر بىردەمدىلا يىغىلدى. يىغىننى يېزا باشلىقى باشقۇردى. سۆ پونكىتىنىڭ باشلىقى سۆ قانۇنى ھەققىدە ئۇزاق نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرگە دەريادىن سۆ ئالىدىغان ئېغىزنى كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا قوتاندۆڭلۈكلەر مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇلار ھەپتە ئاۋۋال

مۇسا شۇجى بىلەن سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتىن تولۇق خەۋەر تېپىشقانىدى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېتىۋېتىشكە رازى ئىدىكى، يېرىم دەرياسىدىن سۇ ئالىدىغان بۇ ئېغىزنى ئېتىۋېتىشكە رازى ئەمەس ئىدى. يېزا باشلىقى قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ قوتاندۇڭلۇكلەرنى شىلاپ باقتى، يالۋۇرۇپ باقتى، ھەيۋە قىلىپمۇ باقتى. لېكىن، قوتاندۇڭلۇكلەر قاتۇرۇپ قويغاندەك قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىشمىدى. ئۇلار گويا ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئىپادىسىز قاراپ تۇرۇشاتتى.

يېزا باشلىقى غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى. زەردە گۆش بولدى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان دېھقانلارغا ئاداۋەت بىلەن ئالايدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق زەردە گۆش بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئەقىل تاپتى. مۇسا شۇجىنى بىر يانغا تارتىپ، ئۇنى راسا بىر ئەدەپلەپ، بايام ئۇسال بولغان بارلىق دەرد - ئەلىمىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى. لېكىن، شۇ ھامانلا، بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، قوتاندۇڭلۇكلەرنى مۇشۇ مۇسا شۇجىلا گەپكە كىرگۈزەلەيتتى. قوتاندۇڭلۇكلەر مۇسا شۇجىغىلا ئەگىشەتتى. مۇسا شۇجىسىز قوتاندۇڭدە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايتتى. بۇنى يېزا باشلىقى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ دەرھال نىيىتىدىن ياندى. تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چىرايىغا سۇرلۇك تۇس بېرىشكە تىرىشىپ سۆز باشلىدى.

— مۇسا شۇجى سىلى - بىز پارتىيىلىك كادىرلا، پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن. شۇڭا، بىز پارتىيە ئەزالىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئاددىي خەلققە باشلامچى بولمىساق، خەلقنى يېتەكلىمىسەك بولمايدۇ. ئېغىز مەسىلىسى كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇ ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ قالدى. بىز ئۆز مەنپەئىتىمىزنى، شەخسىي ئارزۇيىمىزنى ئويلىماي، پارتىيە — ھۆكۈمەتنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغدىشىمىز، پارتىيىۋىلىك مەيدانىمىزدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز...

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلسىلا شاڭجاڭ، — دېدى مۇسا شۇجى يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنى چورتلا كېسىپ تاشلاپ، — سىلى تەكىتلىمىسىلىمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. مەن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا، خەلق ئۈچۈن، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيمەن، جېنىمنى پىدا قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەن. بۇ قەسىمىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، پارتىيىۋىلىك بىلەن ئېغىز مەسىلىسى ئىككىسى ئىككى ئىش، ئېغىز مەسىلىسى بىلەن پارتىيىۋىلىك مەيدان مەسىلىسىنى ئۆز ئارا چېتىۋالساق ئوبدان بولمايدۇ. بۇ ئىشنى تولا پرىنسىپقا كۆتۈرمەي خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ياخشى ھەل قىلساق، زامان - زامانلاردىن بېرى سۇ ئىچىۋاتقان ئېغىز ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋەرسە خەلق خۇش بولىدۇ، سىلىدىن، بىزدىن رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

مۇسا شۇجى تويۇقسىز قايناپ كەتتى، — سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭىغا تەلەپ قىلغان سوۋغىنى بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، زامان - زامانلاردىن تارتىپ سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان ئېغىزىمىز قانۇنسىز ئېغىز بولۇپ كۆمدۈرۈۋېتىلسە، خەق شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ، پۈتۈن بىر كەنتنىڭ ھاياتلىق مەنبەيىنى ئۈزۈۋېتىمەن دېسە، قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن پارتىيىۋىلىك مەيدانىم سورۇشتە قىلىنسا بۇ قانداق بولغىنى، دەپ باقسىلا يېزا باشلىقى؟ ئېغىزنى كۆممىسەك پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يېتەمدۇ ياكى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىڭىنىڭ

ئىناۋىتىگە دەخلى يېتەمدۇ؟ بىز سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىنىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغدايمىزمۇ ياكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغدايمىزمۇ؟

شۈجىنىڭ بۇ سۆزلىرى يېزا باشلىقىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاغزىغا بىر نەرسە كەپلەپ قويغاندەك تىلى تۇتۇلدى. ئۇ يانچۇقىدىن سىگارت چىقىرىپ شۈجىغا تەڭلىدى.

— مەن تاماكا چېكەي، — دېدى شۈجى، يېزا باشلىقىنىڭ قولىدىكى سىگارتنى ئالماي.

— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئاچچىقراقىدىن چېكەي ماڭىمۇ بىر ئورام بەرسىلە، — دېدى يېزا باشلىقى.

ئىككىيلەن تاماكا ئورىدى.

— ئەسلى گەپكە كەلسەك، — دېدى يېزا باشلىقى بارمىقىدىكى تاماكىنى شوراپ تۇرۇپ، — ئېغىزنى كۆمۈشكە يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ شۇنداقلا مەنمۇ قايىل ئەمەس. بىراق، ئۇلارنىڭ گېپىگە ھازىرچە ماقۇل دەپ تۇرمىساق، ئۇلار بېھىشباغ يېزىسىنىڭ پۈتۈن سۈيىنى تاقىۋالدى. ئەھۋالنى ناھىيىگە ئېيتساق، ناھىيە رەھبەرلىرى دەريا باشقارمىسىدىكى رەھبەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلىڭلار دەپ، ئوتتۇرىغا يەنىلا بىزنى چىقىرىپ قويۇپ تۇرۇۋالدى. دەريا باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى پونكىتلىرىنىڭ پىكرىنى راست دەپ تۇرۇۋېلىپ بارىدۇ. تىرىكشىپ تۇرىۋېرەيلى دېسەك، بىر پۈتۈن يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يېتىدۇ، شۇڭلاشقا ھازىرچە ماقۇل دەپ ئېغىزنى باغلىۋېتەيلى، كېيىن يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ، مەسىلىنى ئالدىرىماي ھەل قىلىپ بېرىمىز.

— ئۇنىڭغۇچە قوتاندۆڭنىڭ يېرى سۇ ئىچمەي شۇنداق تۇرامدۇ؟

— بۇ ئەھۋالنىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئويلاشتۇق،

www.uyghurkitap.com

يېزىدىكى بارلىق ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، لايدان زاكۇدىن قوتاندۇڭگىچە بىر ئېرىق چاپتۇرۇپ بېرىمىز، ھازىرچە شۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچكەچ تۇرۇڭلار.

شۇنداق قىلىپ، چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن ئېغىز مۇستەھكەم كۆمۈۋېتىلدى. بىر ھەپتە ئىچىدە يېزا بويىچە ئەمگەك قوزغاپ ئېرىقمۇ چېپىلدى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ قوتاندۇڭ سۇ غېمىدىن قۇتۇلالمىدى. لايدان زاكۇدىن «يۈز لېتىر سۇ تەقسىماتىڭلا بار» دەپ ئېچىپ بەرگەن ئادەمنىڭ بىلىدەك سۇ، قوتاندۇڭگە ئادەمنىڭ پاچىقىدەك قىلىپ ئون - ئون ئىككى سائەتتە ئاران يېتىپ كېلەتتى. بۇ سۇ بىلەن بىر قېتىملىق سۇ نۆۋىتىدە سۇغىرىشقا تېگىشلىك يەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنىمۇ سۇغارغىلى بولمايتتى. سۇ پونكىتتا قۇرۇق قول بارسا ئاۋاق زەنجاڭنىڭ قاپىقى ئېچىلمايتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئېرىقنى چېپىپ بېرىپلا ئېغىز مەسىلىسىنى تىلغا ئالغىلى پەقەتلا ئۇنىمىدى. ئەمدىلا ئۈنۈپ مايسا بولغان زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر مۇسا شۇجىغا: «ئېغىزنى سىزنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن كۆمگەن، قېنى ئەمدى بىزگە سۇ تېپىپ بەرمەمسەن. زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى، تېززەك بىر ئامالىنى قىلىپ بەر» دېگەندەك قارىشاتتى. بۇنىڭغا مۇسا شۇجى پەقەتلا چىدىمىدى. قوتاندۇڭگە سۇ باشلاپ كېلىش ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى.

بىر كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن قوتاندۇڭنىڭ ئېرىقلىرى سۇغا لىپمۇلىق تولدى. زىرائەتلەر، دەل - دەرەخلەر، مال - ۋارانلار قانغۇچە سۇ ئىچتى. ئەسلىدە ھېلىقى خىلىلا مۇستەھكەم كۆمۈۋېتىلگەن ئېغىز بىر كېچىدىلا «يار ئېلىپ كەتكەننىدى».

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ھېلىقى ئاۋاق زەنجاڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. قوتاندۇڭلۇقلارغا «قانۇنسىز سۇ

ئېچىۋالغانلىقى ۋە دەريانىڭ قىرغىقىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى» ئۈچۈن جەرىمانە قويدى. مۇسا شۇجى بىلەن تىللاشتى، ياقا سىقىشتى ۋە ئاخىردا «خەپ . . .» دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ھەپتە ئۆتكەندە يېزا باشلىقى كېلىپ قوتاندۆڭلۈكلەرگە يىغىن ئاچتى. يىغىندا «مۇسا شۇجى قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قارار قىلىپ، ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقارغانلىقىنى، ئورنىغا رازىق مۇدىرنى تەيىنلىگەن» لىكىنى ئۇقتۇردى. قوتاندۆڭدۆڭلۈكلەر يېزىلىق پارتكومنىڭ قارارىنى قوللاپ چاۋاكمۇ چالمىدى. قارشى چىقىپ پىكىرمۇ بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ رازىق مۇدىر بىر كۈندىلا مۇدىرلىقتىن شۇجىلىققا ئۆستۈرۈلدى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ گەرچە يېزىنىڭ سۈيىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ تەقسىماتىدىكى سۈيىدىن بىر تىيىنمۇ بەرمىدى. رازىق شۇجى بىر قانچە قېتىم باردى. خېلى ئوبدان سوۋغا - سالاملارنىمۇ ئېلىپ بارغان بولدى. لېكىن، جاۋابى بىرلا: «ماڭا سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار، قوتاندۆڭلۈكلەرگە سۇ لازىم بولسا، ئالدىمغا مۇسا دېگەن سۇ ئوغرىسى شۇجىنى ئەۋەتىڭلار، شۇ چاغدا سۈيىڭلارنى بېرىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

قوتاندۆڭلۈكلەر دەسلەپتە بۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن تەلەپتىن رەنجىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كەتسىمۇ ئۇ يەر پايپىسى ئاۋاقنىڭ ئالدىغا مۇسا شۇجىنى ئەۋەتمەيمىز دېيىشتى. لېكىن، قۇرغاقچىلىق، تەشنالىق يامان كەلدى. دەل - دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى سولاشتى. زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىدى. پۈتۈن قوتاندۆڭدىن يال - يۇل تونۇر تەپتى كېلەتتى. تەشنالىققا دەسلەپ ئۇششاق باللار، ئانىلار، كېيىن ئەرلەرمۇ

www.uyghurkitap.com

چىداشمىدى. ئۇلار دەسلەپ مۇسا شۇجىنىڭ كەينىدىن غوتۇلداشتى، كېيىن ئالدىنى توسۇپ تىللاشتى.

— هوي مۇسا، سەن شۇنچىۋالا گەدىيىۋالغۇدەك قانچىلىك ئادەمتىڭ؟

— پۈتۈن قوتاندۇڭلۇكلەر سېنىڭ كاساپىتىڭگە كېتەمدۇق ئەمدى؟

— زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى.

— ئېتىزدىن ئاش چىقمىسا سەن باقالامسەن بىزنى؟

— دەريانى يار قىلىۋەتكەن شۇجى.

— زەنجاڭنىڭ ئالدىغا بىرىپ يىلىنساڭ، تىلىڭ ئۇزۇلۇپ چۈشۈپ قالامتى مۇسا ئوغرى.

— بار، زەنجاڭنىڭ ئالدىغا بىرىپ گۇناھىڭنى تىلە.

— سەندىن خۇش بولىمىز.

— دېھقانچىلىقىڭنى قىلىپ بىرىمىز.

مۇسا شۇجى قوتاندۇڭلۇكلەرگە ھېچنېمە دېمىدى. بىر ئېغىز گەپمۇ ياندۇرمىدى. قاپقىنىمۇ تۈرمىدى. خۇددى گۇناھكارلاردەك يەردىن ئۈستۈن قارىمىدى. يېرىم دەرياسىنىڭ بويىغا بىرىپ دەرياغا بىر كۈن قاراپ ئولتۇردى. تاماقمۇ يېمىدى. سۇمۇ ئىچمىدى. پەقەت ئارقىمۇ - ئارقا تاماكا ئوراپ چەكتى. گۈللۈك تاماكا خالتىسىدىكى لىپمۇلىق تاماكىسىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ بولۇپ قاش قارايغاندا ئۆيگە كىردى. بىر ناننى قېتىقتا چىلاپ، پاك - پاكىز يەۋەتتى. ئىككى ناننى بەلۋېغىغا مەھكەم تۈگدى. تاماكا خالتىسىنى تاماكىغا لىق توشقۇزدى. ئاندىن ئايالىنىڭ، بالىلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي، ئېغىلدىكى ئەمدىلا چىشەشكە باشلىغان تورپاقنى يېتىلىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن قوتاندۇڭنىڭ ئېرىقلىرىغا لىپمۇلىق سۇ كەلدى. سۇنى كۆرۈپ قوتاندۇڭلۇكلەر

كۆتۈلمىگەن ئامەتكە يولۇققاندەك خۇشاللاندى. ئۇنىڭ سۆزلەشتى، چاقچاق قىلىشتى، كەتمەنلىرىنى سۆرەشكىنىچە سۇتۇتۇش ئۈچۈن ئېتىز بېشىغا يۈگۈرۈشتى. قىز ـ يىگىتلەر شوخ، جاراڭلىق ئېتىز ناخشىلىرىنى يەنە توۋلاشتى. باللار يۈگۈرۈشكىنىچە قىيپالاڭاچ بولۇپ ئۆزلىرىنى ئېرىقتىكى سۇغا ئېتىشتى، سەكرەشتى.

بۇ قېتىم سۇ ھېلىقى ئېغىزدىن ئەمەس، بەلكى لايدان زاكۇدىن — يېزا چېپىپ بەرگەن ئېرىقتىن كەلگەنىدى. قوتاندۆڭلۈكلەر سۇنى ئېتىز ـ ئېرىقلارغا كۆندۈرۈشۈپ، بۇ سۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق تۇيۇقسىز ھەم شۇنچىۋالا جىق كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرىشىۋاتقاندا يېزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن — لايدان زاكۇ تەرەپتىن ئۆزى يالغۇز قۇرۇق قول قايتىپ كېلىۋاتقان مۇسا شۇجىنى كۆرۈپ دەرھال پاراڭلىرىنى توختىتىشتى. مەمنۇنىيەت، خىجىللىق، قايىللىق تۇيغۇلىرى بالقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۇسا شۇجىنىڭ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۆپ شۇغۇللانغانلىقتىن ئالدىغا بىر ئاز مۈكچەيگەن لېكىن يەنىلا قامەتلىك كۆرۈنىدىغان بەستىگە ھۆرمەت بىلەن تىكىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن رازىق شۇجىنىڭ سۇ پونكىتىغا قاتىراشلىرى باشلاندى. ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ بىساتىدىن قوي ئېلىپ باردى. لېكىن، سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگى «بۇ قوي كىمنىڭ؟ نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. سوۋغا ئېلىپ بارسا سۇ بەردى، بولمىسا قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى. شەخسىي مۈلكىدىن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بېرىنۋېرىش رازىق شۇجىغا ئېغىر كەلدى. كوللېكتىپنىڭ سوۋغا ـ سالامغا يارىغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. سۇ پونكىتىدىكىلەر ئايدا ئىككى قېتىم دېگۇدەك مېھماندارچىلىققا كېلىپ تۇراتتى. قوي، توخۇ، جەرەن، كېيىك، قىرغاۋۇل، توشقان گۆشلىرىنى يەپ، ھاراق ـ شارابلارنى ئىچىپ تۇراتتى. ساز چالدۇرۇپ، مۇقام

www.uyghurkitap.com

ئېيتقۇزۇپ بەزمە قىلدۇراتتى. مەشرەپ ئۇيناپتىكى. رازىق شوجىمۇ قوي، جەرەن، كېيىك، توخۇ، توشقان، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ سۇ پونكىتىغا بېرىپ تۇراتتى. قۇرۇق قول بارسا قوتاندۇڭنىڭ ئېرىقىمۇ قۇرۇق قالاتتى.

قوتاندۇڭلۇقلار مەسلىھەتلىشىپ، سوۋغا ـ سالامغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى تەڭ چىقىرىدىغان بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋغا ـ سالامغا، مېھماندارچىلىققا كەتكەن چىقىملارنى ھېسابلاپ، ئائىلە بېشىغا چېچىپ تىرىلدۇرىدىغان بولۇشتى. مۇشۇنداق «ئۆلتۈرۈش»، «تىرىلدۈرۈشلەر» سۇ پونكىتىدىكىلەر «مېھمان» بولۇپ كەلگەندە بىر قېتىم، رازىق شوجى سۇ پونكىتىغا بارغاندا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇراتتى. قوتاندۇڭلۇقلار ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇغا قاراپ ھەسرەتلىك تىنىشقىنىچە «بوپتۇ»، «نىمە قوغلۇق» دېيىشەتتى لېكىن بۇنىڭغا قايىل بولمايدىغانلار، قارشى چىققۇچىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار سۇ پونكىتىدىكىلەرنىمۇ، رازىق شوجىنىمۇ تىللايتتى، قاغايتتى.

— قارىنى بىز ھۆددىگە ئالغانمۇ، بۇ ماشىنىسى بار قەلەندەرلەرنىڭ.

— تايىنلىق ھۆددىسىدىن چىقالمىغان خوتۇنلىرى بولسىمۇ ئەكېلىپ بەرسۇن بىزگە.

— ھۇ تىرىكتاپلار.

— مۇشۇ رازىق شوجىمۇ بەك خوشامەتچى بولۇپ كەتتى.

— ھۇ، خوشامەتچى رازىق شوجى.

— سۇ پونكىتىنىڭ ھېلىقى يەر پاپىسى زەنجىگى كەلسە يەلپۈپ، بېلىنى تۇتۇپ قويىدىكەن تېخى.

— ھۇ دەللال رازىق شوجى.

— مېنىڭ ئەمدى ئۇلارغا بېرىدىغان قويام يوق.

— مېنىڭ بېرىدىغان توخام يوق.

— مېنىڭ قېشىمغا تۇخۇم دەپ كەلسۇنچۇ قېنى.

— هۆكۈمەت ئايلىق بەرمەمدىغاندۇ، ئۇ قەلەندەرلەرگە.

— رازىق شۇجى سۇ ـ سۇ دەپ ئاخىر ئىمانىنىمۇ سۇغا تېگىشىۋېتىدىغان بولدى.

— يېرىم دەريانىڭ شەربەتتەك تاتلىق سۇيىنى ئىچمەي، هاراق دېگەن ئېشەك سۇيدۇكىنى ئىچىدىكەن ئۇ قەلەندەرلەر.

— ئاشۇ ئېشەك سۇيدۇكىنىڭمۇ پۇلىنى بىز تۆلەيمىز تېخى.

— رازىق شۇجى ئاشۇ قەلەندەرلەرگە بىر نەرسە يىغىپ بېرىمەن دەپ، ئۆزىمۇ قەلەندەرگە ئوخشاپ قالدى.

— ئۇنداق دېمەڭلار، ئاسانمۇ رازىق شۇجىنىڭمۇ.

— خۇدايىم ئۆزى بىر يولىنى قىلار.

رازىق شۇجى سۇ ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى، مۇسا شۇجىدەك گىدىيىپ تۇرۇۋالمىدى. قاتتىقلىق قىلمىدى، ياقا سىقىشمىدى، سۇ پونكىتىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلدى، يالۋۇردى، ئىتتەك يېلىندى، قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ هاقارىتىگە چىدىدى، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى. قانداقلا قىلسۇن، سۇ باشلاپ كېلىپ قوتاندۇڭنى قۇرۇتۇۋەتمىدى. چۈنكى، ئۇمۇ مۇسا شۇجىغا ۋە باشقا قوتاندۇڭلۇكلەرگە ئوخشاش ئاتا ـ بوۋىسى ياشاپ كەلگەن بۇ ماكانىنى ياخشى كۆرەتتى، سۆيەتتى. قوتاندۇڭگە چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ چىشىنى ـ چىشىغا بېسىپ چىدىدى، قاقشىمىدى، ۋايسىمىدى، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى دەريا بويىغا كېلىپ، دەرياغا تۆكتى، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى، قورساق كۆپۈكلىرىنى دەرياغا دېدى، دەريا بىلەن سىرداشتى، دەريانىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق شارقىراشلىرىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

مانا ئۇ ھازىرمۇ زەنجاڭنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن

ئۆيگە كىرمىدى. كۆمۈۋېتىلگەن ئېغىز بېشىغا كېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈردى. ئۇنىڭ خىيالىنى مەھەللە مەسچىتىدىن ئاڭلانغان مەزىنىنىڭ جاراڭلىق، مۇڭلۇق ئەزىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئەزانغا قۇلاق سېلىپ بىرھازا تۇردى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاندىن تۇغما بولۇپ دەريانىڭ سۈيىدە ئۇزاق يۇيۇندى. مۇزدەك سۇدىن گۇپۇلدىتىپ ئىچتى، سۇ ئۇنىڭ تېنىنى سەگىتتى، چىڭقىلغان نېرۋىلىرىنى بوشاتتى. ۋۇجۇدىغا يەڭگىللىك، ئازادىلىك بەخش ئەتتى «ئىھ ئانا دەريا! سېنى بويۇڭدا تۇرۇپ، شارقىراشلىرىڭنى ئاڭلاپ، قاچانغىچە سېنىڭ سۈيۈڭگە تەشنا بولۇپ ئۆتەرمىز - ھە! ئېيتقىنا، سېنىڭ بىرەر تېمىم سۈيۈڭنى خورلىغان، زايە قىلغان يېرىمىز بارمۇ؟ بىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا سېنى قەدىرلەپ، ئېزىزلەپ كەلگەن ئىدۇققۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن سېنىڭ تامچە سۈيۈڭگە زار بولىمىز؟ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تارتمىغان خورلۇقلارنى تارتىمىز... سەن ئۈچۈن، سېنىڭ سۇلىرىڭ ئۈچۈن غورۇرىمىز پايخان بولۇۋاتىدىغۇ بىزنىڭ ...».

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا ئېغىر غەم - قايغۇغا، سوكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاقاتتى.

* * *

كەچ كۈز.

قوتاندۇڭ تەشنالىقتا قانماي ئالتە ئاي يازنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ياز بويى بىر قېتىم قېنىپ سۇ ئىچمىگەن قوتاندۇڭنىڭ دەل -

دەرەخلىرى بۇرۇنلا يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلاندى. دالا-قىرلاردىكى گۈل - گىياھلارغا، ئوت - چۆپلەرگە بۇرۇنلا ئۈششۈك تەگدى. قوتاندۆڭ گويا يالىڭاچلىنىپ قالغان تەندەك، ئۆزىنىڭ تەبىئىي يېپىنچىلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ تاپتاقىر بولۇپ قالغانىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرمۇ ئاشۇ ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان دەل - دەرەخلەرگە ئوخشاش شۈمشىيىپلا قالدى. ئۇلار بۇ يىل مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا يىللاردىكىگە ئوخشاش بالدۇر ئوۋغا چىقمىدى. ئوۋ ئوۋلاش پېشقەدەم ئوۋچىلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى. تېزرەك ئوۋغا چىقىشقا ياش يىگىتلەر ئالدىرىشاتتى. ئۆتكەن يىللاردا چوڭلارغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىقىپ باققان يىگىتلەر ئوۋنىڭ قىزىقچىلىقى، كۆڭۈللۈكلۈكىنى، ھەر خىل ھايۋان، جان - جانىۋارلارنىڭ رەڭگى، خۇي - پەيلىنى، بۇ يىل تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىنى - ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بېرىشەتتى. چوڭلارنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق بەخىرامان يۈرۈشلىرىدىن تىت - تىت بولۇشاتتى.

— چوڭلار بۇ يىل ئوۋغا چىقىش ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىمۇ يا؟ — دېيىشەتتى تۇنجى ئوۋغا چىقىش تەقەززاسىدا تاقەتتى تاق بولغان يىگىتلەر.

— ياق، ئۇنتۇپ قالمىدى، نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغۇدەك، — دېيىشەتتى، ئىلگىرى ئوۋغا چىقىپ باققان يىگىتلەر.

— ئوۋ ۋاقتى كەلمىدىمۇ يا؟.

— ھەي تاغەي، ئۆتكەن يىلىغۇ بۇ ۋاقىتتا بىرىنچى قېتىملىق ئولجىلارنى مەھەللىگە ئەۋەتىپ بېرىپ بولغان. بەلكىم مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا مېڭىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇلار شۇنداق، دەپ تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىش تەقەززاسىدا تىڭ تىڭلاپ تۇرغان ئىنى - ئاغىنىلىرىنىمۇ ھەم ئۆزلىرىنىمۇ بەزلەيتتى. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە، قۇم دۆڭلىرىنىڭ

ئۆستىگە چىقىۋېلىپ، قاراڭغۇ توغراقتا ئۆزاقتىن ــ ئۆزاق نەزەر تاشلايتتى. بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ ۋاقىت ھېسابلايتتى. قاراڭغۇ توغراقنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئوۋ ــ غەنىيمەتلىرىنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلاتتى. سىرلىق رىۋايەتلەرنى، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان قاراڭغۇ توغراقلىق يىگىتلەرنىڭ كۆز ئالدىدا چەك ــ چېكىگە كۆز يەتكۈسىز، سۈرلۈك ئورمان دېڭىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قارىيىپ تۇرغان سىرلىق قۇچىقى، چەك ــ چېگرىسى ئۇپۇق سىزىقى بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇراتتى. ياشلار قاراڭغۇ توغراقتا چوڭلاردىن يوشۇرۇنچە بىرنەچچە قېتىم باردى. لېكىن، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي قايتىپ چىقىشتى.

بۈگۈن قوتاندۆڭدىكى پېشقەدەم ئوۋچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسا ئاقساقالنىڭ (مۇسا شوجىسى شۇجىلىقتىن قالدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇنى ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇشقانىدى) ئۆيىگە جۇغلاشتى. مۇسا ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، نان ۋە قايماق چاي ئەكەلدى. ئۇ مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئېغىلغا كىرىپ، يوغان ئېرىكتىن بىرنى تۇتۇپ ئاچىقىپ، ھايت ــ ھۇيت دېگۈچىلا سويدى ــ دە، يوغان ــ يوغان پارچىلاپ قازانغا سالدى.

مېھمانلارنىڭ كېلىش سەۋەبى بىرلا — يەنى قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋغا چىقىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوۋغا چىقىشنى خېلىدىن بىرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن مۇسا ئاقساقالنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئوۋ تەييارلىقىنىمۇ قىلماي خىرامان يۈرۈشىگە قاراپ، جىم بولۇپ قېلىشقانىدى.

ئوۋغا بۈگۈن چىقارمىز، ئەتە چىقارمىز بىلەن ئوۋ ۋاقتى يىللاردىكىدىن بىر ئاي كېيىنگە سۈرۈلدى. ئوۋ ئىتلىرى،

قارچىغا ـ بۆركۆتلەر خۇددى ئىگىلىرىگە ئوخشاشلا تىپىرلاپ بىر ئىزىدا تۇرالمىدى. قاپقانلار، مىلتىقلار، ئاتقاق ـ ياچاقلار، خەنجەرلەر سۇرتۇپ، بىلەپ پارقىرىتىۋېتىلدى. لېكىن، مۇسا ئاقساقالدىن شەپە يوق ئىدى. ئاقساقال ئوۋ ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ياكى ئوۋغا چىقىش ئىسىگە كەلمىگەندەك خىرامان يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئوۋچىلار تىت ـ تىت بولۇشاتتى. «بۇنىڭدا بىر سەۋەب بار، ھەئە، چوقۇم بىر سەۋەب بار» دېيىشەتتى ئۇلار.

بۈگۈن ئۇلار كېلىشىۋالغاندەك بىر ـ بىرلەپ مۇسا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە جۇغلاشتى. مۇسا ئاقساقال ئۇلارغا خۇش چىراي ئېچىپ ئالدىغا داستىخان سالغان بولسىمۇ، كېلىش سەۋەبىنى سورىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقايسىسى كۆڭلىدىكىنى ئاۋۋال ئاغزىدىن چىقىرىشقا ئالدىرىمىدى.

مۇسا ئاقساقال ئىرىكنى سويۇپ بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ پەگادىن ئورۇن ئالدى.

— ئاقساقال، — دېدى ياش ئوۋچى يىگىت، ئاقساقال ئەمدىلا جايلىشىپ ئولتۇرۇشىغا بىتاقەتلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — بۇ يىل ئوۋغا چىقمىزمۇ ـ چىقمايمىزمۇ؟

ئاقساقال ياش ئوۋچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي «سىلەرچە قانداق قىلساق بولار؟» دېگەنتى قىلىپ، باشقا ئوۋچىلارغا قارىدى.

— بۇ يىل كۈز بالدۇر كەلدى. ھاۋامۇ كۈندىن ـ كۈنگە قاتتىق سوۋۇپ كېتىپ بارىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى بىر پېشقەدەم ئوۋچى ھاۋانىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە قاتتىق قار يېغىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.

— يىگىتلەر ئوۋغا چىقساق بولاتتى، — دەپ ئالدىرىشىۋاتىدۇ.

— بۇ يىل باللارنىڭ غەيرىتى بەك ئۇستۇن.

— مۇسا ئاقساقال ماقۇل كۆرسە، قاراڭغۇ تۇغراقنىڭ ئۇ چېتىگە بارساق، قۇملۇقتىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىزدەپ باقساق دېيىشىۋاتىدۇ.

— بۇ يىل قوتاندۇڭدە سەپسىنلا جىگىرى بار ئوغۇل باللار قاتارغا قوشۇلغان ئوخشايدۇ. قاراڭغۇ توغراق بىلەن ئۇلارمۇ تونۇشۇپ، ئوۋچىلىقتا كۆزلىرى پىشقاچ تۇرسۇن.

— ئوۋ ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرسىلە ئاقساقال.

— يول باشلىسىلا، ھەممە تەييارلىقىمىز تەق بولدى.

— سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

مۇسا ئاقساقال لام ـ جىم دېمىدى. ئوتتۇرا بارماقتەك تومۇلۇقتا ئورىۋالغان تاماكىسىنى ئىشتىھا بىلەن شورايتتى، تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك زۇۋانسىز ئىدى. ئۆيدە ئولتۇرغان ھەر بىر مېھماننى كۆز ئۆڭىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزەتتى، كالتە ـ كالتە يۆتىلىپ قوياتتى. مۇسا ئاقساقالنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئولتۇرغانلار سۆزلەشتىن بىر ـ بىرلەپ توختىدى. ئاخىرىدا ئۆي ئىچى بىردىنلا تىمتاسلىقتا چۆمدى. ئۆي ئىچىدە چاشقان ماڭسىمۇ شەپىسى ئاڭلىناتتى.

مېھمانلار بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ، مۇسا ئاقساقالنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشاتتى.

مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى ئۆيگە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مۇسا ئاقساقال ياش ئوۋچى يىگىتنىڭ: «قول سۇيىنى مەن ئالاي» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆزى ھەممە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئۇنىڭغىچە ئايالى ئىككى لېگەن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، يومشاق پىشقانلىقتىن سۆڭىكىدىن ئاجراپ، لىغىرلاپ تۇرغان گۆشنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. مېھمانلار ئارتۇق تۇزۇت قىلىشىپ ئولتۇرماي ئۇن ـ تىنسىزلا مەززىلىك، يومشاق پىشۇرۇلغان گۆشنى ئىشتىھا



www.uyghurkitap.com

بىلەن يېيىشتى.

— قېنى ئالىلى تونۇغقانلار، — دېدى مۇسا ئاقساقال مېھمانلارنىڭ داستىخاندىن بىر - بىرلەپ قول يىغىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە مېھمانلارنىڭ «بولدى، رەھمەت، تويدۇق، جىق ئالدۇق» دېيىشلىرىگە قويماي لېگەننى قولىغا ئېلىپ مېھمانلارنى يەنە بىر پارچىدىن گۆش ئالغۇزدى.

مۇسا ئاقساقال قوتاندۇقىگە شۇجى بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا، بۇ يۇرتنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ ۋە ھېيت - ئايەم قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش بىللە ئۇۋچىلىق ئىشلىرىغىمۇ باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

پۈتۈن قوتاندۇقلۇقلەر تەدبىرلىك، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ئاچچىقى يامان، ئەل - جامائەت ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان بۇ ئادەمدىن تەپ تارتاتتى، ئەيمىنەتتى، قەدىرلەيتتى، ھەرقانداق چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە سالاتتى، پىكىرىنى ئالاتتى، كۆرسەتكەن يولى بويىچە ماڭاتتى، بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇ شۇجىلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، قوتاندۇقلۇقلەر ئۇنى ئوخشاشلا ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى، تۈرلۈك ئىشلىرىدا يول، مەسلىھەت سورىدى.

ئۇۋچىلىق ھەممە قوتاندۇقلۇقكە ئوخشاش مۇسا ئاقساقالغىمۇ ئاتا مىراس كەسىپ ئىدى. ئۇ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ دادىسىغا ئەگىشىپ قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋ ئوۋلىغان، قار - بوران، يىلان - چايان، بۆرە - قاۋان قاتارلىق تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەن ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىشقان. بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا قورقماسلىقى، مەرگەنلىكى، چەبدەسلىكى، زېرەكلىكى، تەدبىرلىكلىكى بىلەن ھۆرمەت، يۈز - ئابرۇي تاپقانىدى. پۈتكۈل قوتاندۇق تەۋەسىدە پەقەت مۇسا ئاقساقاللا

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇ توغراقنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇنچىلار قاراڭغۇ توغراقتا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرسۇن، پەقەت مۇسا ئاقساقالغا ئەگەشسىلا ھېچكىم ئېزىپ قالمايتتى. سازلىق پاتقاقلارغا چۆكۈپ كەتمەيتتى. ئوۋ ئولجىلىرىغىمۇ كۆپ ئېرىشەتتى. شۇڭلاشقا، بارلىق ئوۋچىلار ئۇنىڭغا پىر ـ ئۇستازغا چوقۇنغاندەك چوقۇناتتى. مۇسا ئاقساقال ئوۋغا چىقماي تۇرۇپ، مۇسا ئاقساقالنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىم ئوۋغا چىقمايتتى. شۇڭلاشقا، ئوۋچىلار بۇ كۈزدە مۇسا ئاقساقالنىڭ بىر گەپ قىلىشىنى كۈتە ـ كۈتە ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. چۈنكى، زېرىكىشلىك قىش كۈنلىرىنى قوتاندۆڭنىڭ ئەركەكلىرى ئوۋسىز، قاراڭغۇ توغراقسىز ئۆتكۈزمەيتتى. . . شۇنداقلا قوتاندۆڭدە قاراڭغۇ توغراققا ئوۋغا كىرىپ باقمىغان، ئۆز قولى بىلەن كېيىك ئاتمىغان، جەرەن، قىرغاۋۇل، تۈلكە، قاۋان ھەتتا بۆرە ئوۋلاپ باقمىغان بىرمۇ ئەركەك يوق ئىدى. ئۇلار ئوۋسىز ھاياتنى مەزىسىز ھېسابلايتتى. ئوۋغا چىقمىسا ئۇلارنىڭ ئىچى پۇشاتتى، بىئارام بولاتتى. تېرىككەك، جۇدۇن بولۇپ قالاتتى. بۇلارنى مۇسا ئاقساقال ئوبدان چۈشىنەتتى ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بايامدىن بېرى تەمتىسلىقتا قالغاندەك بىئارام بولۇپ، گەپ قىلماي ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئاخىر كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى بۇلارغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— ئوۋغا چىقىش ئىشىغا كەلسەك، — دېدى ئۇ بايام گۆش توغراپ يېگەن قەلەمتىراچىنى بەلبېغى بىلەن سۈرتۈپ تازىلىغاچ، قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان ئوۋچىلارغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭچە بۇ يىل ئوۋغا چىقمىساق بولارمىكىن.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا ئوۋغا چىقمايمىز ئاقساقال؟ — ئالدىراپ سورىدى ياش ئوۋچى يىگىت.

شۇ ھامان ئۇنىڭ بېقىنىدا ئولتۇرغان پېشقەدەم ئوۋچى ئۇنى «ئېغىز غېرىچلىماي جىم ئولتۇر» دېگەندەك قىلىپ جەينەكلەپ قويدى.

مۇسا ئاقساقال ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى ـ دە، تاماكىسىغا ئوت يېقىپ خۇمارلىق ئىككىنى شورىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇ توغراقتا بېرىپ كەلدىم. توغراقلىقنى تولۇق ئارىلىــــدىم. قاراڭغۇ توغراق قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ، — ئۇ ئۆزىگە سوئال نەزەرى بىــلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە شۇنداقلا بىر قارىۋېتىــپ سۆزىنــى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەن يىلقىدەك ئورمانغا كىرىپ بولغۇچە قەدەمدە بىر ئايىغىنىڭ ئاستىدىن «پارتلا» قىلىپ قېچىــپ كېتىدىغان «پاتاق ـ پۇتۇق» قىلىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان توشقان، قىرغاۋۇللار يوق، ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ توپ ـ توپــى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن كېيىك ـ جەرەنلەرمۇ يوق، ئۇلار ئاز قاپتۇ، ناھايىتىمۇ ئاز قاپتۇ. خۇددى غايىب بولۇپ كەتكەندەك، باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتكەندەك ئۇلارنى ئۇچراتماق بەكمۇ تەس.

— ئۇلار نەگە كەتكەندۇ ئاقساقال؟ — سورىدى ياش ئوۋچى يىگىت ھەيران بولۇپ.

— توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت ئەمدى، — دېدى قېرى ئوۋچى ئۇشتەك ساقىلىنى سىلاپ.

— ئۇلار قانداق قىلىپ ئاشۇنداق يوقاپ كەتكەندۇ؟

— ئادەمنىڭ ئەقلى ئۇلاشمايدىغۇ بۇ ئىشقا.

— يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇلارنى يەپ كەتكەنمۇ يا؟

— مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىدىم، — دېدى ئاقساقال يەنە سۆز قىلىــپ، — قاراڭغۇ توغراقتا كۆرگەنلىرىمنى بىرمۇ بىر كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇزاق ئويلىدىم، ئاخىر بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىققاندەك

بولدۇم، ئەسلىدە سەۋەب ئۆزىمىزدە ئىكەن.
— سەۋەب ئۆزىمىزدە؟ يۇچۇنلا گەپ قىلغىنى ئاقساقال، — دېدى قېرى ئۇۋچى گاڭگىرىغان هالدا.
— قىزىقلا بىر گەپ بولدىغۇ بۇ.
هەممەيلەننىڭ كۆزى مۇسا ئاقساقالغا مىختەك تىكىلدى.
— هەئە، سەۋەبى ئۆزىمىزدە، — دېدى مۇسا ئاقساقال گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ياز پەسلىدە ئوۋ ئوۋلىماسلىق قائىدە - يوسۇننى بۇزۇپ، هېلى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجاڭغا، هېلى يېزا باشلىقلىرىغا، هېلى ناهىيە هاكىملىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست بۇرادەرلەرگە، يەنە يېرىم دەرياسىدىن سۇ ئالىدىغان كونا ئىبغىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول مېڭىۋاتقانلارغا دەپ ئالتە ئاي ياز، ئالتە ئاي قىش توختىماي ئوۋ ئوۋلىدۇق. بوغازلىرىنىمۇ ئوۋلىدۇق، ئوغلاقلىرىنىمۇ ئوۋلىدۇق، چوڭىنىمۇ ئوۋلىدۇق، كىچىكىنىمۇ ئوۋلىدۇق. توشقان - قىرغاۋۇللار، كېيىك - جەرەنلەر كۆپىيىدىغان مەزگىلدە كۆپىيەلمىدى. ئۇلارغا پەقەت ئارام بەرمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر سەۋەب، — ئاقساقال شۇنداق دەپ بىر بارمىقىنى پۈكتى - دە، گېپىنى زېهىن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان ئوۋچىلارغا قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇنىڭدىن باشقا قوتاندۆڭنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى كەڭرى قومۇشلۇق - يايلاقنى يېزا يىلدىن - يىلغا بىنام ئېچىپ تېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يېرىم دەريانىڭ قاراڭغۇ توغراقتا كېلىدىغان سۈيى يىلدىن - يىلغا ئازلاپ كەتتى. مەن بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم، قاراڭغۇ توغراق قۇرۇشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ بىر يازدىلا قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى شۈۋەلىك كۆللەرنىڭ سۈيى تارتىلىپ، تېگى كۆرۈنەي دەپ قاپتۇ، هايۋانلار، جان -



www.uyghurkitap.com

جانىۋارلارغا ئىچىدىغان سۇ قالماپتۇ. بۇ ئىككىنچىلى سەۋەب، — ئاقساقال يەنە شۇنداق دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۈكتى، — قاراڭغۇ توغراقتا سۇ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوت - چۆپلەر ئاساسەن قۇرۇپ كېتىپتۇ، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورمانلار قۇرۇپ، قۇم دۆڭلىرى ئورمانغا قاراپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ، قاراڭغۇ توغراقتا تۈزۈك ئوت - چۆپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىك - جەرەنلەر ئاچ قېلىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن. ياكى بۆرە، تۈلكە قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلارغا ئاسانلا يەم بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ ئۈچىنچى سەۋەپ، — ئاقساقال شۇنداق دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۈكتى، — شۇڭا مېنىڭچە بۇ يىل ئوۋغا چىقساق ئاران - ئاران جان ساقلاۋاتقان هايۋانلارنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋېتىشىمىز مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا كېلەر يىلى قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋلىغۇدەك هېچنېمە قالمايدۇ. مېنىڭچە بۇ يىل ئوۋغا چىقمايلى. قېپقالغان جانىۋارلار قىشتىن ساق - سالامەت چىقىپ، ئالدىمىزدىكى بىر ياز كۆپىيىۋالسا، كېلەر يىلى ئاندىن ئوۋغا چىقساقمىكىن دېمەكچىمەن. سىلەرچە قانداق؟.

— سىلى نېمە دېسىلە بىز شۇ ئاقساقال.

ئوۋچىلار گەرچە ئاقساقالنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە تولۇق قايىل بولمىسىمۇ لېكىن ئوۋغا چىقماسلىققا بىردەك قوشۇلدى.

تۈنجى ئوۋغا چىقىش قىزغىنلىقىدا قاراڭغۇ توغراققا تولا قاراپ، كۆزى تېشىلىپ كېتەي دەپ قالغان ياشلار بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇددى توي ئىشى سۇغا چىلاشقاندەك قايناپ سۆزلەپ كېتىشتى، قورساق كۆپۈكلىرىنى بىر - بىرىگە دەپ دادلاشتى. ئاتا - ئانىلىرىدىن، چوڭلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى بىر - بىرىگە دېيىشتى:

— قاراڭغۇ توغراققا يىرتقۇچ هايۋان پەيدا بولۇپتىمىش.

— كېيىك، جەرەنلەرنى يەۋېتىپتىمىش.
— ياق ئۇلارنى يەپ كەتكىنى يىرتقۇچ ھايۋان ئەمەسكەن.
— ئەمىسە سەن دەپ باقە، شۇنچە جىق كېيىك، جەرەنلەرنى نىمە يەۋېتىپتۇ.
— يالماۋۇز.
— ياقەي، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى.
— يېزىنىڭ ئەمەلدارلىرى.
— ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى.
— ئىلاھىم زوۋانى تۇتۇلۇپ ئۆلەر ئۇ تويمىغۇرلار.
— گېلىغا پوقاق چىقار.
— تىلىغا كۆيدۈرگە چىقار.
— چىشى چۈشۈپ كېتەر.
— يېرىم دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇ توغراققا بارمىسا كېيىك، جەرەنلەر كۆپىيەلمەسمىش.
— دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇ توغراققا جىقراق ئېقىپ بارمىغانلىقى ئۈچۈن توشقان، قىرغاۋۇل، كەكلىكلەر ئىچكىلى سۇ تاپالماي ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇمىش.
— قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئېرىقى چېتى قۇرۇشقا باشلاپتۇمىش.
— قوم يۇتۇپ كېتىپتۇمىش.
— قاراڭغۇ توغراققا سۇ كەلسە قوم كەينىگە قېچىپ كېتەرمىش.
— دەرياغا جىقراق سۇ كېلىپ، كېيىك، جەرەنلەر قانغۇدەك سۇ ئىچسە بولاتتى.
— يېزا باشلىقى بىنام ئىچىپ كېۋەز تېرىيمەن دەپ دەريانىڭ سۈيىنى توسۇۋاپتۇ. شۇڭا، دەريانىڭ سۈيى ئاز قاپتۇ.
— ئاشۇ لايدان زاكۇ بىر يار كەتسىغۇ. . دەريادىن جىق سۇ كېلەتتى. ئۇ چاغدا قاراڭغۇ توغراق قېنىپ سۇ ئىچەتتى.

— كېيىك، جەرەنلەرنىڭ توشقان، قىرغاۋۇللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قاناتتى. . . .

دەريا شارقىرايتتى، ئۇنىڭ شارقىرىشىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. ئۇ ئېغىر غەم - قايغۇغا، سوكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى، تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاقاتتى.

* * *

رازىق شوجىغا قوتاندۆڭلۈكلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ بىنام ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىش تولىمۇ ئېغىر كەلدى.

يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ، بېھشباغ يېزىسى بويىچە چاقىرغان «پۈتۈن يېزا بويىچە دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر قىش جاپالىق جەڭ قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىپ، ناھىيە چۈشۈرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن، پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى» غا قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا، يېزا رەھبەرلىرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوتاندۆڭ كەنتىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن كېلەر يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچ ھۆددە - توختامنامىسىگە ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىش ھۆددە توختامنامىسىغا قول قويدى.

يىغىننى تۈگىتىپ قوتاندۆڭگە قايتىپ كېلىۋىدى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىش ئىشىنىڭ ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگەندە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىپ كەلگەن قوتاندۆڭلۈكلەر يىللاردىن بېرى

بىر ئوبدان مال ـ چارۋىلىرىنى بېقىپ كېلىۋاتقان يايلاقلىرىنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتىشكە ھەرگىز ئۇنىمايتتى. ئۇلار دېھقانچىلىقتىن چارۋىچىلىقنى ئەۋزەل كۆرەتتى. رازىق شۇجىمۇ قوتاندۆڭلۈكلەر بىلەن ئوخشاش قاراشتا، ھېسسىياتتا ئىدى. ئۆزىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ئىشنى يۇرتداشلىرىغا دېيىشكە ئۇنىڭ پەقەتلا تىلى بارمىدى. ئۇ بىر كۈن ئويلانغاندىن كېيىن دەرھال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاپتى. يېزا باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، قوتاندۆڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنى يايلاقلارنى بۇزۇشقا، دېھقانچىلىق قىلىشقا زورلىماي چارۋىچىلىقنى قىلىشقا يول قويۇشنى، يايلاقلارنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىشنى، قوتاندۆڭگە پاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە ـ كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەرمەي، چارۋىچىلىقتىن ھۆددە ـ كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بېرىشنى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تەلەپ قىلدى.

— قەتئىي بولمايدۇ، — دېدى يېزا باشلىقى رازىق شۇجىغا سەت گۆلىيىپ، گەپنى چورتلا كېسىپ، — دېھقانلارنى خالىغىنىنى قىلىمەن دېسە، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەك، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ نېمە رولى قالىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ. بىز يېزا باشلىقلىرى ئېشەك باقىمىزمۇ ئۇ چاغدا؟ قوتاندۆڭلۈكلەر خاتىرسىنى جەم قىلىپ، بىنام ئېچىشقا تەييارلىق قىلسۇن، كېلەر يىلى قوتاندۆڭنىڭ پاختا مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى ئورۇندالماي كەملەپ قالسا مەندىن ياخشىلىق كۈتمىسۇن، مەن سىلىنى تۇتىمەن. توختام بويىچە قوتاندۆڭلۈكلەر جەرىمانە تۆلەيدۇ. پاختا ئىشلەپچىقىرىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن بىرخىل سىياسەت خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى. بۇنىڭدىن سىلىمۇ، مەنمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىزمۇ ناھىيە بىلەن، ھاكىملار بىلەن ناھىيە يېزىمىزغا چۈشۈرۈپ بەرگەن كېلەر يىللىق پاختا



www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە - توختامنامىسىگە قول قويۇشتۇق. بىزمۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىيالمىساق جازاغا تارتىلىمىز، جەرىمانە تۆلەيمىز، يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى كەملەپ كەتسە ھاكىملار بىزنى تۇتىدۇ، — يېزا باشلىقى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىۋېلىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدى بىلگەنلا رازىق شۇجى. جەرىمانە، جازا بىزنىڭ بېشىمىزدىمۇ بار. جازالانمايلى، جەرىمانە تۆلىمەيلى دېسەك ھۆددە - توختامنامىدىكى كۆرسەتكۈچنى ئورۇنداش كېرەك. ھازىرقى تېرىلغۇ يەر بىلەن بۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، كەڭ كۆلەمدە بىنام ئېچىش كېرەك. يايلاق بولامدۇ، باغ - ئورمان بولامدۇ ھەممىسىنى ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ ئىشقا سۇسلۇق قىلىشقا، بوشاڭلىق قىلىشقا، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

يېزا باشلىقىنىڭ كەسكىن سۆزلىرى رازىق شۇجىنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. لېكىن، سۇ مەسىلىسى ئېسىگە كېلىۋالدى. تۇيۇقسىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا، سۇ مەسىلىسىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ ئىتتىك دەۋالمىسا بىرسى گەپ قىلغىلى قويمايدىغاندەك تېز - تېز سۆزلەپ، — قوتاندۆڭنىڭ يايلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بىلەن سۇ بولمىسا ئوخشاشلا تېرىغىلى بولمايدۇ. ئېرىقتىكى ھازىرقى سۇ بىلەن، قوتاندۆڭدە ھازىر بار بولغان تېرىلغۇ يەرنىمۇ سۇغارغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئەسلىدىكى كونا ئېغىزنى ئېچىپ سۇ ئالغىلى بولسا ئۇ چاغدا ...

— كونا ئېغىزنىڭ گېپىنى ئەمدى تىلغا ئالمىسىلا، — دېدى يېزا باشلىقى شۇجىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ، — بىز يېزىلىق پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. بۇ يىل قىش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگىكى بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ، قوتاندۆڭنىڭ ئەسلىدىكى ئېرىقىنى كېڭەيتىپ، يېڭىدىن يەنە بىر نەچچە ئېرىق چېپىپ، سۇنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتسەك بولىدۇ، ... يېزا دەرىجىلىك بىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭگە ئۆزگەرتمەكچىمىز. دەريا باشقارمىسى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرى سۆزلىشىپتۇ، دەريا باشقارمىسى ناھىيىمىزنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ـ بىنام ئېچىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى مۇستەھكەملەش پىلانىنى قوللاش، ماسلىشىش يۈزىسىدىن لايدان زاكۇدىكى قوتاندۆڭ ئېرىقىنىڭ ئېغىزىنى كېڭەيتىپ بەرمەكچى ۋە لايدان زاكۇدىن توسۇپ، يىگىرمە دەرياسىنىڭ ئايىغىغا بىر تىمىم سۇ ئۆتكۈزمەي، ھەممە سۇنى قوتاندۆڭ ئۆستىڭىگە ھەيدەپ بەرمەكچى بولدى، — يېزا باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن ھجايدى ۋە شۆجىنىڭ دولىسىغا داھىيلارچە سالاپەت بىلەن يەڭگىل شاپىلاقلاپ قويدى، — ھەممە ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى، گەپ ئەمدى بىزنىڭ قانداق ئىشلىشىمىزدە، كەينىمىزگە قاراشقا بولمايدۇ، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، بوز يەر ئېچىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ئورۇندىساقلا مۇكاپات، شان ـ شەرەپلەر، يەنە تېخى پارلاق ئىستىقبال سىلى ـ بىزگە كەڭرى قۇچاق ئاچىدۇ.

رازىق شۆجى قوتاندۆڭگە يەنە بىشى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ بىر كۈن ئولتۇردى. ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال سۈردى. قوتاندۆڭلۈكلەرگە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىنى قانداق يەتكۈزۈش ھەققىدە باش قاتۇردى. ئاخىر مۇسا ئاقساقال قاتارلىق بىرقانچە پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئەقىل، مەسلىھەت سورىدى. قىسقىسى، بۇ ئىشنى كەنت پارتىيە ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالغان بولدى.

— دەرياني ئاخىر قۇرۇتۇۋېتىدىكەن ـ دە، بۇلار، — دېدى مۇسا ئاقساقال ھەم غەزەپلەنگەن، ھەم ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ئۇلارنىڭ پىلانىنى ناھىيە رەھبەرلىرى قوللىغان بولسا، توسۇۋېلىشقا بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. ئۇلار قىلىمىز دېگەنلا بولسا، بۇ ئەخمىقانە ئىشنى قىلماي قويمايدۇ، — ئۇ رازىق شۇجىغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمىسىلە، بۇ ئىشنى سىلىدىن كۆرگىنلى بولمايدۇ. بىز دېگەن بىقۇۋۇل خەق. توختامغا سىلى قول قويمىسىلىمۇ ئۇلار ئوخشاشلا يايلاقلىرىمىزنى بۇزۇۋېرىدۇ. باغ ـ ئورمانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېرىدۇ. دەريالىرىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇلارنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلانىنى قوتاندۆڭ خەلقىگە يەتكۈزۈش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش سىلىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى، — ئۇ ئەمدى سورۇندىكىلەرگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىز كومپارتىيە ئەزالىرى. پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا راستچىل بولۇش، راست ـ ھەق سۆزلەش ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى. سىلى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە راست گەپ قىلىپ قوتاندۆڭنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى، قىيىنچىلىقىنى يەتكۈزۈپلا، ئەمدى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنىمۇ خەلققە يوشۇرماي ئۆز ئەينى يەتكۈزسىلە، بىزنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنى شۇنداقلا خەلقنىمۇ ئالداش ھوقۇقىمىز يوق.

قوتاندۆڭلۈكلەر رازىق شۇجىنىڭ ئاغزىدىن يېزىنىڭ بىر يەر ئېچىش ھەققىدىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى ئاڭلاش بىلەن، ئۆۋسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرىدەك قايناشقا باشلىدى.

— يايلاقنى ھەرگىز بۇزمايمىز.

www.uyghurkitap.com

— بوز يەر ئاچمىش تېخى.

— مال چارۋىلىرىمىز نەدە ئوتلايدۇ؟

— بىزنىڭ يايلاقلىرىمىزنى بۇزۇپ پاختا تېرىمىسا، يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى ئورۇندالامدىكەن؟

— پاختىنى كىم تېرىسا تېرىسۇن، مەن پاختا تېرىمايمەن.

— بىنام ئېچىش ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قولۇمنى كېسىۋېتىمىنا.

— رازىق شۇجى، سىلى يېزىغا بېرىپ دېسىلە، بىز قوتاندۆڭلۈكلەر بىنامىمۇ ئاچمايمىز، پاختىمۇ تېرىمايمىز. يېزا بىزنى ئارامخۇدا تىرىكچىلىك قىلغىلى قويسۇن.

— ھەرقانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ بىكار رازىق شۇجى، بىز بىنام ئاچمايمىز دېدۇق، ھەرگىز ئاچمايمىز.

— سەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق بولمايدۇ دېگىنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپتىمۇ، بىر ئوبدان سۇ ئېقىۋاتقان ئېغىزىمىزنى ھازىرچە كۆمۈۋېتىڭلار، كېيىن ھەل قىلىپ بېرىمىز دېۋىدى، قېنى قانداق بولدى، ئېغىزنى كۆمدۈرۈۋېتىپلا خۇددى ھاڭگا ئېشەك خۇتىكىگە ئىگە بولمىغاندەك، كارى بولمىدىغۇ؟

— بىنام ئاچىدىغان بولساق، سۇنىڭ دەردىنى يەنە قانچىلىك تارتىمىز تېخى.

— مەن بىر پاقلان بېرەي، يېزا باشلىقىغا ئاپىرىپ بەر بۇ نىيىتىدىن يانسۇن.

— يېزا باشلىقى نىيىتىدىن يانسىلا مەن ئۇنىڭغا يىلىغا ئىككى ئىرىك بېرەي.

يىغىن باشلىنا باشلانمايلا بۇزۇلدى. رازىق شۇجى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزەلمىدى. ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئاخىر ناۋادا يېزا باشلىقى سۈرۈشتە قىلىپ قالسا قوتاندۆڭلۈكلەر گېپىمنى ئاڭلىمىدى

دەپلا قۇتۇلمايمەنمۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كېيىن كۆرەرمەن،
دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، يىغىننى تارقىتىۋېتىپ، ئۆيىگە
كىرىپ، ياستۇقنى قىرلاپ ياتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنىڭ
ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن يېزا باشلىقى
قوتاندۆڭدىكى تىمتاسلىقنى كۆرۈپ، غەزەپتىن ئەرۋاھى قىرىق
گەز ئۆرلىدى. رازىق شۇجىنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي،
كۆرۈشكىلى تەڭلىگەن قولىغىمۇ قول بەرمەي بىرھازا شالىنى
چاچرىتىپ قاينىدى. يېزا باشلىقىنىڭ نىمە ئىشقا
كەلگەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا غەزەپلىنىپ، قايناپ،
رازىق شۇجىنى تەنقىدلەۋاتقانلىقىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتكەن
قوتاندۆڭلۈكلەردىن بىرىمۇ يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشكىلى
سىرتقا چىقمىدى. ئىشىك تۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم تاقاپ،
ئۇششاق بالىلارنىمۇ سىرتقا چىققىلى قويمىدى. ئۇلار قەستەنگە
قولاق يوپۇرۇپ، قۇرتتەك تۈگۈلۈۋالغانىدى. رازىق شۇجىمۇ
قول باغلاپ تۇرغان پېتى، يېزا باشلىقىنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن
تەنقىدىگە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. يېزا باشلىقى راسا سۆزلەپ
پەسكويىغا چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى كۈنى يىغىندا كۆڭلىگە
پۈككۈۋالغىنى بويىچە جاۋاب بەردى.

— يىغىن ئېچىپ، يېزىنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ
روھىنى يەتكۈزدۈم. پاختا تېرىپ ھاللىق سەۋىيىگە تېزرەك
يېتىشنىڭ پايدىسىنى قايتا ـ قايتىلاپ چۈشەندۈردۈم. لېكىن،
ئۇلار گېپىمنى پەقەتلا تىڭشىمىدى. بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىدى.
مەن ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدىم.

يېزا باشلىقى شۇجىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى تىڭشاپمۇ
قويمىدى، بەلكىم يەنە بىرھازا قاينىدى. ئاغزىنى بۇزۇپ
شۇجىنىمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەرنىمۇ تىللىدى. غەزەپتىن چىرايى
قارىداپ، پۈت ـ قوللىرى تىترىدى. يۈز مۇسكۇللىرى

لىپىلدىدى. ئۇ شۇجىنىڭ: «ئۆيگە كىرسىلە، بىر پىيالە چاي ئىچىلى» دەپ شۇنچىۋالا تەكلىپ قىلىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي، پىكاپىقا چىقتى ـ دە:

— ھەقاسىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققۇدەك، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغۇدەك بولۇشۇپ كېتىشىپسەن، خەپ، قېنى كۆرىمىز يا قوتاندۆڭلۈكلەر مېنى باشقۇرىدۇ، يا مەن قوتاندۆڭلۈكلەرنى باشقۇرىمەن دېگىنىچە پىكاپنىڭ ئىشىكىنى جالاقىدە يېپىۋەتتى.

يېزا باشلىقى كېتىشى بىلەن، خۇددى بىرسى ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇۋالغاندەك بولۇپ، دىمى سىقىلغان، سوكۇتكە چۆمگەن قوتاندۆڭ بىردىنلا يەڭگىل نەپەس ئالدى، جانلاندى. ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئەركىن پاراڭلىشىشلار، كۈلكە ـ چاقچاقلار ئاڭلاندى.

ئەپسۇس بۇ كەيپىيات ئۇزاق داۋاملاشمىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە، يېزا باشلىقى قوتاندۆڭدە يەنە پەيدا بولدى. يېزا باشلىقىنىڭ سۈر ھەيۋىتىنى كۆرۈپ، قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ يەنە دىمى سىقىلدى. قاتتىقراق تىنىشقىمۇ، ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، يېزا باشلىقى بۇ قېتىم يالغۇز كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدە پوتكول يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق ئەر ئەمگەك كۈچى ۋە ئون دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قوتاندۆڭنى ھازىرلا تۈپتۈز قىلىۋېتىدىغان سۈر ـ ھەيۋەت بىلەن قاتار سەپ تارتىپ تۇراتتى.

يېزا باشلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق، ئۈنۈملۈك تاماملاش ئۈچۈن ئىشنى بۇ خىزمەتكە قارشى چىققان قوتاندۆڭ كەنتىدىن باشلىماقچى بولۇپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن كەلگەنىدى.

يېزا باشلىقى ئۆيمۇ ئۆي ئادەم ئەۋەتىپ بارلىق قوتاندۆڭلۈكلەرنى مەجبۇرىي يىغدۇردى. قوتاندۆڭلۈكلەر

هودۇققان، چۆچۈگەن هالدا، بىر دەمدىلا يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. يېزا باشلىقى ئېگىزرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، قوتاندۆڭلۈكلەرگە غەزەپ بىلەن بىرنى ئالىيۋېتىپ سۆز باشلىدى.

— جاڭگاللىق دېگەنلەرغۇ هايۋاندىن پەرقى يوق، ئادەم ئەمەس خەق. هەممىڭ قۇلاقلىرىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاش، هەقاسىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. بىنام ئېچىشنى مەشەدىن باشلايمىز، كىمدە كىم بۇ ئىشقا غىدىڭ - پىدىڭ قىلىدىكەن ياكى بىنام ئېچىش ئەمگىكىگە قاتناشمايدىكەن، كۆدە - كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ، بېهىشباغ يېزىسى تەۋەسىدىن چىقىپ كەتسۇن. مەن ئۇنداق ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆي - ۋاقىنى چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن. گەپ شۇ، هەممەڭ ئېشەك هارۋا، كەتمەن - تاغارلىرىڭنى ئاچىقىپ تەق بولۇپ تۇرۇش، — يېزا باشلىقى ئەمدى ئۆزى بىلەن بىللە سەپ تارتىپ كەلگەن دېهقانلارغا قاراپ سۆزلىدى، — هازىر هەرقايسى كەنتلەر بويىچە چام تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا هەرقايسى كەنتلەرنىڭ شۇجىسى، مۇدىرلىرى ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن چاملارنى تاپشۇرۇۋالسۇن، مەن يەنە شۇنى قايتا ئەسكەرتىپ قوياي، هەرقايسى كەنتلەر بويىچە تەقسىم قىلىنغان ئىشنى تەلەپكە لايىق بولۇپتۇ دەپ ئۆتكۈزۈۋالمىغۇچە، هېچكىمنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت يوق. هەرقانداق باهانە - سەۋەبلەر ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ماۋۇ شۇجىلارغا يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ قوياي، ئادەملىرىڭلارغا ئوبدان هېزى بولۇڭلار، بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەهۋاللار كۆرۈلسە، سىلەرمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىلەر.

قوتاندۆڭلۈكلەر ئاق - كۆك گەپ قىلىشمىدى، لەۋلىرىنى مەهكەم چىشلىدى. ئىچىگە پۇش - پۇش تىنىشتى. ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

تاللاش، تەلەپ قويۇش، پىكىر قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلار بۇنى ھېس قىلدى. چۈشەندى. شۇنداق، يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىندىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان بۇ ماكاندىن، ئەجدادلىرىنىڭ مېھنەت ـ تەرى تۆكۈلگەن بۇ ئانا تۇپراقتىن ھەيدىلىدۇ. يۇرت ـ ماكانسىز، سەرسان ـ سەرگانداn بولىدۇ. مەيلى قانداق خورلۇقلارغا، قانداق قىسمەتلەرگە، جەبىر ـ جاپالارغا دۇچار بولسۇن چىداپ تۇرۇپ، بۇ سۆيۈملۈك ئانا ماكاندىن ئايرىلماسلىق، ئۇنى تاشلاپ كەتمەسلىك كېرەك، قوتاندۆك ئۇلارنىڭ يۈرىكى، ئانىسى، ۋەتىنى. بۇ ماكان ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانداق بوستانلىق چاھارى باغلاردىن گۈزەل ۋە مۇقەددەس!

يېزا باشلىقىنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي قوماندانلىق قىلىشى بىلەن پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ بىر قىش سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئاي دالىدا گۈلخان يېقىپ قويۇپ، داق يەردە دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ، قىلغان ئەمگىكى ئاخىر مېۋە بەردى. قوتاندۆك بىلەن بېھىشباغ ئارىلىقىدىكى كۆز يەتكۈسىز كەڭرى قومۇشلۇقتىكى ھەر يوغان دۆڭلۈكلەر يۆتكىلىپ، سازلىقلار تىنىدۇرۇلۇپ، ئەينەكتەك تۈپتۈز قىلىپ تۈزلەندى. قوتاندۆڭنىڭ ئەسلىدىكى ئېرىقى ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى، سولياۋ يېپىپ، سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان يوغان بىر ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىلدى.

دېھقانلار يېڭى ئېچىلغان بىنامىنى سالالاشتۇرۇپ، قىرتىڭەنلىرىنى سوقۇپ، سۇغىرىش ئېرىقلىرىنى چېپىپ، ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ كەتمىنىنى يەرگە قويغان ۋاقتىدا ئالدىنقاچان نورۇز كېلىپ، يەر جاھان ئىسسىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىستاپ قالغانىدى.

يېزا باشلىقى يېڭى ئېچىلغان بىنامدىن يېزا تەۋەسىدىكى ھەممە كەنتلەرگە بىر ئۇلۇشتىن يەر بۆلۈپ بەردى ۋە بۇ بىنام يەرنىڭ مو بېشىدىن چىقىدىغان ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى ئالدىن بېكىتىپ، كەنت شۇجىلىرى بىلەن ھۆددە توختامنامە ئىمزالىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرگىمۇ ئەڭ ئاياغتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تېرىلغۇ يېرىنىڭ پاسىلىدىن بىر ئۇلۇش بىنام تەگكەندى. ئۇلار بۇ يەرلەرنى گەپ ـ سۆزسىز قوبۇل قىلىشتى ۋە ھەرقايسى ئائىلىلىكلەردىكى نوپۇسىغا قاراپ تەقسىم قىلىشتى. ئۇلار يەر تەقسىم قىلىشقاندا باشقا كەنتنىڭ دېھقانلىرىغا ئوخشاش «مەن ئۆيۈمدىن، مەھەللەمدىن بىر كۇنلۈك يىراقلىقتىكى يەرگە كېلىپ يەر تېرىمايمەن، تېرىغۇڭ كەلسە ئۆزۈڭ تېرىۋال» دەپ شۇجىلىرى بىلەن تاكاللاشمىدى. «ماڭا جىق بولۇپ قالدى، ساڭا ئاز تەقسىملىنىپ قالدى» دەپ، ئۆزئارا جېدەل ـ ماجرا قىلىشمىدى. قاش ـ قاپاقلىرىنى يېرىشىپ، يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا دەۋاغا بارمىدى. ئۇلارنىڭ رايى بويىچە بولغاندا بۇ بىنامنى پەقەتلا تېرىغۇسى يوق ئىدى. يېزا باشلىقى شۇنچىۋالا كەڭرى بىنامنى ئاچقۇزۇش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتقان، باش ئاغرىقى تېپىۋالغان بولسا، بۇ بىنامىلارنى دېھقانلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ بولالماي يەنە شۇنچىلىك ئاۋارە بولدى. غەزەپلەندى ۋارقىرىدى. دېھقانلارنى باشتا: «بىنام ئاچمىساڭ بېھىشباغدىن ھەيدىۋېتىمەن، مال ـ مۈلكىڭنى مۇسادىرە قىلىمەن» دەپ قورقىتىپ بىنام ئاچقۇزغان بولسا مانا ئەمدى يەنە: «بۇ بىنامىلارنى تېرىمايدىغان بولساڭ. . .» دەپ دېھقانلارنى قورقىتىۋاتاتتى. بىنامنى تېرىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.

كېۋەز تېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇرۇقلۇق چىگىت، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇتلار تراكتور ـ ئىشەك ھارۋىلىرى بىلەن ئېتىز بېشىغا يەتكۈزۈلۈپ، ھەرقايسى كەنتلەرگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى.

«ئۇرۇقلۇق چىگىت، سۈلياۋ يوپۇق، سىمبىۋى ئوغۇتلارنى مولۇقىغا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە كەنت مەسئۇللىرى ھەرقايسى ئائىلىلەرگە، كېۋەز تېرىدىغان يېرىنىڭ كۆلىمىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ھازىر ئالمايمىز، كۈزدە كېۋەز ساتقاندا، تۆۋەن ئۆسۈمى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى يېزا باشلىقى.

ئەمدىكى گەپ يەرلەرنى ئوسا قىلىپ، ئاغدۇرۇپ، تۈزلەپ، يوپۇق يېپىپ ئۇرۇق سالغۇدەك قىلىپ تەييارلاشتا قالغانىدى. گەرچە سۇ ئىشلىتىشتە، سۇغىرىش نۆۋىتى ئاياغدىن باشقا قاراپ، نۆۋەتلەشتۈرۈلىدىغان، قوتاندۇڭ ئەڭ ئاۋال سۇ نۆۋىتى ئالىدىغان قىلىپ، بەلگىلەنگەن بولسىمۇ لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر قوتاندۇڭگە — بۇ ئاياغ پايناپقا تېخىچە سۇ كەلمەيۋاتاتتى. قوتاندۇڭلۇقلار كۈتتى. ھەپتە ئۆتتى، ئون كۈن ئۆتتى، ئاخىر تاقىتى تاق بولدى. يېڭى ئالغان ئۆستەڭنى ياقىلاپ، لايدان زاكۇغىچە بېرىپ كەلدى، كەلگەندىمۇ بىر تاغار قورساق كۆپۈكى بىلەن قايتىپ كەلدى.

— ئەڭ ئاۋۋال قوتاندۇڭگە سۇ ئىشلىتىش نۆۋىتى بېرىمىز دېگىنى قېنى ئۇلارنىڭ.

— سۇنى باشلامدىكىلەر تۇتقىلى تۇرۇپتىغۇ؟

— باشلامدىكىلەرگە سۇنى كىم بۇيرۇپ بېرىپتۇ؟

— يېزىلىق سۇ پونكىتىدىكى قاسىم مىراب بۇيرۇپ بەردى دەيدۇ.

— ياق، ھېلىقى دەريا باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ئاۋاق زەنجاك بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

— بەنە سۇ كەلمەيدىغان بولسا كېۋەز تېرىش ئىشى پۈتۈنلەي كېچىكىدۇ.

— باشقا كەنتلەر يېرىنى ئاساسەن ئوسا قىلىپ بولغىلى

تۇرۇپتۇ.
— يېرىگە ئۇرۇق سېلىپ بولغانلارمۇ، سالغان ئۇرۇقنى بىخلىنىپ چىققانلارمۇ باركەن.
— يىل ئاخىرىدا ھۆددىنى قانداق ئورۇنلايمىز كىنتاڭ.
— ئۆستەڭنى شۇنچە يوغان چاپقاندىن كېيىن سۇنى جىقراق باشلىسا بولمامدىغاندۇ؟
— قايسى سۇنى باشلايدۇ، دەريادا باشتىنلا سۇ ئاز تۇرسا.
— باشقا يېزىلاردىمۇ كېڭەز تېرىش ئۈچۈن بىنامنى كۆپ ئېچىپتىكەن، شۇڭا دەريانىڭ سۈيى ئاياغقا كەلگەنسىرى ئاز قاپتۇ.
— بالادىكى ئۆستەڭنى چېپىپ قويۇپ، سۇ يوق دەيلى.
— پاختا تېرىيمىز دەپ يايلاقلارنى بۇزۇپ، ئالتە پاتمان بىنام ئېچىپ قويۇپ، ئەمدى سۇ يوق دەيلى.
— كۆرىدىغان تاماشا تېخى ئالدىمىزدا.
— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنىڭ يېزىنىڭ سۇ ئېلىش نۆۋىتى توگەيدىكەن.
— ئۇ چاغدا تېرىغان كېۋەز پىشامدۇ دېسىلە.
— بولماپتۇ بۇ ئىش، دەرھال بىر ئامالىنى قىلايلى.
— ھېلىقى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگىنىڭ قېشىغا بېرىپ باقساق بولاتتى.
— ئۇ يەرگە قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ.
قوتاندۇڭلۇكلەر جىددىيلەشتى، ئالدىراشتى، ئېسىگە كەلگىنىنى دەپ ئەقىل كۆرسىتىشتى.
سۇنى تېزرەك باشلاپ كېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. شۇ كۈنى كەچتە رازىق شۇجىنىڭ ئىككى قوشقار، بىر سېۋەت تۇخۇم بېسىلغان ئات ھارۋىسى دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىغا قاراپ ئاستا يۇرۇپ كەتتى. رازىق شۇجى تىزگىن سىرىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا يەنە قامچا سالاتتى. پونكىتقا — ئاۋاق

زەنجاڭنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئاتقا قامچا سالغاچ دەرياغا ئەپسۇسلىنىش بىلەن كۆز تىكتى. دەريا ئېقىنى قۇپقۇرۇق ئىدى، يېڭى ئېچىلغان بىنالارنى سۇغىرىشقا باشلىغاندىن تارتىپ دەريادا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

هازىر دەريادىن ئىلگىرىكى، شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم – قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. تولغىنىپ – تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

* * *

سۇسىز ياز.

پۈتكۈل قوتاندۆڭدىن يال – يال تونۇر تەپتى كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ لەۋلىرى گەز باغلىغان، دەل – دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، زىرائەتلەر سولاشقان. ئېتىز قىرلار چاك – چاك يېرىلغان، يېرىم دەرياسى قۇرۇپ كەتكەندىن تارتىپ باشلانغان قۇرغاقچىلىق تېخىچىلا داۋاملاشماقتا. رازىق شۇجى دەريا باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ھېلىقى ئاۋاق زەنجاڭغا بىر نەچچە قېتىم پاقلان توشۇپ يۈرۈپ ئاران ئىككى قېتىم سۇ ھەل قىلالىدى. لېكىن، شۇ سۇمۇ قوتاندۆڭنىڭ يەرلىرىگە شۇنداقلا بىر يالتىپ بولغۇچە توختاپ قالدى. بۇ دۇرۇق پاقلان بولۇپ ئۆسكەن كېۋەز مايسىلىرى تۈپ توختاتقاندىن كېيىنكى ئۇلاق سۈيىنى ئىچەلمەي، خوددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان بوۋاقتەك سولۇشۇپ كەتتى. بۇغدايلار قېنىپ سۇ ئىچەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قىردىن ئېشىپ ئۆسەلمىدى. بوۋاقنىڭ چىمچىلاق قولىدەكمۇ

باش تارتالمىدى. مانا ھازىر بوغدايلارنى ئورۇپ، ئورنىغا دەرھال ئوسا قىلىپ قوناق تېرىۋېتىش كېرەك. لېكىن، ئوسا قىلىدىغان سۇ يوق. سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن يەنە ھېلىقى ئاۋاق زەنجاڭنىڭ ئالدىغا سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بېرىش كېرەك.

رازىق شۇجىنىڭ بېشىدا تاغدەك غەم، قوتاندۇڭلۇكلەر ئۇنىڭغا بىر ئامالىنى قىلىپ، تېزرەك سۇ باشلاپ كەل دەپ تەلمۈرۈشمەكتە. يەر، زىرائەت، دەل ـ دەرەخ، مال چارۋا، ئۇچار ـ قانات، جان ـ جانىۋار ۋە ئادەملەر ئوخشاشلا سۇ ـ سۇ دەيدۇ، نالە قىلىدۇ، تەشنالىقتا ئېغىر ـ ئېغىر ھالسىرايدۇ.

رازىق شۇجى چىدىمىدى. ئۆزىنىڭ، قوتاندۇڭنىڭ، قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ تەشنالىقى ئۈچۈن ئېغىلدىكى يوغان نەسىللىك قوشقىرىنى ھارۋىسىغا باستى ـ دە، سۇ پونكىتىغا قاراپ ماڭدى.

— تەقسىماتىڭلار چىقمىدى، تەقسىماتىڭلار بولمىسا، مەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بىر تىيىممۇ سۇ بۇيرۇپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ئاۋاق زەنجاڭ ھارۋىدىكى قوشقارغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، — سىلى جاڭگاللىقلارمۇ قىزىق خەق، سۇ لازىم بولمىسا، كېلىپمۇ قويمايسىلە، شۇنداقلا سۇ لازىم بولسا ھارۋاڭلارغا تاكىراڭ قويىدىن بىرنى بېسىۋېلىپ، يۈگۈرۈپ كېلىسىلەر، بۇ يىل دەريانىڭ سۈيى باشتىنلا ئاز، پۈتۈن ناھىيە بويىچە سۇ جىددىيچىلىكى بەك يامان، باشلىقلار سۇنى چوقۇم تەقسىمات بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە بەك تەكىتلەپ كېتىپ بارىدۇ. قويلىرىنى ئېلىپ كەتسىلە. مەن سىلىنىڭ ئاشۇ چىشقاق پاقلانلىرىنى ئېلىپ قويۇپ پارە ئالدى، سوۋغا ـ سالامغا سۇ تېگەشتى دېگەن ئاتاققا قېلىپ، ساق بېشىمغا ئاغرىق تېپىۋالماي يەنە.

رازىق شۇجى ئارتۇقچە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالمىدى، دەرھال كەينىگە ياندى. ھارۋىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ، پېشىن ۋاقتى

بىلەن قوتاندۇڭگە كەلدى ـ دە، ئېغىلدىكى بۇ يىلى قوشقا قېتىشقا مۆلچەرلەپ قويغان قارا بۇقىنى باغلاپ چىقتى، ئۆزىنىڭ ئات ھارۋىسى سۇ پونكىتى تەرەپكە قاراپ يەنە يۇرۇپ كەتتى. ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلانغان بۇقا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ماكانىغا تارتىنىشتىمۇ ياكى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان قىسمەتنى تۇيۇپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئىتتىك ماڭغىلى ئۇنىماي، كەينىگە تارتىنىپ، تىـــرەجەپ تۇرۇۋالاتتـــى، سوزۇپ ـ سوزۇپ مۆرەيتتى.

بۇقىنى كۆرۈپ ئاۋاق زەنجاڭنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى، چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھىـــجايدى، كۆزىگە چۈشۈۋالغان كەپكىسىنى كەينىگە ـ رەك سۈرۈپ قويدى.

— ئادەمنىزە تار يەردە قىستاپ، مۈشۈنداق تەڭلىكتە قالدۇرۇپ تۇرۇۋالا جۇما، شۇجى، — دېدى زەنجاڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سۇنى بەرمەي دېسەم سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوتاندۇڭلۇكلەرمۇ ئۆزۈمنىڭ قېرىنداشىمدەك خەق. سۇنـــى بۇيرۇپ بېرەي دېسەم، ھازىر يۇقىـــرىدىن كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، خىزمەتتە ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، يېقىنلىرىغا، تونۇش ـ بىلىشلەرگە يان باسماسلىق ھەققىدە ھە دەپ تەكىتلەۋاتىدۇ. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى ھازىر، — ئۇ شۇنداق دەپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بوپتۇ، ئالايىتەن ساقاللىرىنى سۆرەپ كەپلا، قۇرۇق قول كەتمىسىلە. يۇقىرىدىن تەقسىماتى يوق ئورۇنغا سۇ بېرىپسەن دەپ قالسا، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلارمەن.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت زەنجاڭ ھەشقاللا.

رازىق شۇجى زەنجاڭنىڭ: «سۇ بېرىلسە بولىدۇ. خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان دەرھال ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار» دەپ يېزىپ بەرگەن باغاقچىسىنى ئېلىپ، زاكۇ بېشىغا ماڭماقچى

بولدى.

— مۇنداق بىر گەپ، — دېدى زەنجاڭ شۈجىنىي توختىتىۋېلىپ، — ۋىلايەتتىن ئىككى باشلىق كەپتىكەن رەھبەرلەر ماڭا ئوبدانراق بىر سورۇن ھازىرلاڭلار، ئۇلارنى ياخشىراق بىر كۈتۈپ قويىلى دېگەندى. شەھەردىكى نى - نى ئالىي رېستورانلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار. لېكىن، ئۇلار ئۇنداق يەرلەرگە تولا بېرىپ زېرىكىپ كەتكەن خەق بولغاچقا، رېستورانغا باشلاپ يۈرمەي باشقىچىراق بىر سورۇن ھازىرلايلى دېيىشكەندۇق. مېنىڭچە سورۇننى سىلىنىڭ قوتاندۇڭگىلا تۈزەيمىكىن دەيمەن. قانداق دېدىم شۈجى.

— ناھايىتى ئوبدان ئويلاپلا زەنجاڭ، — دېدى شۈجى دەرھاللا جاۋاب بېرىپ، — ئۇنداق بولسا مەن دەرھال بېرىپ تەييارلىق قىلاي.

— بۇ سورۇن سىلىگە ئامانەت قالدى ئەمىسە، — دېدى زەنجاڭ مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — بىرىپلا ئوۋچىلارنى قاراڭغۇ توغراقلىقا ھەيدىسىلە. كېيىك، جەرەن، گۆشىنىڭ گېپىنى قىلسام، ئۇلار بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتىشتى سىلىگە ئېشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلارغا خاتىرجەم بولۇڭلا، داستىخاندىكى بارلىق يېمەكلىكلەر خاس ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى بولىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىدىن بىر چىشلەممۇ يەپ سالمايسىلەر» دەپ ۋەدە بېرىۋەتتىم، ئىچىملىككە كەلسەك، ئۇلار سىلى - بىز ئىچكەن ئادەتتىكى ھاراق، ئىچىملىكلەرنى ئىچمەيدۇ. مەن سىلىگە بىرنەچچە خىل ئىچىملىكنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرەي، شەھەردىن جىقىراق ئاچىقتۇرۇپ قويالا، مۇشۇنداق قىلساق قانداق دەيلا شۈجى.

— شۇنداق قىلىلى، — دېدى شۈجى بوشقىنا، ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇبەك قارىداپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. تاغدەك بىر يۆكنى

www.uyghurkitap.com

يەلكىسىگە ئىلىنىۋالغاندەك قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەيتتى. ئەسلىدىنلا سەل دوكراق كەلگەن بەستى خۇددى ئورغاقتەك ئېگىلىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى.

مۇسا ئاقساقال رازىق شوجىنىڭ قاراڭغۇ توغراققا ئوۋچى ئەۋەتىش پىكرىگە قارشى تۇرۇۋېمۇ كەتمىدى. بەك قىزغىن قوللاپمۇ كەتمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى ـ دە:

— ئۆزلىرى بىلىپ بىر ئىش قىلىسىلا، مەن ئوۋغا چىقمايمەن، ئوۋچىلارغا تاپىلاپ قويسىلا، ئۇلار ئورمانغا بەك ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتمىسۇن، ئېزىپ قالىدۇ. بوغازلىرىنى ئوۋلىمىسۇن، زىيادە جىق ئوۋلاپمۇ كەتمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

ئاۋاق زەنجاڭ مېھمانلارنى باشلاپ كېلىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئوۋچىلارمۇ قاراڭغۇ توغراقتىن قايتىپ چىقىشتى. ئۇلار بىر كېيىك، ئىككى قىرغاۋۇل، ئىككى توشقان ئولجا ئالغانىدى.

كېيىكنى سويۇپلا ئوۋچىلارنىڭ قوللىرى تىترەپ، قولىدىكى پىچاق چۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشتى، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلەشتى.

— بوغازكەن . . . ئىست بوغازكەن ئەمەسمۇ . . . خۇدا، ئۆزۈڭ ئەپۇ قىلغايسەن، — دەپ ئىڭراپ تاشلىدى قېرى ئوۋچى لەۋلىرىنى گەچ ـ گەچ چىشلەپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا.

كېيىك راستىنلا بوغاز ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ئىتتىگە ئەمدىلا تۈك چىقىشقا باشلىغان قوشگىزەك تۆرەلمە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئوۋچىلارنىڭمۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ بىرھازاغىچە كېيىك

گۆشنى بىر تەرەپ قىلىشقا قولى بارمىدى.

رازىق شۇجى بۇ قېتىممۇ دەريانىڭ قىرغىقىدىكى ھېلىقى قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى مەيدانغا كىگىز ـ كۆرپە سالدۇرۇپ داستىخان ھازىرلاتقانىدى. داستىخان بىر دەمدىلا ھەرخىل يەل ـ يېمىش، تۈرلۈك ئىچىملىك ۋە شورپا، كاۋاپ قىلىپ پىشۇرغان كېيىك، توشقان، قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىلەن لىق تولدى. قوتاندۆڭلۈك سازاندىلەر داستىخاندىن ئىككى قەدەم نېرىدا ئولتۇرۇپ، مۇقام توۋلايتتى.

ئىچىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىق — چىشلىرى سۇۋارى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان چارباش، سېمىز ئادەم ئۈكلىگەن كاللىدەك ھېجىيىپلا ئولتۇرىدۇ. ئاۋاق زەنجاڭ بولسا كېچىنىڭ سالقىن غۇر ـ غۇر شامىلى بىلەن بەسلەشكەندەك، سېمىز باشلىقنى ھەدەپ يەلپۈمەكتە ۋە داستىخاندىن خۇددى كىچىك بالىغا يېمەكلىك تاللاپ بەرگەندەك، گۆش تاللاپ بەرمەكتە.

رازىق شۇجى دەريانىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، كونا ئېغىزنىڭ كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى، ۋىلايەتتىن كەلگەن بۇ چوڭ باشلىققا دەپ باقماقچى، دەرياغا، قوتاندۆڭگە، قاراڭغۇ توغراققا سۇ باشلاپ كېلىش ئىشىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئېغىز ئۆمەللىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئاۋاق زەنجاڭ پەقەتلا پۇرسەت بەرمىدى. ئۇ ئالتۇن چىشلىق چوڭ باشلىقنىڭ قۇلىقىغا بىر ئۆزىلا كۇسۇرلايتتى. بىر ئۆزىلا هاراق، ئىچىملىك تۇتاتتى. بىر ئۆزىلا يەلپۈيتتى. قۇم دۆڭنىڭ ئۈستى ئايدىڭدا قىزىرىپ كەتكەنىدى. كىملەردۇر بېقىنىدىكى ئادەمگە كۆڭۈل چۈشەندۈرەتتى. سازاندىلەر بولسا قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا، ئۇسساپ كەتكەنلىكىگە قارىماي بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن نەغمە قىلاتتى. ناخشا توۋلايتتى.

قاراڭغۇ توغراقتىن سوقۇۋاتقان غۇر ـ غۇر سالقىن شامال

تۇيۇقسىز، چاقماق تېزلىكىدە شىددەتلىك قارا بورانغا ئۆزگەردى. بوران شۇنداق دەھشەتلىك چىقتىكى، گويا ئاشۇ ئەلپازى بىلەن مۇشۇ سورۇننى، سورۇندىكى ئادەملەرنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ بىر يەرگە كۆمۈۋېتىدىغاندەك دەھشەتلىك ھۆركىرەيتتى. قۇم توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئادەمنىڭ كۆزىگە، ئاغزىغا تىقاتتى. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا سورۇننىڭ ۋاڭ پارىكى ئۇچۇپ كەتتى. سىمىز باشلىق، ئاۋاق زەنجاڭ قاتارلىقلار ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچتى. ئۇدۇل بېرىپ ماشىنىغا چىقىۋېلىشتى، باشقا مېھمانلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. لېگەن ـ لېگەنلەردىكى كاۋاپلار، گۆشلەر قۇم ـ توپىنىڭ ئارىسىدا قالدى.

— ماشىنىدىن چۈشمىسىلە، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى شۇجى.

— بولدى كېتەيلى، ھازىرلا ماڭايلى بو يەردە تۇرساق تاڭ ئاتقۇچە قۇم ـ توپىغا كۆمۈلۈپ قالمايلى يەنە، — دېدى سىمىز باشلىق قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، پۇش ـ پۇش تىنىپ.

سىمىز باشلىق كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئاۋاق زەنجاڭمۇ باشقا گەپ قىلالمىدى. ئۇمۇ ئەگەشتى، شۇجىنىڭ قونۇپ قېلىڭلار دەپ تۇتۇشلىرىنى كەسكىن رەت قىلدى. شوپۇرلار ماشىنىلىرىنى ئوت ئالدۇرۇپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇشتى، مېھمانلار بىلەن ساھىبخان كۆڭۈلسىز خوشلاشتى.

ئاۋاق زەنجاڭنىڭ پىكاپى ئورنىدىن قوزغىلىپ تۆت ـ بەش مېتىر ماڭمايلا توختىدى. زەنجاڭ كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ توۋلىدى.

— شۇجى، ھوي رازاخۇن شۇجى.

شۇجى يۈگۈرۈپ كەلدى.

— خوش نېمە گەپ باركىن.

— ھېلىقى داستىخاندىكى گۆش ـ كاۋاپلارنى ماۋۇ سومكىغا قاچىلاپ بەرسىلە.

شۈجى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغاندەك بولۇپ، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى.

— داستىخاندىكى گۆش، كاۋاپلار پۈتۈنلەي توپا ـ قۇمغا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ، شۈگا. . .

— توپا ـ قۇمغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ مەيلى، تېز ئادەم بۇيرۇپ سىلا قاچىلاپ بەرسۇن.

زەنجاڭنىڭ كەسكىن بۇيرۇقىنى شۈجى دەرھال بەجا كەلتۈردى. مېھمانلار چىققان پىكاپلار تۈن ـ كېچىدىكى قارا بوراندا بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بوران بارغانسېرى ئەدەپ كەتكەننىدى. ئۇلار بىر نەرسىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى، قۇم ـ توپىلار بىلەن كۆمۈۋەتمەكچى بولغاندەك شىددەت بىلەن سوقاتتى، غەزەپلەنگەندەك، نەرە تارتقاندەك ھۆركىرەيتتى. قۇم ـ توپىلارنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى.

ئەتىسى قوتاندۆڭلۈكلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيران قالدى. قورقىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىرەر شۇملۇقنىڭ، بالا ـ قازانىڭ ئالامىتىنى سەزگەندەك ۋەھىمىگە چۈشتى. قوتاندۆڭ بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم ـ توپىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، زىرائەتلەرنىڭ ئەسلى رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، ھاۋا ـ جاھان ساپسېرىق رەڭگە كىرگەن بولۇپ، ئەللىك قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. قوتاندۆڭ يا كېچىگە، يا كۈندۈزگە ئوخشىماي قالغانىدى.

— بۇ قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇملۇقنىڭ قۇملىرى، كېچىدىن چوڭ كۆلەمدە قۇم كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. قوتاندۆڭدە ياغقان بۇ قۇملاردىن قارىغاندا، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ چېتىدىكى خېلى كۆپ قىسىم ئورمانلارنى كېچىچە

www.uyghurkitap.com

قۇم كۆمۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. بوران مۇشۇنداق چىقىۋېرىدىغان بولسا ھەممىسىنى قاراڭغۇ تۇغراقنى پۈتۈنلەي قۇم يۇتۇپ كېتىدۇ، — دېدى مۇسا ئاقساقال ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

* * *

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن سىرتقا ماڭغان رازىق شوجى ھويلىنىڭ شادلىق دەرۋازىسىنى ئېچىپلا، ئىشىك ئالدىدىكى كۆلچەكنىڭ بويىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە دەپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىدى، ئۇنى سەزگۈلىرى ئالدىمىغانىدى. ئۇ راستىنلا كۆرۈۋاتاتتى، كۆلچەكنىڭ بويىدا بىر ئانا كىيىك سۇنايلىنىپ ياتاتتى. چىرايلىق ئاھۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇراتتى. قېشىدا يىغلا تۇغۇلغان بىر جۈپ كىيىك ئوغلىقى غۇبارسىز قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە، ھېچنېمىدىن غەمسىز بەخىرامان تۇراتتى. رازىق شوجى ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى، كىيىك ئوغلىقى ھېچقانداق خەۋپ ھېس قىلمىدىمۇ ياكى سەزمىدىمۇ، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئادەمدىن پەقەتلا قاچمىدى، ئانا كىيىكمۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى. رازىق شوجى پەم بىلەن كېلىپ ئانا كىيىكنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. كىيىك جىملا

ياتاتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغان بولۇپ، بەدىنى مۇزلاپ قالغانىدى. ئۇ تۇغۇتتا ئۆلۈپ قالغان بولسا كېرەك، تۇغۇت يولىدا تۆرەلمە ھەمرىيىدەك بىر نەرسە يېرىم چىقىپ تۇراتتى.

رازىق شۇجى ئاۋال ئىككى كېيىك ئوغلىقىنى، ئاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان ئانا كېيىكنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەكىردى. ئايالىنى تۇۋلاپ چىقىپ، كېيىك ئوغلىقىغا ئىنەكنى سېغىپ سۈتىنى ئىچكۈزۈشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئانا كېيىكنى سويۇشقا تۇتۇندى. ئۇ كېيىكنى تېزلا سويۇپ بولدى. گۆشىنى ھويلىسىدىكى ئۈزۈم تالىنىڭ تۇۋىگە كۆمدى. سويۇۋالغان كېيىك تېرىسىنىڭ ئۈستىگە تۇز چېچىپ ئاپتاپ چۈشىدىغان يەرگە يېيىپ قويدى.

رازىق شۇجى مۇسا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى ھويلىدا كېيىك ئوغلاقلىرىغا شېشىدە سۈت ئەمدۈرۈۋاتاتتى. ئوغلاقلار شېشىدىكى سۈتنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ، بەس-بەستە ئىمىۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى.

— كەلسىلە رازىقاخۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى رازىق شۇجىغا سالام بېرىپ، ئۇ رازىق شۇجىنىڭ كېيىك ئوغلاقلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چۈشەنچە بەردى، — بىزنىڭ ئا ئادەم ئۇلۇشكۇن كەچ قاراڭغۇ توغراقتىن تېپىپ كەپتۇ، ئانىسى ئۆلۈپ قاپتىكەن دەپ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ كەپتۇ. قېنى ئۆيگە كىرسىلە، — ئايال ئۆيگە قاراپ تۇۋلىدى، — ھوي. . . ھوي ئادەم، رازىقاخۇن شۇجى كەلدى.

مۇسا ئاقساقال ھويلىغا چىقىپ رازىقاخۇن شۇجىنى ئۆيگە باشلىدى.

— ھويلىنىڭ ئالدىدىكى كۆلچەك بويىدىن تېپىۋالدىم دېسىلە، — دېدى مۇسا ئاقساقال، رازىق

شۇجىنىڭ كېيىك ئوغلىقى ھەققىدىكى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سۇت ئەمدىمۇ، ئوغلاقلار خېلى تىمەنمۇ؟

— سۇت ئەمدى، مەن بۇ ياققا ماڭغاندا باللار ئىمتىسىپ قالغان. بۇ نېمە كارامەتتۇ ئەمدى، — دېدى رازىق شۇجى كۆڭلىدىكى گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — قوتاندۇڭدە ئەزەلدىن مۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان ھەم بۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بىز ئىلگىرى ئۆز ئۆۋلاش جەريانىدا ئانىسى ئۆۋلىنىپ قېلىپ، يېتىم قالغان ئوغلاقلارنىلا تۇتۇۋېلىپ ئەكېلىپ باققاندۇق.

— شۇنداق، — دېدى مۇسا ئاقساقال ئەقىل ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئىش، پەمىمچە يېرىم دەريا قۇرۇپ كەتكەندىن بېرى، قاراڭغۇ توغراقتىكى بۇلاق، كۆللەرمۇ، زەي شۆلەرمۇ قۇرۇپ كەتتى. توغراق، يۇلغۇن، شۇنداقلا ئوت - چۆپلەرمۇ قۇرۇپ، قۇم - بوراننىڭ ئاستىدا قالدى. ھازىر بۇ جانىۋارلارغا قاراڭغۇ توغراقتا ئىچكىدەك سۇ، تويۇپ يېگۈدەك ئوت - چۆپ يوق. مەن كېيىك، جەرەنلەرنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ، تىرىكلىگۇ يېرىمىزگە كېلىپ، ئوتلاۋاتقانلىقىنى بىرقانچە قېتىم كۆردۇم. ئەزەلدىن قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشايدىغان بۇ جانىۋارلارنىڭ ئۆز ماكانىنىڭ سىرتىغا چىققانلىقىغا قارىغاندا قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىچكۈدەك سۇ، يېگۈدەك ئوت - چۆپ قالمىغان گەپ، بەلكىم بۇ چاغقىچە قاراڭغۇ توغراقنىڭ خېلى بىر قىسمىنى قۇم كۆمۈپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاپەت يالغۇز بىزنىڭ بېشىمىزغىلا ئەمەس، بۇ جانىۋارلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلگىلى تۇردى رازىقاخۇن.

— بۇ ئىشنىڭ ئامالى بولماسمۇ؟.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئامال؟ بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە ئامال كېلىدۇ دەيلا، دەريانىڭ سۈيىنى ئۇ بالاخورلار پۈتۈنلەي توسۇۋالدى. — مۇسا ئاقساقالنىڭ كۆزلىرى ھەسرەتلىك مۇڭغا تولدى. مىس رەڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ «پاختا - پاختا» دەپلا، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولماي، بىنام يەرلەرنى كۆپ ئېچىۋەتتى. دەريانىڭ سۈيى پۈتۈنلەي ئاشۇ بىنامىغا — پاختىغا ئېقىۋاتىدۇ. ئەزەلدىن بۇ دەريادىن سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇ توغراققا بىر تېمىم بولسىمۇ سۇ ئەۋەتىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر بۇ جانىۋارلارنىمۇ، قاراڭغۇ توغراقنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بىردىنبىر ئامال دەرياغا سۇ باشلاش، قاراڭغۇ توغراققا سۇ باشلاپ كېلىش لېكىن بۇ گەپنى كىم تىڭشايدۇ. قاراڭغۇ توغراققا سۇ باشلاش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ ئىلگىرى قاراڭغۇ توغراقنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر ئۆيلۈك كىشىلەر بولىدىغان، ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ھۆكۈمەت ماڭا ئايلىق بېرىدۇ دېيىشەتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا، ئۇ كىشى پېنسىيىگە چىقتىم دەپ بالا - ۋاقىلىرى بىلەن كۆچۈپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاڭگاللىققا ئادەم كەلگىلى ئۇنىمىدىمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولمىدىمۇ بىرمۇ ئورمان قاراۋۇلى كەلمىدى. ئەگەر ئاشۇنداق ھۆكۈمەت مەخسۇس تەيىنلىگەن ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى بولغان بولسا، قاراڭغۇ توغراقنىڭ گېپىنى قىلىشقا بىر ئاز ئامال تېپىلاتتى. بۇ ئىش مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا قاراڭغۇ توغراقمۇ، بىزنىڭ قوتاندۇڭمۇ، ئاشۇ ئاچقان بىنام يەرلەرمۇ قۇمنىڭ تېگىدە قالىدۇ. ئەل - يۇرتنى قۇم باسىدۇ.

— قانداق قىلساق بولا، دەپ باقسىلا ئاق ساقال، ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولماس، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ بىر چارىسىنى قىلساق بولاتتى.

www.uyghurkitap.com

— نەچچە كۈندىن بېرى كاللامغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇسا ئاقساقال گېزىت قەغىزىگە تاماكا ئورىغاچ، — يۇقىرىغا يۇرتىنىڭ، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن سىلىپ خەت يېزىپ باقايمىكىن دەيمەن. پارتىيە، ھۆكۈمەت دېگەن يالغۇز بېھىشباغ يېزىسىلا ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەز بار. خەتنى بىرنەچچە نۇسخا يېزىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتلەرگە، رەھبەرلەرگە ئەۋەتسەك، بەلكىم ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈپ قالار. ھازىر ئالدىنغان ئازغىنە پايدىدىن كېيىن تارتىدىغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالار، يېزا باشلىقىنى «پاختا - پاختا» دەپلا قارىغۇلارچە قالايمىقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىشتىن توسۇپ قالغىلى، دەرياغا سۇ ئېچىپ، قاراڭغۇ توغراققا سۇ باشلاپ كەلگىلى بولار دەپ ئويلايمەن.

— ئوبدان ئويلاپلا، شۇنداق قىلىلى، — دېدى رازىق شۇجى، — خەتنى سىلى يېزىپ پۈتتۈرسىلە، خەتنىڭ ئايىغىغا مەنمۇ ئىمزا قوياي.

— يۇقىرىغا خەت يازىدىغان ئىشنىڭ، ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشىدىن، يامانلىق ئېلىپ كېلىشى تولا، بۇ ئەزەلدىن شۇنداق. يۇقىرى خەتنى كۆرۈپ بىر بولسا مەخسۇس ئۆزى قول تىقىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، بىر بولسا ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇنغا تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئورۇنمۇ ئۆزىدىن يەنە بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇنغا تەكشۈرۈپ بېقىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ، يازغان خېتىمىز ئاخىر ناھىيە، يېزا باشلىقلىرىنىڭ قولىغا كېلىپ توختايدۇ. تەلىيىمىز بولسا ئىش ئوڭغا تارتىپمۇ قالىدۇ. تەلىيىمىز بولمىسا خەت يازغانلىقىمىز ئۈچۈن بېشىمىزغا بالا - قازا ياغىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى سىلى - بىز جىق كۆرگەن. شۇڭا،

خەتكە ھېچكىمنى چېتىۋالماي ئۆزۈملا ئىمزا قويۇپ ئەۋەتەي دەپ ئويلىغانتىم؛ سىلىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، سىلى بولسىلا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر كەنتنىڭ بېشى. شۇڭا، بۇ ئىشتا سىلى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغانلىرى ياخشى. ۋاقتى كەلگەن چاغدا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا بىر ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ قويسىلا بولىدۇ.

رازىق شۇجى تالىشىپ ئولتۇرمايلا ئاقساقالنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى.

— مەن ئۆيگە قايتاي، — دېدى رازىق شۇجى ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بىر دەم ئولتۇرسىلا، باللار قازان ئاسسۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقال.

— رەھمەت، يەنە باشقا ئىشىم بار ئىدى، — دېدى رازىق شۇجى ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ.

— ھېلىقى كېيىك ئوغلاقلىرىنى قانداق قىلاي دەۋاتىدىلا، — دەپ سورىدى مۇسا ئاقساقال.

— ھە، راست، تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇلۇپ قالغىلى، — دېدى رازىق شۇجى گەدىنىنى قاشلاپ، — مەن ئەسلى مۇشۇ ئىش توپەيلى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن. سىلىچە قانداق قىلساق بولار؟

— ئوغلاقلارنى ھازىرچە كالا سۈتى بىلەن بېقىپ تۇرايلى، ئۇلار بىرئاز چوڭ بولۇپ ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالالىغۇدەك بولغاندا قارانغۇ توغراقلىقا قويۇۋېتەيلى، مۇسا ئاقساقال، رازىق شۇجى باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلى بىرنەچچە يىلەننى تەشكىللەپ، كېيۈزلىك، قوناغلىقلارنى ئىزدەشتۈرۈپ باقسىلا، بەلكىم

ئوغلاقلىرى يەنە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن، هازىر بوغاز كېيىك ـ جەرەنلەرنىڭ تۆللەيدىغان مەزگىلى. مەن بىرنەچچە ئوۋچىلارنى باشلاپ قاراڭغۇ توغراقنى بىر ئارىلاپ چىققاي، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوغلاقلارنى ئىزدىگەچ قاراڭغۇ توغراقنىڭ زادى قانچىلىك يېرىنى قوم باستى، قانچىلىك يېرى قۇرۇپ كەتتى تەپسىلىي كۆرۈپ كېلەي. يەنە بىر گەپ ئاممىنى تەشكىللەپ قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئەتراپىغا يوغانراق كۆلدىن بىر نەچچىنى چېپىپ سۇ تولدۇرۇپ قويايلىمىكىن دەيمەن. ئاقساقالنىڭ مەقسىتىنى تېزلا چۈشەنگەن رازىق شۇجى دەرھال بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بەردى.

قوتاندۇڭدە بۇ يىل كۈز بالدۇرلا كەلدى. 10 ـ ئاي ئاخىرلىشىپ بولغۇچە هاۋا سوۋۇپ، قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ، ئۈششۈك مېڭىپ كەتتى. كىشىلەر قىشلىق كىيىملىرىنى يىللاردىكىدىن بۇرۇنلا كىيىشىۋالدى. قوتاندۇڭلۇكلەرنى قوناق ئورۇش، بۇغداي تېرىش، كېۋەز تېرىپ سېتىش . . . قاتارلىق بىر تالاي ئىشلار ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ هازىر بېشىنى ئەڭ قاتۇردىغىنى يەنىلا پاختىنىڭ ئىشى ئىدى. ئۇلار يازدىن بۇيان ۋاقتىدا سۇ قويۇپ، پەرۋىش قىلالمىغانلىقتىن كېۋەز مايسىلىرى تولۇق ئەي بولمىدى، تولۇق ئاينىيالمىدى هەم غوزىسىمۇ ئانچە كۆپ چۈشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇق ۋە قاتتىق ئىسسىقتا ئاران تۇرغان كېۋەز مايسىلىرىغا بىردىنلا كېسەل تېگىپ ۋە كېپىنەك قۇرتى چۈشۈپ بىر قىسىم كېۋەز مايسىلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى ۋە چېچەك، غوزىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تۆكۈۋەتتى. نەتىجىدە قوتاندۇڭلۇكلەر كېۋەز تېرىپ ـ سېتىپ هاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەتىيازدىن بېزا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن تارقىتىپ بەرگەن ئۇرۇقلۇق، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ پۇلىنىمۇ ئېتىزدىن چىققان پاختىنىڭ پۇلىدىن تىرىلدۇرەلمەي، گەدىنىدە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلار ئىشىكى
كىتاب تورى

ئىشىپ قالغان قەرزىنى قوتاندىكى مال ـ چارۋىلىرىنى سېتىپ تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىل بېشىدا يېزا چۇشۇرۇپ بەرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچى ئورۇندىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەھسۇلات خېلىلا كەملەپ كەتتى. توختام بويىچە ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى پاختا مەھسۇلاتىنىڭ كەملىگەن قىسمى بويىچە يېزىغا جەرىمانە تۆلىشى كېرەك. ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك بولىدىغان بۇ ئىشمۇ قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ئالدىدا قورقۇنچلۇق ياۋۇز بىر مەخلۇقتەك توغرا تۇراتتى.

رازىق شۇجى ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ، دېھقانلارغا، ئۆيدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېپقالغان پاختا بولسا، دەرھال يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ بېرىپ كېلىشنى سۆيلەيتتى.

— يوق، ئۆيدە بىر جىڭمۇ پاختا ئېلىپ قالمىدۇق، ھەممىنى ئاپىرىپ سېتىپ بەردۇق، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئائىلە باشلىقلىرى.

— غوزىچۇ، غوزا، غوزىلارنىمۇ بىرنى قويماي ئۈزۈپ كېلىپ پاك ـ پاكىز تېشىپ سېتىپ بېرىڭلار، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاشۇنداق، شەخسىي ئىشلىتىمەن دەپ ئۆيدە بىرجىڭمۇ پاختا ئېلىپ قېلىشقا بولمايدۇ، پاختىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش كېرەك.

رازىق شۇجىنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل قوتاندۆڭ تەۋەسىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئوخشاش رىتىمدا ئاڭلىناتتى، دېھقانلارمۇ رودىپاي جەرىمانىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن پىشماي ئۇششۇپ كەتكەن غوزىلارنىمۇ بىرنى قويماي ئۈزۈپ كېلىپ، پاكىز تېشىپ، پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ بېرىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى ئورۇندالمىدى «ئېتىزدىن چىققىنىنى ئېپقالماي

www.uyghurkitap.com

ئاپىرىپ سېتىپ بەردۇق، ئەمدى ھېچقانداق ئامالىمىز قالمىدى. بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز» دېيىشتى ئۇلار.

بىر كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىر قانچە يېزا كادىرىنى باشلاپ يېزىنىڭ پىكاپى بىلەن قوتاندۆڭگە يېتىپ كەلدى. رازىق شۇجى قاتارلىق بىر قانچە كەنت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرگە، دېھقانلارنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن بىردىن يېزا دەرىجىلىك رەھبەرنى مەسئۇل قىلغانىدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى دەل قوتاندۆڭ كەنتىگە مەسئۇل بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ قوتاندۆڭ كەنتىنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى ھۆددە كۆرسەتكۈچىنىڭ ئورۇندالغان ـ ئورۇندالمىغانلىقىنى، جازا ـ جەرىمانىنىڭ نەقلەشكەن، نەقلەشمىگەنلىكىنى دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرمەي ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويغان پاختىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرگىلى كەلگەنىدى.

— ھە، كۆزىمىزنىڭ چاپىقىنى، بۇرنىمىزنىڭ قەقچىنى كولاپ يۈرگەن ئوخشىمايمىزمۇ رازىق شۇجى، — دېدى ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى رازىق شۇجى قاتارلىق كەنت شۇجىلىرىغا بىھۆرمەتلىك بىلەن گىدىيىپ قاراپ.

— ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولىيورۇقىنى ئورۇنداپ تۇردۇق شاڭجاڭ، — دېدى رازىق شۇجى ياسالما خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— دېھقانلار پاختىنى تولۇق يىغىپ بولدىمۇ؟

— يىغىپ بولدى شاڭجاڭ.

— غوزىسىنىچۇ؟

— ئېتىزدا بىرتال غوزا قالمىدى شاڭجاڭ.

— سېتىپ بەرمەي ئۆيدە تىقىپ قويغان پاختا يوقتۇ؟
— يوق، ھەممىنى سېتىپ بەردى شاڭجاڭ.
— قېنى كۆرەرمىز، قالغىنى تەكشۈرگەندە مەلۇم بولىدۇ، — دېدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى كالپۇكىغا بىر تال تاماكا قىستۇرۇپ تۇرۇپ.
رازىق شۇجى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى، ئاغزىنىڭ بېزەپلىكىنى، سورىغان ھەربىر سوئالىغا «يېزا باشلىقى» دېگەن ئاتالغۇنى قوشۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەرسە، ئىسمىنى قىچقارماي «يېزا باشلىقى» دەپ قىچقارسا خۇش بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ سورالغان ھەربىر سوئالغا «يېزا باشلىقى» نى قوشۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى ئۆچكە يېغىدەك ئاسانلا ئېرىتىۋەتتىمۇ قانداق، مۇزدەك ئەلپازى خېلىلا يۇمشىدى، تۇرۇكلۇك قاپىقى سەل ئېچىلدى.
— قاراپ تۇرماي يول باشلىسىلا، ھەر قايسى ئائىلىلەرنى بىر - بىردىن تەكشۈرىمىز.
— نېمىشقا تەكشۈرىمىز يېزا باشلىقى؟ — سورىدى رازىق شۇجى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي.
— دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە، سېتىپ بەرمەي تىقىپ قويغان پاختا بارمۇ، يوق، پاختىنى سېتىپ بەرمەي يوتقان - كۆرپە ئېتىۋالدىمۇ، يوق، مۇشۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرىمىز.
— بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرمىسەك قانداق بولار يېزا باشلىقى، — دېدى رازىق شۇجى دەل دېلىغۇل بولۇپ، — مەن ھۆددە قىلالايمەن. دېھقانلار ئېتىزدىن چىققان پاختىنى بىر جىڭمۇ ئېپقالماي ھەم ئىشلىتىۋالماي ھەممىسىنى پاختا پونكىتىغا سېتىپ بەردى، غوزا كېپۈنزىنىمۇ. . .
— تولا كالتە ساقاللىق قىلماي مەن بويرۇغاننى قىلسىلا، نېمە ئادەمنىڭ ساقىلىنى تاراپ، — دېدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى

چىرايىنى سەل تۇرۇپ، — سىلىنىڭ لامزەللىكلىرىدىن مەن مۇشۇ قاغىشتەككۇر جاڭگالغا ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك كېلىۋاتىمەن. سىلى لامزەللىك قىلمىغان بولسىلا قوتاندۆڭ كەنتى پاختا سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشتا يېزا بويىچە ئارقىدا قالمىغان بولاتتى. باشقا كەنتلەر قوشنا يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ پاختىلىرىنى يوشۇرۇنچە سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بىر ئاماللار بىلەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. ھەقاسىڭلار ئۇنداق قىلىش تۇگۇل بەخىرامان يۇرسىلە، جەرىمانە — جازانى نەقلەشتۇرگەندە ۋايجان دېمىسەڭلار بولدىغۇ، يەنە تېخى ياۋاش تۇرماي . . .

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە، رازىق شۇجىغا قوشنا يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ پاختىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا قوتاندۆڭنىڭ پاختىسى ھېسابىدا سېتىپ بېرىپ، قوتاندۆڭنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىنىڭ كەملىگەن قىسمىنى تولۇقلاش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەنىدى.

رازىق شۇجى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىغا ماقۇل دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى، قوشنا يېزىدىكى دېھقانلاردىن پاختىنى قىممەت باھادا سېتىۋالغان بىلەن ئۇ پاختىنى يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى، ئاشۇ سېتىۋالغان باھانىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىكمۇ باھادا سېتىۋالمايتتى. بۇنداق يول بىلەن پاختا سېتىپ بېرىپ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنداپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن بىلەن دېھقانلارغا زىيادە كۆپ زىيان بولۇپ كېتەتتى. رازىق شۇجى مۇشۇلارنى ئويلاپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇندىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ رازىق شۇجىغا، قوتاندۆڭگە خوپلا ئاچچىقى بار ئىدى. رازىق شۇجى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ قورسىقىدىكى غۇمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانچە



www.uyghurkitap.com

ئاچچىقلاپ، گەپتە چىقىشۋالسىمۇ ئاق ـ كۆك دەپ گەپ قىلمىدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى باشلاپ كەلگەن يېزا كادىرلىرى رازىق شۇجى قاتارلىق كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر باشتىن ئاختۇرۇشقا باشلىدى. دېھقانلار قاپقىدىن قار ـ مۇز ياغدۇرۇپ، كۆزلىرىنى ھازىرلا ئادەم يەيدىغاندەك چەكچەيتىپ تۇرغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ھەم خىجىلچىلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ يەردىن ئۇستۇن قارىماي قورۇنۇپ، تۇگۇلۇپ تۇرغان رازىق شۇجى ۋە باشقا كەنت كادىرلىرىغا شۇنداقلا بىر قاراپ، ئاق ـ كۆك دەپ گەپ قىلمايلا، ئۇلارنىڭ ئۆي ئاختۇرۇشىغا يول قويدى.

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى باشلاپ كەلگەن كادىرلار ئۆي، قازناق، ئېغىل، كات ساندۇقلارنى ئالا قويماي ئاختۇردى. يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سۆكۈپ تاشلىدى. ياستۇقلارنى چۇۋۇدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى بۇ ئۆيدە ھازىرلا قاتتىق بىر مەيدان جەڭگى ـ جېدەل بولغاندەك قالايمىقانلىشىپ، ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى.

— يېزا باشلىقى قارىسىلا، مايەردە يوشۇرۇپ قويغان پاختا بار ئىكەن. مانا ماۋۇ يوتقاننىڭ ئىچىدىن چىقتى، — دېدى يوتقان سۆكۈۋاتقان بىر كادىر ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ.

— ۋاي بالام، ئۇ يېڭى پاختا ئەمەس، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال دەرھاللا يوتقانغا ئېسىلىپ، — بۇ ئۆتكەن يىل تىككەن يوتقان.

— ئەمىسە پاختا يېڭى تۇرىدىغۇ؟

— ئۆتكەن يىل مېھمان ئۈچۈن دەپ تىككەنىدىم. مېھمان كەلسە يېپىپ قويدۇم، باشقا ۋاقىتتا يېپىنمىدۇق. شۇڭا، تورى شۇنداق ئاپئاق تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— قۇرۇق گەپ! — دەپ ۋارقىرىدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ، — يوتقاننى تېشىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، تورىنى ئېلىپ مېڭىڭلار.

ئۇلار ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە، يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمىدى. كەچ كىرگۈچە پۈتكۈل قوتاندۇڭنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئون نەچچە يوتقان - كۆرپە تورىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداقتىمۇ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بۈگۈنكى خىزمىتىدىن ئانچە رازى بولمىدى. بالىلاردەك خۇيلىنىپ قالدى. رازىق شۇجىنىڭ تاماق تەييار بولدى، تاماق يەپ ماڭسىلا دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىدى.

— ماۋۇ خەققە دەپ قويسىلا، كېلەر ھەپتىگىچە قويىنى ساتامدۇ، كالىسىنى ساتامدۇ، پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بولسا، شۇنى سېتىپ، پاختا ھۆددە كۆرسەتكۈچىنىڭ كەملەتكەن قىسمىنىڭ جەرىمانىسىغا پۇل تەييارلاپ قويسۇن. كېلەر ھەپتە جازا - مۇكاپاتنى نەقلەشتۈرىمىز. جازا - جەرىمانىگە بويۇنتاۋلىق قىلىپ، غىدىك - پىدىك قىلسا مەندىن خاپا بولۇشمىسۇن. ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بولسا، شۇنى جەرىمانە ھېسابلايمەن. ئەمىسە بۇ گەپنى سىلىگە ئالدىن دەپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە خەۋىرىمىز يوقكەن، بىلمەي قاپتىمىز دەپ تۇرۇۋالسا مەن سىلى بىلەن ھېسابلىشىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، رازىق شۇجىغا خوشمۇ دېمەي پىكاپقا چىقىپ كېتىپ قالدى.

ھەئە، ماشىنىمۇ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمۇ، ئۇنىڭغا بىللە ئەگىشىپ كەلگەن يېزا كادىرلىرىمۇ كەتتى. غەزەپ - نەپرىتىنى قانداق ئىپادىلەشكە، قورساق كۆپۈكىنى كىمدىن چىقىرىشقا ئامالسىز قالغان قوتاندۇڭلۇقلار، ئاختۇرۇپ قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئۆيلىرىگە، سۆكۈپ تاشلىۋەتكەن يوتقان - كۆرپىلەرگە، چۇۋۇپ توزغاق - سامانلىرىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن

ياستۇقلىرىغا قاراپ يا يىغلىشىنى، يا كۇلۇشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

قوتاندۇڭ غەزەپ ئىچىدە ئەلەملىك پۇشۇلدايتتى. ھەسرەتلىك ئاھ ئۇراتتى.

دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى ئەركىن، شوخ ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سوكۇتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

* * *

بۇ يىل قىشتا قوتاندۇڭلۇكلەر يەنە ئوۋغا چىقمىدى. مۇسا ئاقساقال بىلەن رازىق شۇجى بىقىپ چوڭ قىلغان بەش تۇياق كىيىك ئوغلىقىنى قاراڭغۇ تۇنىراقتا قويۇۋەتتى.

— بۇ يىلچە يەنە تۇرۇپ ـ تۇرايلى. جانۋارلار بەكرەك كۆپىيىۋالسۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقال ئوۋغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقانلارنى توسۇپ.

يىل ئۆرۈلۈشكە ھەپتە قالغان كۈنلەر ئىدى. سوغۇق ھاۋا بىردىنلا كۈچىيىۋالغان بولۇپ، ۋىشىلداپ چىقىۋاتقان قىش شامىلى ئادەمنىڭ ئىڭەك، قۇلاق، پۇت ـ قوللىرىغا خۇددى زەھەرلىك يىڭنىدەك سانجىلاتتى. قوتاندۇڭلۇكلەر سوغۇقتىن قورقۇپمۇ ياكى بۇ زېرىكىشلىك قىش كۈنلىرىنى ئوچاق ئالدىدا ئوت ئىسسىنىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىشىۋالغانىدى. مەھەللە يولىدا چوڭ ئادەملەرمۇ، كەپسىز باللارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بېھىشباغ تەرەپتىن كەلگەن بىر پىكاپ كەينىدىن قويۇق، توپا ـ چاڭلارنى توزۇتقىنىچە قوتاندۇڭگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل رازىق شۇجىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، سوزۇپ ـ سوزۇپ ئۈچ قېتىم سىگنال بەردى. ھايال ئۆتمەيلا ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ رازىق شۇجى چىقىپ كەلدى. پىكاپتا يېزا باشلىقى بار ئىدى. ئۇ رازىق شۇجىنى كۆرۈپ پىكاپتىن چۈشتى، مېھمان قىش ھاۋاسىدەك سوغۇق، ساھىبخان تومۇز ئاپتىپىدەك قىزغىن كۆرۈشتى. تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى.

— كەنتتىكىلەرنى دەرھال يىغىسىلا، جىددىي يىغىن بار.

— ئەر خەقلا كىلەمدۇ ياكى؟...

— ھەممىسى، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممىسى كەلسۇن.

بىر سائەتكە قالماي قوتاندۇڭلۇقلەرنىڭ ھەممىسى كەنت كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا جۇغلاشتى.

— ھەممىسى كېلىپ بولدىمۇ؟ — سورىدى يېزا باشلىقى.

— تولۇق كېلىپ بولدى، — جاۋاب بەردى رازىق شۇجى.

— يولداشلار، دىققەت قىلايلى. ھازىر يىغىنىمىزنى باشلايمىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئاممىغا يۈزلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ يىل يېزىمىز پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى يېزىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ناھىيە ـ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يېزىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا تۈزگەن تەدبىرلىرىنى، پىلانلىرىنى، تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. يېزىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. تەقدىرلىدى. شۇنداقلا يېزىمىزنى ناھىيىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ئالىي شان ـ شەرەپ يېزىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق دېھقان قېرىنداشلارغا، مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا مەنسۇپ، — يېزا باشلىقى سۆزىنى توختىتىپ، ئۆزى باشلاپ چاۋاك چالدى. بۇ

چاۋاكقا رازىق شۈجى ۋە كەنت كادىرلىرى ئەگەشتى. ئامما ئارىسىدىنمۇ ئۇ يەر - بۇ يەردىن پاق - پۇق قىلىپ چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. يېزا باشلىقى سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — گەرچە بۇ يىل قوتاندۆڭ كەنتىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى خېلىلا كەملىگەن بولسىمۇ لېكىن نەتىجە يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. زور كۆپچىلىك يولداشلار، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، بىر ياز جاپالىق ئىشلىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. لېكىن، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، يېزا ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەردىن قەستەن قۇسۇر چىقىرىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەرز - شىكايەت سۇنغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار يۇقىرىغا يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئۈستىدىن بىنام ئېچىپ يايلاقلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن باغ - ئورمانلىرىمىزنى قومۇرۇۋەتتى. دەرياني قۇرۇتۇۋەتتى. قاراڭغۇ توغراقنى قومغا باستۇرۇۋەتتى. قاراڭغۇ توغراقتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلۈم گىردابىغا، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. ھەلەلەي - شەلەلەي دەپ ئەرز قىلىپتۇ. ھەتتا قوتاندۆڭنى قۇم بېسىپ كەتتى دەپ يالغان سۆزلەپ، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە بۆھتان چاپلاپتۇ. يولداشلار دەپ بېقىڭلار قېنى؟ قوتاندۆڭنىڭ قانداق يېرى قۇم ئاستىدا قالدى؟ قوتاندۆڭ قوتاندۆڭ پېتىچە، قاراڭغۇ توغراقمۇ قاراڭغۇ توغراق پېتىچە تۇرامدۇ ئەنە. يايلاقلارنى بۇزۇپ بىنام ئاچقىنىمىز راست، چىقىرىۋەتكەن باغ - ئورمانلارغا كەلسەك ئاساسەن ئۇنۇمسىز باغ - ئورمانلارنى چىقىرىۋەتتۇق. بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پاختا تېرىپ دۆلەتنى پاختا بىلەن تەمىنلىدۇق. ئەگەر بۇ ئىشىمىز خاتا بولغان بولسا، ناھىيە بىزنى مۇكاپاتلارمىدى. ۋىلايەت تەقدىرلەرمىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك

رەھبەرلەر خىزمىتىمىزگە يۇقىرى باھا بىرمىدى. ماختارمىدى. پاختىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقان قېرىنداشلارنى بۇرۇنراق ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە باشلىغانىنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ دەپ بېقىڭلار قېنى؟ — يېزا باشلىقى كۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلتۇرغانلار ئارىسىدىن مۇسا ئاقساقالنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، كۆزلىرىنى ئاداۋەت بىلەن ئالايتتى، — مۇسا ئاقساقال دەپ باقسىلا قېنى قوتاندۇڭنىڭ نەرىنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. قانداق يېرى قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنۇمسىز باغلارنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەر قىلغانىنىڭ نېمە يامىنى بار ـ ھە؟ مەن سىلىگە دەپ قويااي يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى ئاز قىلىپ، ئاممىنى بوش قۇتراتسىلا. يۇقىرىغا يالغان، تۇتۇرۇقسىز ئەرزنى يازمىسىلا، ئەسلىدە سىلىنى پېشقەدەم رەھبىرىي كادىر، كونا پارتىيە ئەزاسى دەپ، ئارا تۇرمىغان بولساق پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا بۆھتان چاپلىدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياستى بىلەن قارشىلاشتى دەپ، سىلىنى ئاللىبۇرۇن قولغا ئېلىپ، قارا ئۆيگە سولاپ قاماپ بولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن سىڭەن نانلىرىنى يەپ ئۆيلىرىدە جىم ئۇلتۇرسىلا. ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمىسىلا، بولمىسا قوتاندۇڭدە تۇرماقلىرى تەس بولۇپ قالمىسۇن يەنە!.

مۇسا ئاقساقال گەپ قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ لېكىن يېزا باشلىقى بىلەن ھازىر مۇنازىرلىششىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيتى يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ سۈكۈت قىلدى. يېزا باشلىقىنىڭ گەپلىرىگە ماقۇلمۇ دېمىدى، ياقمۇ دېمىدى. ئوتتۇرا بارماقتەك چوڭلۇقتا يۆگىۋالغان تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، تاماكا ئىسىنى قەلبىدىكى بارلىق دەرد ـ ھەسرەتلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق ـ قاتتىق پۈۋلىدى.

يېزا باشلىقى مۇسا ئاقساقالنىڭ لام ـ جىم دېمىگىنىنى

كۆرۈپ، كۆڭلىدە خېلى قانائەت ھاسىل قىلدى ـ دە، سۆزىنىڭ تېمىسىنى كېلەر يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا يۆتكىدى. ئاخىردا بارلىق قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ يېڭى يىل كىرىشى بىلەن پۈتۈن يېزا بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان، قىش پەسىلىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىش ئەمگىكىگە پۈختا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە سەپەرۋەر قىلىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

يېزا باشلىقى كېتىشى بىلەن قوتاندۆڭلۈكلەر ئۆزئارا غۇلغۇلىغا چۈشتى. ئاڭلىغان مىش ـ مىش پاراڭلارنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى. ھەر خىل پەرەز ـ قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرئاز تىنچىغان كۆڭلى يەنە بىر قېتىم داۋالغۇدى.

— يېزا پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچى بولدى دەيدۇ، ئەجەب بىزنى جازالاپ، ئالتە پاتمان پۇلنى جەرىمانە قويۇپ تۆلەتتىغۇ؟!

— ۋايتەڭەي، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەك تەس.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، يېزا باشلىقى پات ئارىدا ناھىيىگە ئۆسەرمىش؟

— پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچى بولدى دەپ ئۆستۈرەرمىش.

— نېمە دەپ ئۆستەرسە ـ ئۆستەرمەمدۇ، ئىشقىلىپ قۇتۇلۇپ كەتسەك ئوبدان بولاتتى بۇ تەلۋىدىن.

— پاختا جىنى چاپلاشقان ساراڭدىن.

— ھۇ بىنام ئېچىش جىنى چاپلاشقان يېزا باشلىقى.

— پاختا تېرىيمەن دەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گۆرىنىمۇ تۈزلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ قىزىل كۆز.

— مۇسا ئاقساقالنى تىللاپ كېتىشلىرىنى دەڭلا.

— مۇسا ئاقساقال ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ.

— ھەي، يۇقىرىمۇ زە نېمىشقا مۇسا ئاقساقالنىڭ يازغان

www.uyghurkitap.com

خېتىگە ئىشەنمەيدىغاندۇ؟

— يۇقىرىدىن تەكشۈرەيدىغانلار ئۇدۇل قوتاندۆڭگىلا كېلىپ دەريانى، قاراڭغۇ توغراقنىمۇ كۆرگەن بولسا، ئۇنۇمسىز دەپ چىقىرىۋەتكەن باغلىرىمىزنى كۆرگەن بولسا.

— بۇ يىل قىشتىمۇ ئارام بەرمەي يەنە بىنام ئاچقۇزىدىكەندە بىزنى.

— بىنام ئاچقۇدەك يەر قالمىدى، ئەمدى نەنى بىنەم ئاچىمىز.

— ھەرقانچە قىلسىمۇ ئولتۇرغان ئۆي ـ ماكانىمىزنى چىقىۋېتىپ، ئورنىغا پاختا تېرىڭلار دېمەس بۇ پاختا سارىڭى تەلۋە.

* * *

يېزا باشلىقى قوتاندۆڭگە يەنە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك سۇر ـ ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم جىغىلداپ توختىدى. يېزا باشلىقىنىڭ كەينىدە ئون دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن پوتكۇل يېزا تەۋەسىدىكى ياش، بېجىرىم ئەمگەك كۈچلىرىدىن تەشكىللەنگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئېچىش زەربىدارلار ئەترىتى سۇر ـ ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ كۈنىلا چېدىر تىكىپ، گەمە كولاپ ۋە قوتاندۆڭلۈكلەر بوشىتىپ بەرگەن ئۆيلەرگە جايلىشىپ دېگۈدەك ئورۇنلىشىۋالدى.

ئەتىسى يېزا باشلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش زەربىدارلار ئەترىتىدىكىلەرنى ۋە قوتاندۆڭلۈكلەرنى قاتناشتۇرۇپ، قىسقىلا يىغىن ئاچتى. قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇنىڭ: «بۇ قېتىم قاراڭغۇ توغراقتىكى توغراق ـ يۇلغۇنلارنى قومۇرۇپ تاشلاپ ئىككى مىڭ

مو دائىرىدە بىنام ئاچىمىز، كېلەر يىلى قىش يەنە كېڭەيتىمىز» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. غۇل ـ غۇلىغا چۈشتى، تەۋرەندى.

— سۆزۈم تۈگىمىدى، جىم بولۇڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى ۋە قوتاندۇڭلۇكلەرگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — ھوي جاڭگاللىق ئوغرىلار ھەقاسىڭنى دەۋاتىمەن، نېمە قاپاقنىڭ ئىچىگە ھەرە كىرىۋالغاندەك گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلىشىسەن!؟

— قاراڭغۇ توغراقنى بۇزىۋەتسەك بولمايدۇ يېزا باشلىقى، — دېگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇردى مۇسا ئاقساقال بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى يېزا باشلىقى، مۇسا ئاقساقالنى ھازىرلا پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۆلىيىپ.

— قاراڭغۇ توغراقنى ۋەيران قىلىۋەتسەك قوتاندۇڭنى، بېھىشباغ زېمىنىنى، ئىشقىلىپ ھەممە يەرنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. ئادەملەرنى، جان ـ جانىۋارلارنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى قۇم يۇتىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، قاراڭغۇ توغراققا چېقىلمايلى يېزا باشلىقى . . .

مۇسا ئاقساقالنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش يېزا باشلىقىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

مۇسا ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋە كۆز يېشىنى كۆرۈپ قوتاندۇڭلۇكلەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ غۇل ـ غۇلىغا چۈشتى.

— ماۋۇ، ئالجىغان قېرىنى نېرى ئەكېتىڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ، — كىمدە ـ كىم قاراڭغۇ توغراقتىن بىنام ئىچىشقا قارشى تۇرىدىكەن، يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانۇنى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

— ئۇرماننى قوغداش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، — دېدى مۇسا ئاقساقال بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ، — ئورمان دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، سەن ھوقۇقىڭدىن پايدىلىنىپ ئادەمنى قورقىتىمەن دېمە، سەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بولساڭ، مەنمۇ بىر پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئالدىدا ئىككىمىز باراۋەر، مېنىڭ ئورمانلارنى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بايلىقلىرىنى قوغداش ھوقۇقىم بار.

— سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ بولسا، مېنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقىم بار.

— سېنىڭ ھوقۇقىڭ قاراڭغۇ توغراقتا ئۆتمەيدۇ، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ قاراڭغۇ توغراقتىن بىر تال چوكا كېسىشىڭگە رۇخسەت يوق.

— يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەستىقى دەمسەن. مانا مېنىڭ قولۇمدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاراڭغۇ توغراقنى ئۇنۇمسىز باغ - ئورمان قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، بىنام ئېچىپ كېۋەز تېرىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن تەستىقى بار. مەن بۇ يەرگە سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغىلى كەلمىدىم. بۇ يەردە تولا كوت - كوت قىلماي گېپىڭ بولسا يۇقىرىغا ئەرز قىل، — دېدى يېزا باشلىقى كۆرەڭلىك بىلەن.

— ئەرز قىلىمەن، ھازىرلا ئەرز قىلغىلى بارىمەن، — دېدى مۇسا ئاقساقال غەزەپ بىلەن ۋە توپتىن ئايرىلىپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

— دېھقان خەق دېگەن سىڭگەن ناننى يەپ، كەتمەن بىلەن يەرنى بىلگىنى ياخشى، نېمە ئادەمگە ئاقساقاللىق قىلىپ، — دېدى يېزا باشلىقى ئۆزىگە - ئۆزى غودۇڭشۇپ.

يېزا باشلىقىنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن بوز يەر ئاچقۇچىلار قاراڭغۇ توغراققا قاراپ ئاقتى. ھەرە، كەكە، پالتىلار

ھەرىكەتلەندى. پالتا ـ كەكىلەرنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى، ھەرىلەرنىڭ غاتىلداشلىرى، ئادەملەرنىڭ ھە ـ ھۇلىرى قوشۇلۇپ، پۈتكۈل قاراڭغۇ تۇغراقتىن قاقشاۋاتقاندەك، يىغلاۋاتقاندەك، زارلىنىۋاتقاندەك ئاۋاز كېلەتتى.

كەچ تەرەپتە، قوماندانلىق شتابى قىلىپ جايلىشىۋالغان ئىسسىق چېدىردىن قېنىپ ئۇخلاپ ئويغانغان يېزا باشلىقى ئىش مەيدانىنى تەكشۈرگىلى بېرىپ، ئىش ئۈنۈمىدىن تازا رازى بولمىدى.

— ئىشنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا، — دېدى يېزا باشلىقى خاپا بولۇپ، — توغراق، يۇلغۇنلارنى قومارغان بىلەن سىرتقا توشۇماق تەسكەن، — دېدى مەسئۇل خادىم دوگدىيىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ تۈكلىرى تەتۈر يېنىپ كەتكەنىدى.

— ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساققۇ ئاسانتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغراق ـ يۇلغۇنلارنىڭ كۆلى يەرگە ئوغۇت بولاتتى، — دېدى يەنە بىر مەسئۇل خادىم ئەقىل كۆرسىتىپ.

— ئوت قويساق قويدۇق، ئۇنىمۇ سىناپ كۆرمەمدۇق. ئىشنىڭ سۈرئىتى ئاشسىلا بولدى، — دېدى يېزا باشلىقى دەرھاللا، — تويا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا قويغان مايدىن ئەكېلىپ چېچىپ ئوت قويۇپ بېقىڭلار قېنى.

بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئىككى توڭ ماي ئورمانغا چېچىلدى، يېزا باشلىقى بىر تال سەرەڭگە تاشلاش بىلەنلا، قاراڭغۇ توغراقلىق پاللىدە ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. غايەت زور ئوت يالقۇنىنىڭ تەپتى ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىكى ئادەمنىمۇ قىزدۇراتتى. ئاسمان پەلەك ئوت يالقۇنىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلەتتى.

— بولىدىغان چارىكەن، — دېدى يېزا باشلىقى ھاياجانلانغان ھالدا ھىجىيىپ.

شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلدى. ئاسمان

دەھشەتلىك نەرە تارتقاندەك گۈلدۈرلىدى. ئارقىدىنلا چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر شارقىراپ چۈشۈشكە باشلىدى. ھەيۋەتلىك ئوت يالقۇنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە پەسەيدى، ئارقىدىنلا پۈتۈنلەي ئۆچتى. يامغۇر شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى.

بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىدىن يېزا باشلىقى، بوز يەر ئاچقۇچىلار ۋە قوتاندۈگىلۈكلەر ھەيران قالدى. بۇ راستىنلا بىر كۈتۈلمىگەن ھادىسە ئىدى. بۇنداق بولۇشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ يەردە تۇرغانلاردىن ھېچكىم قىش كۈنى — بىرىنچى ئايدا يامغۇر ياغقىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ھەم ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. قوتاندۈگىڭ قوتاندۈگىڭ بولغاندىن تارتىپمۇ بۇنداق ھادىسە پەقەتلا يۈز بەرمىگەنىدى.

يامغۇر توختىماي شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. يېزا باشلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستۈۋېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ، ئۇلار بىر دەمنىڭ ئىچىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاسلاندەك شۈمشىيىپ قالدى. يانۋارنىڭ قاتتىق سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ئەتراپتىكىلەر سوغۇققا چىدىماي گەمە-چېدىرلارغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

— قاغىش تەككۈر يامغۇر، — دېدى يېزا باشلىقى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدىغان ھالدا، — ھازىرچە دەم ئالايلى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن مايىنى جىققاراق ئېلىپ كېلىپ چېچىپ، ئوتنى بىر قانچە يەردىن قويايلى.

تۈن كېچە، يامغۇر توختىغانىدى. شامال ئارىلاش كۈچەيگەن سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. كېچە ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈۋاتقان قوتاندۈگىڭ، ئېچىنىشلىق بىر نالە-پەريادتىن چۆچۈپ ئويغاندى. قوتاندۈگىلۈكلەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئۇۋۇلاپ ئېچىپ، تالاغا چىقىپ شۇنداقلا قاراپ، چۆچۈپ كېتىشتى. يېزا باشلىقىنىڭ چېدىرى — بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنام ئىچىشقا رەھبەرلىك قىلىش قوماندانلىق شتابى جايلاشقان

چېدىر غايەت زور ئوت يالقۇنى ئارىسىدا قالغانىدى. ئاسمان پەلەك ئۆرلىگەن ئوت گويا چېدىرنى ئىچىدىكى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان چوڭ ئەجدىھادەك ئالدىراپ سوزۇلماقتا ئىدى. ئوت يالقۇنىدا پۇتكۇل قوتاندۇڭ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

— بولۇڭلار، ئوت ئۆچۈرگىلى بارايلى!

قوتاندۇڭلۇكلەر داس ـ چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئوت كەتكەن تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

— تېز بولۇڭلار، ئوتنى ئۆچۈرۈۋالايلى!

— يېزا باشلىقى تېغىچىلا چېدىرنىڭ ئىچىدە.

— ئۇلار كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتمىسۇن!

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسىلەر، دەرھال سۇ ئەكېلىڭلار سۇ.

— سۇ! سۇ! سۇ!!

ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر دەرھال داس ـ چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دەرياغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. دەريا بويىغا كېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى، دەريادا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى. دەريا ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ھەئە، دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. ئېغىر غەم ـ قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۈڭلۈق، ھەسرەتلىك شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

1997 ـ يىل، يانۋار، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھېكايىلەر

## چىلان تۆپراق

بوۋاي جىگدە چاتمىقىدىن ياسىۋالغان، تولا تۇتقانلىقتىن پارقىراپ كەتكەن ھاسىسىنى تايانمايلا ئىككى قولى بىلەن كەينىگە تۇتۇپ، ھويلىنىڭ كەينىدىكى ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكى قۇم دۆڭگە قاراپ شىپىرلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ سەكسەن ياشتىن ھالقىغان بىلەن شۇنچە تېمەن، مەزمۇت، ئىشتىيى بەلەن، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدۇ. ئۇنىڭ قولىغا ئاشۇ جىگدە ھاسىسىنى ئېلىۋالغىنىغا ئۇن يىلدىن ئاشتى لېكىن بىر قېتىممۇ تايىنىپ يول ماڭغان يېرى يوق. يول ماڭسا ھاسىسىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ لېكىن ئۇنى يا قولتۇقىغا قىسىدۇ، يا ئىككى قولى بىلەن كەينىگە تۇتقىنىچە ئېگىز، بەستلىك كەلگەن گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغى ياشلارنىڭكىدەك مەزمۇت. «ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىدىن ھالقىغاندا، مېۋىلىك دەرەخنىڭ بىرەر تال شېخىدىن ھاسا ياساپ ئېلىۋېلىش پەرز، ئۇنىڭ ساۋابى بەك چوڭ» دەيدۇ بوۋاي.

تېرەك بويى ئېگىزلىكتىكى بۇ قۇم دۆڭگە بۇ بوۋاي ھەر كۈنى قوزا چۈش بىلەن بىر قېتىم چىقىپ خىيال سۈرىدۇ. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلايدۇ. دۆڭمەھەللە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەش قولدەك ئايان بولىدۇ. دۆڭمەھەللە ئادەم

تېرىسا ئۇنىڭدەك چىلان تۇپراقلىق ئېكىنزارلىقمۇ، قۇملۇق ـ قومۇشلۇقمۇ، سازلىق ـ زەيلىكمۇ ۋە بۈك ـ باراقسان باغ ـ ئورمانلارمۇ بار بىر چىرايلىق كەنت. بوۋاي مۇشۇ كەنتتىكى چوڭلاردىن بىرى. بوي ـ بەست دېسە بار، تولۇق ئاقىرىپ كەتمىگەن ساقىلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەي يارشىملىق قىلىپ ياسىتىۋالغان، ئويۇن ـ چاقچاق، ناخشا ـ سازغا ئامىراق، ئۆز سۆزلۈك بۇ بوۋاينى يالغۇز ئۆز جەمەتىدىكى بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىلا ئەمەس، پۈتۈن دۆڭمەھەللىلىكلەر ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ، تەپتارتىدۇ. بوۋاينىڭ ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى دۆڭمەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىدىن قېلىشمايدۇ.

بوۋاي ئايىغى ئاستىدا سۇدەك ئېقىۋاتقان قۇملارنى ئوشۇقىغىچە كەچكىنىچە ئاياغلىرىنى چاپسان ـ چاپسان يۆتكەپ بىردەمدىلا قۇم دۆڭىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولدى. ئۇ، بىر ئاز ھاسىراپ قالغان بولۇپ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. چىكە ـ پېشانىسىدا پەيدا بولغان چېكىم ـ چېكىم تەر تامچىلىرىنى ئاق يەكتىكىنىڭ ئۇستىدىن باغلىۋالغان تاۋار بەلبېغى بىلەن سۈرتتى. قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك سۈرلۈك كۆزلىرى ھېلىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. دۆڭمەھەللىلىكلەر ئورما ئورۇۋاتقان بولۇپ، ئېتىزغا تورغاي چۇچۇلىماستا چىققان ئورمىچىلارنىڭ بىر قىسمى ئورغاقلىرىنى بەلۋاغلىرىغا قىستۇرۇشقىنىچە ئۆيلىرىگە يېنىشقانىدى. يەنە بىر قىسمىلىرى ئورما ئورۇۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى بوۋاينى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئورما ناخشىسىنى باشلىدى. بوۋاينىڭ قۇلىقىغا ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ، ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ ياقمىدى. «شۇمۇ ئورما ناخشىسى بولدىمۇ،— دەپ غودۇڭشىدى بوۋاي،— ئۆز ۋاقتىدا بىز ئورما ناخشىسىنى قانداق توۋلايتتۇق ـ ھە! يال ـ يال

كۆيۈك ئاپتاپتىمۇ ناخشىمىزنىڭ كارامىتى بىلەن قىزـ چوكانلار ئۇسسىغىنىنى، ئاچقىنىنى، ھارغىنىنى بىلمەي، ئورما ئورۇيتتى. بىر كۈندە ئۈچ مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتۇق. ناخشىمىز پۈتۈن مەھەللىنى چاڭ كەلتۈرەتتى. قىلغىلى ئىش، ئوينىغىلى ئويۇن تۇشمايتتى. ھازىرقى ياش باللا بىلىگە مۇشتلاپ بىر كۈندە تۆت پۇڭ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئاران ئورۇيدۇ. ئەتىگىنى سەھەر قوپمايدۇ، كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ بولغۇچە بىشىمىز قىزىپ كەتتى، دەپ ئىتىزدىن ئۆيگە يۈگۈرۈيدۇ. ئۇلار بىلى بوش، لايغەزەل چوڭ بولۇپ قالدى. ناخشا توۋلاشلىرىچۇ تىخى، بىر سوللۇق بۇغدايىنى ئورۇپ بولغۇچە كاركىراپ قالىدۇ. يا ئاۋازى ئەر كىشىنىڭكىدەك چىقمىغان، يا ئوقۇغان ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى قۇلاققا ياقمىغان. ئەمدى بۇزۇلمىغان مۇشۇ ئورما ناخشىلىرىمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسا تومۇزدىمۇ يۈرەككە خۇددى دوغاپ ئىچكەندەك گۈلۈپ ـ گۈلۈپ تېگىدىغان ئورما ناخشىلىرى، ناخشىچىلارمۇ قالماپتۇ...»

بوۋاي ئىختىيارسىز ئۆزى ناخشا توۋلاشقا باشلىدى:

ئورما ئورۇسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلەرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ.

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
بىلەكىڭ تالدىمۇ يارىم.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكىڭ قاندىمۇ يايرىم.
. . .

بوۋاي ھاسىسىنى قوْمغا سانجىپ قويوْپ، توْرغان جايىدىلا ئوْلتوْردى. قوْم خىلىلا قىزىغانىدى. شوخ، لەرزان ئورما ناخشىسى، يوْمشاق، قىزىق قوْم بوۋاينىڭ ۋوْجوْدىدا ئاجايىپ تاتلىق، كوْچلوْك بىر ئىستەكنى قوزغاپ قويدى. بوۋاي ھاياجانلاندى، ۋوْجوْدى جوْغوْلدىدى، بىر يەرلىرى قىمىرلىدى، يوْرىكى گوْپوْلدەپ سوقتى، تامغاقلىرى قوْرۇشقا باشلىدى. بوۋاي ئاخىر ئۆزىنى توْتوْۋالالمىدى. قىزىق، يوْمشاق قوْمغا مەيدىسىنى ئەسەبىيلىك بىلەن يېقىپ، كۆزلىرىنى يوْموْۋالدى. ئوْنىڭ بارماقلىرى قوْمغا مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى.

—ناۋاتخان. . . ئاھ، ناۋىتىم. نېمىشقىمو مېنى تاشلاپ قويوْپ ئۆزوْڭ بوْروْن كېتىۋالغان بولغىيدىڭ. قەدرىڭگە يەتمىگەن، كۆڭلوْڭنى ئاالمىغان يەرلىرىم يوق ئىدىغوْ. مېنى بوْنچە دەرد ـ ئازابلارغا تاشلاپ قويوْپ كەتمىسەڭمو. ئون تۆت ياشلىق قىز چېغىڭدىكىدەك چېكەمگە گوْل قىلىپ قىسىپ كەلگەنىدىمغوْ سېنى. . .

* * *

بوۋاي قوْم دۆڭىدىن چوْشوْپ ھويلىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئوتتوْرانچى ئوغلى، كېلىنى، نەۋرە ئوغلى، نەۋرە كېلىنى پېشايۋان ئاستىدا تاماق يەپ ئوْلتوْراتتى. ئوْلار بوۋاينى كۆروْپ قولىدىكى قاچىنى يەرگە قويوْشتى. بوۋاي نېمىشقىدوْ خوْيلىنىپ قالغان بولوْپ، قاپاقلىرى توْروْلوْپ، قويوْق ساقال باسقان چىرايى تېخىمو بەك قورۇلوْپ كەتكەنىدى.

— نېمە ئىغىر بوي خوتوْندەك سەت ئوْلتوْرىسەن؟ — دېدى بوۋاي داق يەردىلا چاتىرقىنى كىرىپ ئوْلتوْروْپ ئاش ئىچىۋاتقان نەۋرە ئوغلىنىڭ پاقالچىكىگە ھاسىسى بىلەن تارسىسىدە بىرنى

سىلىپ.

يىگىت تاياق زەربىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ ھامانلا شىمىنىڭ كاسىسىدىن پۇرقىراپ چۈشكەن توپىلار قاچىدىكى يېرىمىنى ئىچىپ بولغان ئاشقا چۈشتى. ئۇ بوۋايغا يەر تېگىدىن بىرنى ئالىيۋېتىپ، ئاشنى ئىچىش ئۈچۈن قاچىنى قولىغا ئالدى.

— ۋۇ، ھايۋان، ئىسىت سېنىڭ ياشلىقىڭ، — دېدى بوۋاي نەۋرىسىگە ھاسىسىنى شىلتىپ، — ياش بولغاندىكىن ئېتىزدىن كىرىپلا پۇت - قولۇڭنى پاكىز يۇيۇپ، كۆرپىگە چىقىپ، داستىخاندا قويۇپ ئىچسەڭ بولامدۇ ئاشنى توپىغا بۇلاپ ئىچكۈچە. ھايۋان جىنىدىمۇ يېمەكلىكلەرنى سەندىن پاكىزرەك يەيدۇ. لامزەللە - ئەبگالىقىڭدىن خوتۇنىڭمۇ ھۆرمىتىڭنى قىلمايدۇ سەن گۇينىڭ، ۋۇ، ئادەم ئىسكەتى يوق قوڭالتاق.

بوۋاي ئەمدى ئوغلىغا يۈزلەندى:

— ھە، بۇغدايلارنى ئورۇپ بولدۇڭمۇ؟

— ئاز قالدى.

— ھېلىقى يەرنىڭ ئەنجىسىنى خامانغا توشۇپ بولۇشتىڭلىمۇ يا؟

— تېخى ئۇ يەردىكى بۇغدايغا ئورغاق سالمىدۇق.

— ئورغاق سالمىدۇق؟ — بوۋاي ئوغلىغا نارازىلىق بىلەن چەكچەيدى، — مەن ساڭا ئاۋۋال ئاشۇ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇڭلار، دېمىگەنمىدىم.

— سىز غۇ شۇنداق دېگەن، دادا. لېكىن، — ئوغۇل بوۋايغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ بۇغدايلىقنىڭ ئورنى چەترەك، ھازىر ئورۇۋاتقان بۇغدايلىق كەنت بويىچە بىر تۇتاش قوناق تېرىشقا پىلانلانغان ئويماتنىڭ ئىچىدە. شۇڭا، ئاۋۋال ئاشۇ ئېتىزلىقنى بىكارلاپ، قوناق تېرىشقا بىر تۇتاش تەييارلىنىشاق يېزا باشلىقى . . .

— هە، گەپ قىلە، يېزا باشلىقى قانداق قىلىدۇ؟
— شۇ. . . شۇ. . . يېزىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا تەسىر يېتىدۇ.
— بولدى، كوتۇلدىما. شۇجىلىقىڭنى ئەزالىرىڭغا بېرىپ قىل. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىمىش تېخى. ھوي، ھەر قايسىڭنىڭ بىر تۇتاش قىلمايدىغان نېمە ئىشىڭ بار زادى. بىر تۇتاش يەر ئاغدۇرۇش، بىر تۇتاش ئوغۇت چېچىش، بىر تۇتاش كۆنجۈرە سېلىش، بىر تۇتاش يالتىراق يېپىش، بىر تۇتاش ئۇرۇق سېلىش، بىر تۇتاش قوناق تېرىش، بىر تۇتاش كېۋەز تېرىش، بىر تۇتاش دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش. يېزا باشلىقى خوتۇنىڭلارنىڭ قۇچىقىغىمۇ بىر تۇتاش كىرىڭلار، دەيدىغان ئوخشىمامدۇ ھەر قايسىڭغا. ھەممە ئىشنى بىر تۇتاش قىلىمىز، دەپ دېھقانلارنىڭ قۇيرۇقىغا پالاقلاپ كىرىۋالمىساڭمۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ دېھقان خەق دېگەن.
— يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاشۇنداق، ئۇنداق قىلمىساق. . .
— تىلىڭنى چاينىماي ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە بالام. ماقۇل، دېھقانلارنىڭمۇ ئاشۇنداق قارا مۇشۇكلىرىڭ بىلەن، يالغان ـ ياۋىداقلىرىڭ بىلەن ئالدا. ئەمدى ماڭمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنى پەش قىلامسەن، بالام. ھەرقايسىڭنىڭ بىر تۇتاش دەۋەلغان ھىيلەڭنى دۆڭمەھەللىدە كىم بىلمەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەپ قويۇپ ئۇرۇقلۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، يالتىراق، دېھقانچىلىق دورىسى، كۆنجۈرىلەرنى ئەرزان باھادا يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلارغا قىممەت باھادا بىر تۇتاش تاڭىسىلەر. سىلەرنىڭ بىر تۇتاش تەمىنلىگەن بىر قاپ ئوغۇتۇڭلار بىر يۈز يىگىرمە كوي، دېھقانلار شەھەرگە كىرىپ سېتىۋالسا سەكسەن كوي. تېخى

ئۇلارنىڭ شەھەردىن مىڭبىر جاپادا ئەرزان باھادا سېتىۋالغان ئوغۇتلىرىنى جا ـ ساختا مال دەپ يەرگە چاچقىلى قويمايسىلەر. ماقۇل، ئوغۇتقۇ زاۋۇتتىن چىققان نەرسە، ئۇنىڭ راست ياكى ساختىلىقىنى ئايرىماق تەس. لېكىن، دېھقانلار سىلەر يۆتكەپ، بىر تۇتاش تەمىنلىگەن قىممەت باھالىق كۆنجۈرنى ئالماي، ئۆزلىرى شەھەردىن ئەرزان باھالىق كۆنجۈرنى سېتىۋېلىپ ئاچىقسا، ئىزا تارماي ئاشۇ كۆنجۈرنىمۇ جا دەپ يەرگە چاچقىلى قويمىدىڭلارغۇ. سېنىمۇ خېلى جىك ئوغۇل بالا بولدى، مېنى دورىدى، ئىزىمنى باستى، دەپ سۆيۈنگەنتىم. ھوقۇق تۇتۇۋېدىڭ، سەنمۇ جالىشىپ يالغان گەپ قىلىدىغان، تۇتامى يوق ئادەم بوپ قالدىڭ.

بوۋاي بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرماي، يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئوغلىغا شۇنداقلا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ نېمە، سەل يۇمشىدى، ئەيىبلەشلىرىنى توختاتتى:

— ئۇ بىر تۇتاش قوناق تېرىيدىغان يېرىڭدىكى بۇغدىيىڭنى قاچان ئورۇساڭ ئورۇۋۇال. ھازىر مەنمۇ قولۇمغا ئورغاق ئالىمەن. ھېلىقى يەردىكى بۇغدايىنى ئاۋۋال ئورۇيمىز. ئەڭ ئاۋۋال شۇ بۇغدايىنىڭ ئەنجىسىنى خامانغا توشۇپ، تېپىپ چەشلىۋالمىساق بولمايدۇ.

ئوغول بوۋايىنىڭ پىكرىگە قارشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ، دادىسىنىڭ گەپ يىمەيدىغانلىقىنى، قىلىمەن دېگەن ئىشىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ھېلىقى يەر چوڭلۇقى تۆت مو كېلىدىغان بىر پارچە تېرىلغۇ يەر. بوۋايىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇلغانمىغان بىر پارچە چىلان تۇپراق زېمىن. خىمىيىۋى ئوغۇت دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىشكە ئومۇملاشقاندىن تارتىپ بوۋاي ئوغلى بىلەن نۇرغۇن قېتىم دەتالاش قىلىپ، دۆڭمەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ بىر پارچە يەرنى مەخسۇس ئىگىلىگەندى. ئۇ بۇ يەرگە بىر

قېتىممۇ خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەتمەي قوتانلىكى كۆنجۈرىدەك بولۇپ كەتكەن قوي قىغلىرىنى تۆكتۈرەتتى. بۇ يەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىلغان زىرائەتلەردىن قېلىشمايتتى. «زاۋۇت ئوغۇتى سېلىپ تېرىغان يەرنىڭ ئاشلىقى بەك ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن ئادەمگە پايدا قىلمايدۇ، پاچاقلا ماغدۇر بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋۋالاتتى بوۋاي، گەرچە بۇ قاراشلىرىنى بىرەر ئىلمىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلىيالمىسىمۇ ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ.

ئۇ بۇ بىر پارچە يەرگە كۆزدە بۇغداي تېرىغاندىن تارتىپ، يازدا بۇغداينى ئورۇپ، خامانغا ئاپىرىپ، دېنىنى ئايرىۋالغۇچە ۋە بۇغداينىڭ ئورنىغا قوناق تېرىپ، كۆزدە يەنە بۇغداي تېرىغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى تېرىش، ئورۇش، خامان ئېلىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزى تۇراتتى. بۇ ئېتىزدىن چىققان ئاشلىقلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان ئاشلىقلاردىن بىر تالمۇ دان ئارىلاشتۇرمايتتى. تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئايرىم ئۇن تارتاتتى. خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان ئاشلىقلارنى يېيىشكە رۇخسەت قىلمايتتى.

— سەن شۇجى بولغاندىكىن ئەزالارغا ئېيتقىن. زاۋۇت ئوغۇتىنى جىق ئىشلەتمىسۇن. ئۇلاغ قىغىنى يەرگە جىقراق قويسۇن. ئۇلاغ قىغى دېگەن يەرنىڭ ئوزۇقى. ئۇلاغ قىغى يەرنى كۆپچەلەندۈرىدۇ، قۇۋۋەت بولىدۇ، — دەيتتى بوۋاي ئوغلىغا پات ـ پات تاپىلاپ، — ھازىر دېھقانلار يەرگە پەقەتلا ئۇلاغ ـ ئىلمەكنىڭ قىغىنى قويمايدىغان بولۇۋاپتۇ. زاۋۇت ئوغۇتىنى سېلىۋەرسە، ھازىر ئاش ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن، كېيىن يەر بۇزۇلىدۇ، زاۋۇت ئوغۇتىمۇ پايدا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەردىن ئاش چىقمايدۇ. زاۋۇت ئوغۇتى سېلىپ تېرىغان ئاشلىقنى يەپ چوڭ بولغان بالىلارغا قاراپ باق. ئۇلارنىڭ بوي ـ بەستى ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ بوي ـ بەستىگە پەقەتلا

www.uyghurkitap.com

تارتمايۋاتىدۇ. تېنى يىگىلەپ قورۇلۇپ كەتتى. بىر قاچا ئاشنى تۈگىتىپ ئىچەلمەيدىغان، بىر كەتمەننى تارتىپ چاپالمايدىغان، بىر خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ياش باللار ئون سەككىز - يىگىرمە ياشقا كىرىپ بولغۇچە بوي دېسە چىناردەك، كۈچ دېسە بۇقىدەك بولۇپ چوڭ بولاتتى. تۆت خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن گەپ يوق چىقالايتتى. ھازىرقى ئوغۇل باللار خوتۇنى بىلەن ئەينەك تالىشىدىغان، بىر قاچا ئاشنى بىر سائەتتە يەيدىغان، كىيىم - كېچەكنى تار كىيىپ، خېنىمدەك چامداپ ماڭىدىغان، ئولتۇرغان يەردە ھەپتە ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. تومۇرىدا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قېنى سۇسلاپ كەتتى. كىيىمگە ئامراق، كەتمەنگە بوش، ئاشقا ئامراق، خوتۇنغا بوش چىقىپ قالدى. يالغان بولسا ئوغلۇڭنىڭ تۇرقىغىمۇ ئوبدانراق قاراپ باق، چىرايى بىزنى تارتقان بىلەن بوي - بەستى بىزنى تارتمىدى. يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقىنى بىلەن ئېگەك - مەيدىسىدە تۈزۈك ئەركەك تۈكى يوق، كىملەرنى دوراۋاتىدىكىنتاڭ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، چىرايىغا، تۇرقىغا قاراپ ماۋۇ مېنىڭ نەسلىمكەن دەپ ئايرىۋالماق، پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئوخشايدۇ. ئۇلار ئەر كىشىگە ئوخشىمايدىغان، يالغانچى، قىلغان ئىش - ئوقەتلىرى ساختا بولۇپ كەتتى. باشقىلىرىغۇ كەتتى - باردى. لېكىن، تۇپراققا، يەرگە جالىق قىلسا بولمايتتى. بىز يەرگە قانچىلىك تەر تۆكسەك، مېھنەت قىلساق يەر ئەجرىمىزنى شۇنچىلىك قايتۇرىدۇ. بەدىنىمىزگە قۇۋۋەت بولغۇدەك نېمەتلەرنى بېرىدۇ. يەرگە كەتمەن چاپمىساق، قۇۋۋەت بولغۇدەك قىغلارنى ئىشلەتمەي، ھە دېگەندە زاۋۇتنىڭ ئوغۇتىنى چېچىپ قويۇپ، يەردىن جىقراق ئاشلىق تەلەپ قىلساق، سۆڭگۈچىمىزنى ئاپتاپقا قاقلاپ ياتساق، يەرنىڭ بەرگەن ئاشلىقى پايدا قىلمايدۇ، بەرىكەت قىلمايدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىمىزنىمۇ، مۇشۇ بىر تال دان چاچساق يۈزلەپ، مىڭلاپ دان بېرىدىغان

چىلان تۇپراقىنمۇ تۇگەشتۇرىمىز، ۋەيران قىلىمىز.

ئوغۇل بوۋاينىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. كۆڭلىدە قايىل بولاتتى. لېكىن، دادىسىنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىنى دۆڭمەھەللىلىكلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا تەشەببۇس قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇنداق قىلسا، يېزا باشلىقلىرى دۆڭمەھەللىگە بىر تۇتاش چۇشۇرۇپ بەرگەن خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى ئورۇندىيالمايتتى. يېزا بىر تۇتاش تەمىنلىگەن خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى دېھقانلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ، يېزا باشلىقلىرى بېكىتىپ بەرگەن باھا بويىچە پۇلىنى دېھقانلاردىن تولۇق يىغىۋېلىپ تاپشۇرمىسا، يېزا باشلىقلىرىدىن تەنقىد ئاڭلايتتى، ھەتتا ئەمەلىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قويىاتتى، يېزا باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇناتتى.

* * *

بوۋاي قوم دۆڭگە چىقىشقا خۇمار بولۇپ قالدى. قوم دۆڭى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر نازىنىننىڭ يۇمشاق، ئۇماق قۇچىقىدەك كۆرۈنۈپ ئۆزىگە ئۇتتەك تارتاتتى. مەرھۇم مومىيىنىڭ مېھىرلىك قۇچىقىدەك جەلپ قىلاتتى. بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمىدەپ قوم دۆڭگە چىقاتتى - دە، ۋۇجۇدىدا قوترىغان بىر ئەسەبىي تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە مەيدىسىنى يۇمشاق، قىزىق قومغا ئۇزاققىچە ياقاتتى. تاتلىق - تاتلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇيتتى.

ئۇ مومىيى بىلەن ئاز كەم ئاتمىش يىل ئەر - خوتۇن بولۇپ ياشىدى. ئاشۇ ئاتمىش يىل جەريانىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن سەۋدالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ھەر - ھەر قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى. مومىيىنى — ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇ تومۇچۇقتەك

گۈزىلىنى، «ناۋتى» نى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئاشنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ قونۇپ كەلدى. خەق بىلەن ئاشنا تالىشىپ مۇشتلاشتى. كاللا ـ ماللىلارنى يېرىشتى، قاش ـ قاپاقلىرى زىدە بولدى. ئۆيگە ئاشۇنداق ۋەيرانە قايتىپ كەلگىنىدە يەنىلا ئاشۇ «ناۋتى» ئالدىغا كۈلۈپ چىقتى. بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىدى. پۇت ـ قوللىرىنى يۇمشاق تۇتۇپ قويدى. قوشلاپ سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ كۆڭلى خالىغان تاماقنى ئېتىپ بەردى. زىدە بولغان، يېرىلغان، ئاغرىغان يەرلىرىنى سۆيدى، سىلىدى. خۇدادىن بارلىق ئىخلاسى بىلەن شىپالىق تىلىدى. ئۇنى بىرەردىن كۈنلەپ بىر قېتىممۇ قاقشىمىدى. ئىشقىلىپ كۆڭلىدىكىنى ھەرگىز بىلىندۈرمىدى، بوۋاي ئۇنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرۈپ كەلدى، ھۆرمىتىنى قىلدى، قەدىرلىدى، ئاسرىدى. ئاشنا ئويناپ، خەقنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقان بىلەن، باشقا تەڭتۇشلىرىغا ئوخشاش خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالىدىغان، ھەپتىدە بىر قېتىم خوتۇن دۇمبالايدىغان ئىشنى قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلمىدى. توي كېچىسى ئون يەتتە ياشلىق شوخ يىگىت بۇ ئون تۆت ياشلىق مەستۈرە قىزنى ئەركىلىتىپ «ناۋتىم» دەپ ئاتىغانىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ تاكى ئۇ موماي بولۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغۇچە ئۆز ئىسمىنى ئاتىماي: «ناۋتىم»، «ناۋاتخان» دەپ چاقىرىپ كەلدى، باشقىلارمۇ ئۇنى: «ناۋاتنىسا»، «ناۋاتگۈل»، «ناۋات ئايىم»، «ناۋات خېنىم»، «ناۋات ئانام»، «ناۋات چوڭ ئانام» دەپ ئاتىدى.

تەقدىر بوۋاينى ئاخىر داغدا قويدى. «ئون يەتتە ياشلىق قىزغا تېگىشمەيدىغان» مومىيىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى. موماي پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سۇنغان كۈنى بوۋاي بىر تىنىممۇ كۆز يېشى قىلمىدى، ھازا ئاچمىدى.

بالىلىرىنىمۇ، نەۋرىلىرىنىمۇ تۈزۈك ھازا ئاچقىلى قويمىدى. مومايىنى يەرلىكىگە قويغان كۈنىلا يەرلىكىنىڭ بېشىغا چېدىرىدىن بىرنى تىككۈزدى ـ دە، نەۋرىلىرىنى تۇپراق بېشىغا ئاش ـ تاماق توشۇغىلى سېلىپ، توپتوغرا قىرىق كۈن قەبرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز قەبرىنى بېقىپ ياتتى.

قىرىق كۈندىن كېيىن بوۋاي ئۆيگە قايتىپ كەلدى. مەھەللە ـ جامائەت بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خۇش چاقچاق ئاۋازى، كۈلكىسى يەنە پەيدا بولدى. بىر كۈنى بوۋاي ئوغلىنى چاقىرىپ مەھەللىدىكى، ئىككى يىل ئاۋۋال ئېرىدىن تۇل قالغان ئوتتۇز بەش ياشلىق ئايزىمخانغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوغول دادىسىنىڭ بۇ قارارىنى كۆڭلىدە پەقەتلا توغرا تاپمىدى. لېكىن، كالپۇك يېرىپ بىر ئېغىز قارشىلىق بىلدۈرمىدى. بوۋاي چوكان بىلەن پۈتۈشۈپ بولغانىدى. بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز نەپەر جامائەتنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتلىقى بىلەن بوۋاي بۇ چوكانغا ھەشەم ـ دەرەمسىزلا نىكاھلىنىۋالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بوۋاينىڭ ھۇجرىسىدىن ياش چوكاننىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك تاتلىق كۈلكىسى بېسىلمايدىغان بولدى. بوۋايمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا خۇش چاقچاق بولۇپ قالغانىدى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بۇ ھەسەلدەك تۇرمۇشى ئۇزاققا بارمىدى.

بىر كۈنى بوۋاي پېشايۋان ئاستىدىكى كۆرپىدە يانپاشلاپ ياتقىنىچە ياش چوكاننىڭ تاماق ئېتىشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئايزىمخان قازانغا ئاش تارتىپ سېلىش ئۈچۈن بوۋاينىڭ قېشىغا — سۇپىنىڭ ئۈستىگىلا ئاچقان سۇپىرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئاش تارتىۋېتىپ، ئىككى قولىغا ئالغان پىلتىنى ئاش تاختىسىغا شۇنداقلا ئۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىككى قېتىم يەل قويۇۋەتتى ۋە چاندۇرمىغان بولۇپ بوۋايغا قاراپ، بىر قىزىقچىلىق بولغاندەك پىسسىڭىدە

كۇلۇۋەتتى. چوكان كۆڭلىدە بوۋاينى كۇلىدۇ، تاتلىققىنا ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىدۇ، ئەركىلىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. بوۋاي ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، سۇپىرىدىكى ئۇن يايىدىغان نوغۇچنى قولىغا ئېلىپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باغلاپ قويغان ئېشەكنى غەزەپ بىلەن دومبالاپ كەتتى:

— ھۇ، يۇزى قېلىن داپ، قاراپ تۇرسام مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئۇسۇرۇۋاتىسىنا. مانا ئەمىسە، تويە ئۇسۇرغانىغا. .

بوۋاي بىر تەرەپتىن ئېشەكنى تىلللىغاچ، بىر تەرەپتىن نوغۇچ بىلەن كومباڭشىتىپ سالاتتى. چوكان بوۋاينىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بۇ قەھرى ـ غەزىپىنى كۆرۈپ، چىرايى ساپسېرىق سارغايغىنىچە تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. بوۋاي ھازىرلا يۇگۇرۇپ كېلىپ ئاشۇ نوغۇچ بىلەن ئۆزىنى دومبالايدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشتى، جالاقلاپ تىترىدى. دۇمبانى ئېشەك ئەمەس، ئۆزى يەۋاتقاندەك ئۇستىخانلىرى تىكەنلىشىپ، يۇرىكى سىرقىرىدى.

بوۋاي ئېشەكنى ھارغىچە دۇمبالىغاندىن كېيىن ئاستا كەينىگە ياندى ـ دە، تېخىچىلا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان چوكاننىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— خېنىم، سىلى ھازىردىن باشلاپ ئۇچتالاق. نىكاھىمدىن چىكەتتىلە، ئەرگە تېگىۋالسىلا. دەرھال كۇدە ـ كۆرپىلىرىنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يىتسىلە.

چوكان پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى. بوۋاينىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىلىندى، يالۋۇردى، قەستەن يەل قويۇۋەتمىگەنلىكىنى قايتا ـ قايتا ئېيتتى. لېكىن، بوۋاي ئۇنى تالاق قىلىپ بولغانىدى. ئەمدى بۇ گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا قايتىدىن ئۇن قويۇپ يىغلىدى، چاچلىرىنى يۇلدى. نائىلاج بوۋايدىن ئايرىلدى. بوۋاي

بىلەن قايتا يارىشىۋېلىشقا يول ـ پەتىۋا تېپىپ بەرگەن موللا ـ ئۆلىمالارغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى دەپ يۈردى. بوۋاي چوكاننى ئاشىق ـ ساراڭ قىلىۋەتكەنىدى.

يېقىنلا يەردىن ھاڭرىغان ئېشەكنىڭ ئاۋازى بوۋاينى ئەسلىملەر قوينىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ قىزىق، يۇمشاق قۇمدىن مەيدىسىنى ئاستا كۆتۈردى. مەيدىسىدىكى قويۇق، قاپقارا، كۆرپىدەك تۈكلەرگە قېلىن بىر قات قۇم چاپلىشىپ قالغانىدى.

. . . ئۆيلىنىۋالسام بولاتتى. كۈنۈمنى كۈندە مۇشۇنداق قىزىق، يۇمشاق قۇمنى باغاشلاش بىلەن ئۆتكۈزسەم ئوبدان بولماس. ھېلىمۇ ياخشى خەق مېنىڭ نېمىشقا كۈندە بۇ قۇمغا مەيدەمنى ياقىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ. ناۋادا بىلىپ قالىدىغان بولسا . . . ھەي . . . ي، شۇ سالامەتخان يا گەپنى گاچچىدە ئۈزمىدى . . . باللىرىم ـ باللىرىملا دەيدۇ. باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ بولدى. ئۆزى تىنكەندەك يالغۇز قالدى بىچارە مەزلۇم. يېشى سەل چوڭراق بولغان بىلەن پاكىز قېرىدى. ياش ۋاقتىدا ئۆزىنى ياخشى كۈتۈپتىكەنمۇ دەيمەن. بەدەنلىرى خېلىلا چىڭ كۆرۈنىدۇ. ئاشۇ كۈنى ئەجەب ياش بالىدەك قىلىق قىپتىمەن. يامان بولىدۇ، نىكاھ ئوقۇتۇۋېلىپ ئاندىن . . . دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالمىغان بولسا . . . مەندىن خاپا بولۇپمۇ قالغانمىدۇ؟ ھەي . . . ي نېمىشقا باللارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇ دەيۈزلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرسا دەيدىغىنى يەنە شۇ: «قېرىغان چېغىڭىزدا يۈزىمىزنى تۆكۈپ، ئەرگە تېگىمەن دېمەي جىم ئولتۇرۇڭ. ئەرگە تەگمىسىڭىزمۇ سىزنىڭ نېمىڭىز كەم». ھىم، ئانىسى ئەرگە تەگسە يۈزى تۆكۈلەرمىش ئۇ نوچىلارنىڭ. تېخى بىر كىم يالغۇز مال ـ دۇنيا، كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈنلا ئەرگە تېگىدىغاندەك، نېمىڭىز كەم دەپ كېتىشلىرىنى. قېرىغان

ئادەمدىمۇ كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىكىنە. بىزنى
ئۆزلىرىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ياش بولغان بىلەن كۆڭلى
ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنلەر. ئەمما، بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخىچە
ياپياش. ساقال ئەستاغپۇرۇللىغا يەتكەندە ئېلىپ قاچاي دېسەم
تېخى. ياش ۋاقىتلىرىم بولغان بولسىغۇ. . ياق، مەيدەمنى
قۇمغا يېقىپ يېتىۋەرمەي بىر ئامالىنى قىلاي. بالىلىرى بىلەن
سۆزلىشىپ باقسام قانداق بولار؟ مېنىمۇ تىللاپ، هاقارەتلەپ
كېتەرمۇ يا. . . تىللىسا تىللىمامدۇ، هەممىسى سالامەتخان
ئۈچۈن، ئىتتىن قورققان ئابدال بولماپتۇ.
بوۋاي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، پەسكە شامالدەك
تېز چۈشتى.

* * *

سالامەتخان. . . چىرايلىق سالامەت خېنىم، مېنى دەپ
ئاشۇنداق خورلۇق - هاقارەتلەرگە قالدىڭىز - هە! . . . ئۇلار
سىزنى ئەممەي ئېشەك ئېمىپ چوڭ بولغاندەك ئەقىلسىزلىق
قىلىشىپ كەتتىغۇ. بولمىسا، سىزنى شۇنچىۋالا
هاقارەتلەرمىدى، دىلىڭىزغا ئازار بېرەرمىدى. خاپا بولماڭ،
سالامەت خېنىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، كۆزىڭىزدىن شۇنداقلا
بىر تېمىم ياش چىقارسىڭىز ئاشۇ بالىلىرىڭىزغا قارغىش بولۇپ
قالىدۇ، بالىلىرىڭىز ئىلگىرى باسمايدۇ. خۇدانىڭ غەزىپىگە
ئۇچرايدۇ. نېمىلا بولسۇن ئۇلار بالا، بىز ئاتا - ئانا ئەمەسمۇ،
كۆڭلى - كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتايلى، ئەپۇ قىلايلى. سىز
ئۇلارنى ئەپۇ قىلسىڭىز خۇدامۇ ئەپۇ قىلىدۇ.
بالىلار بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەقىل - هوشى، ئادىمىيلىكى
بۇلغاندى. ئۇلار هەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ
مەنپەئىتىنى، مال - دۇنيانى ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار

بىزدىن كەچسە كېچىدۇكى، مال ـ دۇنيادىن كەچمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيي دېگىنى قۇرۇق گەپ. ئۇلار ئازغىنە پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تاپىنىنى يالاشقا، بىر ـ بىرىنى پۇتلاپ، ئورا كولاپ، چىقىشتۇرۇپ قان قىلىشقا رازىكى، ھەرگىزمۇ مەن كىم، ئاتا ـ بوۋام كىم، ئىلگىرى كىم ئىدۇق، ھازىر كىم بولۇۋاتىمىز، بۇ تۇپراق بىزگە، بالىلىرىمىزغا كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەس، دېگەنلەرنى ئويلىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ چىلان تۇپراقنى بۇلاپ ـ تالاپ يەۋاتىدۇ، ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇزۇۋاتىدۇ، بۇلغاۋاتىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئەبگالىشىپ ـ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قورساقتىن، مال ـ دۇنيادىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئادىمىيلىكنى، كاتتا ئىنسانىي ھەۋەسلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ بىزنىمۇ ئۆزلىرىدەك ئاجىز، زەئىپ كۆرۈۋاتىدۇ، چۆگۈن قويسا قاينىغۇدەك ھەۋەسلىرىمىزگە چىدىمايۋاتىدۇ.

رەنجىمەڭ، سالامەت خېنىم. ئۇلار ئانام دېمىسە، مەن سىزنى خېنىم، دەيمەن، گۈلۈم دەيمەن، خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن. سىز ئۇلارنى باقتىڭىز، بالىلىرىنىمۇ باقتىڭىز، ئەمدى بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنىمۇ بېقىپ بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىسىڭىزمۇ ئۇلار ھەرگىز: «ئانا، قانداق ئارزۇ ـ تەلەپلىرىڭىز بار؟» دەپ سوراپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئىنسانلاردا بولىدىغان ئارزۇ ـ تەلەپلەر يوق. سىز تۇنۇگۈن ئاشۇ بالىلىرىڭىزنى دەپ، ئۇلاغ ـ ئىلمەكلەرگە بىر تۇتام ئوت ئېلىپ تاشلاپ بەرگىلى كېۋەزلىككە چىقمىغان بولسىڭىز مەنمۇ سىزنى كۆرمەي قالاركەنمەن. قۇم دۆڭدە ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىزلا قارا دېگەندەك زابان بولۇپ كەتتى، شۇنداق قارىسام سىز تۇرىسىز، يۈرىكىم سىلىپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com

قېشىڭىزغا بارغۇم، ئىككى ئىنىڭىز مۇڭداشقۇم كەلدى. يۈگەردىمۇ ئۇچتۇمۇ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قېشىڭىزغا بېرىپ قاپتىمەن. ناھايىتى كۆزىڭىزگە ئۇزاقراق قارىۋالدىم. ئىككى ئىنىڭىز چاقچاق قىلىشىۋالدىم. ماڭا ھازىرچە شۇلا كۇپايە ئىدى. بىراق، بالىلىرىڭىز تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قېشىمىزدا پەيدا بولدى ـ دە، بىر تاتلىق پاراڭلىرىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. بىزنى خۇددى بىر ناشايان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالغاندەك، ئىنىڭىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى. مېنى نېمە دەپ تىللىسا، ھاقارەتلىسە ھەتتا يۈزۈمگە بىر ـ ئىككى تەستەك سىلىۋەتسىمۇ مەيلىتتى. لېكىن، سىزنى تىللىغىنىنى، ھاقارەتلىگىنىنى يامان بولدى. بىر پەشۋا بىلەن نەۋرە ئوغلىڭىزنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتەي، كەنجى ئوغلىڭىزنىڭ قاڭشىرىنى ئېزىۋېتەي دېگەنتىم، لېكىن سىز ئارا تۇرۇۋالدىڭىز. ئۇلار نېمىلا دېگەن بىلەن سىزنىڭ بالىلىرىڭىز — يۈرەك پارىلىرىڭىز ئەمەسمۇ. بىر ئانا ئۈچۈن كۆز ئالدىدا بالىلىرىنىڭ تاياق يېگىنىنى كۆرۈشتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق، مەن بۇنى چۈشىنىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. بىز بۇنداق كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئۆتۈۋەرمەيلى، تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭ، سالامەت خېنىم، ياش ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا، كۆزىڭىزگە قاراپ ئولتۇرمايتتىم، بىر مەزگىل بىر يانغا كېتىپ تۇرامدۇق يا. كېيىنچە بالىلارنىڭ ئاچچىقى يانغاندا قايتىپ كېلەرمىز. . .

قېشىدىلا بىر كىمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىدىن بوۋاينىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ قېشىدا ئوغلى قاراپ تۇراتتى. بوۋاي سۈرلۈك قارىچىغا كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكتى.

— سىلى بىلەن سۆزلىشەي دەپ كەلگەنىدىم، دادا.

بوۋاي سۆزلەۋەر، دېگەننى قىلىپ ئوغلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

— يېزىلىق ھۆكۇمەت ھېلىقى بىر ئۇيمات يەرنى كېلەر يىلى كېۋەز تېرىمىساق قەتئىي بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا. .

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي جاھىللىق بىلەن ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — كېۋەز - كېۋەز دەپ يۈرۈپ دۆڭمەھەللىنىڭ ھەممە يېرى پاختا بولۇپ كەتتىغۇ ھازىر. ئاشۇ كىچىككىنە يەرگىمۇ مەجبۇرلاپ كېۋەز تېرىتساڭلار، كېلەر يىلى دۆڭمەھەللىلىكلەر پاختا يېمەيدىغاندۇ ھەرقاچان.

— كۆكقۇم تەرەپتىن بىنام ئېچىپ بۇغداي تېرىيدىغان بولدۇق.

— بىنامنى ھازىر ئاچسا بۇغداي كېچىكىپ قالامدۇ؟

— بىنامنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئاچىدىغان بولدۇق.

— يېڭى ئاچقان بىنامنىڭ مەھسۇلاتى ئىككى - ئۈچ يىلسىز ئۇخشىمايدۇ.

— تۇ شاڭجاڭ: «خاتىرجەم بولۇڭلار، ئاشلىقتىن قىينالغان ۋاقتىڭلاردا بىر ئامالىنى قىلىپ بېرىمەن» دەيدۇ.

— تۇ شاڭجاڭ بىر ئامالىنى قىلىپ بەرسە، بىر تۇتاش ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدۇق، دەپ باشقا يەردىن ئەرزان يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلاردىن نەپ ئالار ھەرقاچان. بولمايدۇ، مەن بۇ يەرگە ھەرگىز كېۋەز تېرىغىلى قويمايمەن.

— ماقۇل دەڭ دادا، — دېدى ئوغلى يېلىنىپ، — سىز بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، باشقىلارنى گېپىمگە كىرگۈزەلمەيمەن. ئۇ بىر ئۇيماتتا يالغۇز بىزنىڭلا يېرىمىز يوق. تۇ شياڭجاڭ: «دېھقانلار قارشىلىق قىلسا بېسىم ئىشلىتىڭلار، ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىڭلار» دېگەن. .

— تۇ شاڭجاڭ شۇنداق دېگەنمىدى، شۇجى غوجام، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — دەپباقە،

سەن ئادەممۇ نېمە؟ سەن تۇ شاڭجاڭنىڭ غالچىسىمۇ ياكى دۆڭمەھەللىلىكلەرنىڭ شۇجىسىمۇ؟ دېھقانلار ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلمىغان ئادەم نېمە قىلىسەن شۇجى بولۇپ . . .

تۇيۇقسىز تراكتورنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قويدى. ئىككى دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى كۆككۈم تەرەپتىكى قومۇشلۇقتا بىنام ئېچىشنى باشلىغانىدى. بوۋاينىڭ ئاغزى بىردىنلا گەپكە كەلمىدى. ئۇ غالىبلارچە ھىجىيىپ تۇرغان ئوغلىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. ئەمدى ھېلىقى تۆت مو چىلان توپراق يەرنى بەرمەسكە بوۋاينىڭ ھېچقانداق ئىلاجى يوق. ئوغلى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بۇ يەرگە بوۋاينىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بوۋاينى جېدەل قىلىشتىن، دۆڭمەھەللىلىكلەرنى قۇترىتىشتىن توسقىلى كەلگەن. بوۋاي ئوغلىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئوغلى بوۋايدىن كۆرە ھېلىقى تۇ شياڭجاڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. تۇ شياڭجاڭنىڭ ھەر بىر بۇيرۇقىنى ھەر ئامالىنى قىلىپ ئورۇندايدۇ. چۈنكى، بوۋاي ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان بىلەن، تۇ شياڭجاڭ ئۇنىڭغا ھوقۇق بەرگەن. ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، سېتىپمۇ بولسا بۇ ھوقۇقنى قوغدىمىسا، ھوقۇق بەرگۈچىنىڭ تاپىنىنى يالىمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، بوۋاي ئوغلىنى ياراتمايدۇ، دەشكۈشلەيدۇ، تىللايدۇ، زاڭلىق قىلىدۇ، يۇزىدىن يۇزىگە: «شۇجى غوجام» دەيدۇ. ئوغلى بۇ گەپنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا، مېنى زاڭلىق قىلدىڭ، دەپ ئۇرۇشىدۇ، مۇشتلىشىدۇ، ئەدىبىنى بېرىدۇ. بوۋاي قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندە ئوغلىنى ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ، ئىچىنى بوشىتىدۇ.

— ئاشۇ ئىككى تراكتور ھەپتىدە نۇرغۇن بىنام ئېچىپ بولىدۇ. بىز ھامىنى تېرىغاندىكىن ئاشۇ بىنامدىن ئون بەش مو

www.uyghurkitap.com

يەر ئېلىپ . . .

— ماڭ، تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي، كۆزۈمدىن يوقال،— دېدى بوۋاي ئوغلىغا ھاسىسىنى تەڭلەپ.

ئوغۇل بوۋايدىن شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرگەندەك چۈشۈپ كەتتى.

بوۋاي قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق ئولتۇردى. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى دۆڭدىكى قۇملارنى ئۇچۇراتتى. قومۇشلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى. بوۋاي شامالغىمۇ، قۇمغىمۇ، سوغۇققىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۇزۇلۇپ كەتكەن خىيال يىپىنى يەنە ئۇلىدى.

— مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇ، سالامەتخان، ئۇلارنى تىللىسام، ۋارقىرىسام، جىم تۇرغىنى مېنى ھۆرمەتلىگىنى ئەمەس. سىلى ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانلا؟ سىلى بىلەن كۆرۈشسەم، مۇڭداشسام، نېمە ئويلاۋاتقانلىقلىرىنى بىلسەم بولاتتى. مېنىڭمۇ سىلىگە دەيدىغان، سەمىلىرىگە سالىدىغان مەسلىھەتىم بار ئىدى . . .

* * *

بۈگۈن بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەقسىملەپ بەرگەن يېڭى بىنامغا بۇغداي ئۇرۇقى سېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان دېھقانلار يەرلىرىگە ئىشلىگەچ كۇسۇرلاشماقتا ئىدى:

— شۇجىنىڭ دادىسى سالامەتخاننى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئېلىپ قاچماپتۇ، ئىككىسى بىللە قېچىپتۇ.

— قېرىغان ۋاقتىدا خۇدايا توۋا، دەپ نامىزىنى ئوقۇپ ئولتۇرماي.

— باللىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ . . .
— نى ئات، نى نومۇس دېسىلە.
— سالامەتخاننىڭ ئوغول - قىزلىرى ئانىسىدىن تېنىپتۇ.
— ئۆلۈك - تىرىكىگە بىز ئىگە ئەمەس، دېيىشىۋاتقۇدەك.
— توۋا دېسىلە ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق دېمىگەندۇ؟
— ئانا دېيىشكە كىمنىڭمۇ ئاغزى باردۇ ئۇ خوتۇننى.
— ئۆتكەندە قوناقلىقتا شۈجىنىڭ دادىسى بىلەن تۇتۇۋاپتىكەنمىش.
— خۇدايا توۋا.
— شۈجىمۇ غىمىدە يوق يۈرىدىغۇ؟
— قىلدىن قىيىق كەتسە تىللاپ، دەشكۈشلەپ، يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئادەمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشتۇر ھەرقاچان.
— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، دادا ئەمەسمۇ.
— شۈجىغا دادا كەممىتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى شۈجى، شياڭجاڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دادىسى.
— قېرىپ قالغىنى بىلەن راۋرۇس ئادەمتىي جۇما ئۇ بوۋاي.
— ئېسىل ئادەمتى.
— ئەمدى دۆڭمەھەللە تۈگىشىدىغان بولدى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ، بوۋاينىڭ سالامەتخاننى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ئايزىمخان ھوشىدىن كېتىپتۇ.
— شۇنداقمۇ دەيسىلە، هازىرغىچە ئەرگە تەگمەي بوۋايغا ئىشتەي ساقلاپ ئولتۇرغان ئۇ چوكان.
— ئاشۇ قېرىنىڭ نەرگە كۆيۈپ قالغان بولغىيتتى دەيمىنا.
— قېرى دېمەڭلەر، ئوغلىدىن ئېشىپراق يىگىتلىكى بار ئادەم ئۇ.
— ھۇشت، ئاستا گەپ قىلىڭلار، شۈجى غوجام

كېلىۋاتىدۇ.

— يېزىلىق ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر مو يەرگە يىگىرمە كىلودىن خىمىيىۋى ئوغۇت چاچىسىلەر، ئۆلچەمدىن كەم بولۇپ قالمىسۇن. ئوغۇتنى كەم چاچقۇچىلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

شوجى يۇقىرىدىكى گەپلەرنى تەكرارلىغاچ دېھقانلارنىڭ يەرگە ئوغۇت چېچىشىنى نازارەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىغا قاراپ دادىسىنىڭ بىر يەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خۇش بولغانلىقىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ يەرگە ئوغۇت چېچىۋاتقان ھەر بىر دېھقاننىڭ قېشىغا كېلىپ تۆۋەندىكى گەپنى ئېرىنمەي تەكرارلايتتى:

— يېزىلىق ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر مو يەرگە يىگىرمە كىلودىن خىمىيىۋى ئوغۇت چېچىڭلار. ئۆلچەمدىن كەم بولۇپ قالمىسۇن. ئوغۇتنى كەم چاچقۇچىلار جەرىمانە تۆلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# باھار ھامان ئېلىلىق

ئەختەر ساندۇق ـ چامادانلاردىكى شۇنچىۋالا كىيىملەرنىڭ بىرنىمۇ تالليالمىدى. ئۇ كىيىملەردىن ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قولىغا ئالاتتىيۇ لېكىن شۇ ھامان قويۇپ قوياتتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇ كىيىملەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قىيالمىدى. ئەتىگەن ئىشقا چىقىشى ھامانلا ئىدارە باشلىقى ئىدارىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرگە، يېزىدىكى نامرات دېھقانلارغا ئىئانە قىلىش ئۈچۈن پۇل، بىرەر قۇردىن كىيىم ـ كېچەك تەييارلاپ چىقىشنى تاپىلىغانىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇ بوغچىلىرى ئارىسىدىن ئىئانە قىلىش ئۈچۈن كىيىم ئىزدەۋاتاتتى. ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنسېرى ئۇ تىتىلداشقا باشلىدى. «ھە دېسىلا ئىئانە، ئىئانە» دەيدۇ، بىرەر ئاي مائاشنى ساق ئالغان ۋاقتىمىز يوق. باشلىقنىڭ كونا كىيىم ـ كېچەك ئاچىقساڭلار بولمايدۇ دەپ كېتىشلىرىنى تېخى. ھازىر كىم كونا كىيىم كىيىدۇ. بىرەر قۇر كونا كىيىم بولغان بولسىغۇ خويمۇ ئوبدان ئىش بولاتتى. ئۆتكەن قېتىم مودىدىن قالدى، دەپ سېتىۋەتكەن كىيىملەردىن بىرەر قۇر ئەپقويغان بولسامچۇ، مودىدىن قالغان بىلەن خېلىلا پۇللۇق كىيىملەر ئىدى. ھەر قېتىم بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيەي دېسەم ئابدۇغېنىنىڭ قاپىقى تۈرۈلىدۇ، — كىيسەڭ مودىدىن قالمايدىغان كىيىم كىي، بولمىسا كىيمە، شۇنچە پۇللۇق كىيىملەرنى كىيسەڭنۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مودىدىن قالدى، دەپ تاشلايسەن، تاپقان پۇلغا لاتا ـ پىتى ئېلىپ، تۇزۇك پۇلمۇ ئىقتىساد قىلالمىدۇق. خوتۇن كىشىنىڭ كۆزى ئۆلگەندە

كىيىمگە تويىدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، دەپ بىرمۇنچە كوتۇلدايدۇ. ما ياندىن يېڭى مودا كىيىم چىقىپ بولغۇچە ئا ياندىن سېتىۋېلىپ كىيىدىغان خوتۇنلار قانداق خوتۇنلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى قانداق ئەرلەردۇر. . . ئەختەر شۇلارنى ئويلاپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى - دە، ئالدىدىكى دۇۋىلەگلىك كىيىملەرنى يەنە ئاختۇرۇشقا باشلىدى، — ئىئانە دېگەندىكىن بېرىش - بەرمەسلىك ئىختىيار دېگەن گەپ، شۇنداق بولغاندىكىن كىيىم ئاچقىمىسام قانداق بولار؟ بۇنداق قىلسام بولمىغۇدەك، ئىدارىدىكى خوتۇنلارغا بولۇپ بېرەر ھەرقاچان، بولۇپمۇ ئاينۇر بىلەن ساجىدە دېگەن ياسانچۇقلار گەپكە پۇتلاپ، زاڭلىق قىلىپ چېقىۋالىدۇ ئادەمنى. بولدىلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغۇچە ئىلاھىم. . .

ئەختەر كۆزىنى يۇمۇپلا تىكتۇرگەندىن بىرى ئاران ئىككى قېتىملا ئۇچىسىغا سايقان يوپكا - كاستۇمىنى قولىغا ئالدى.

* * *

گۇلجەمىلىنى ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆي ئىشلىرىدىن كۆرە غەم، قايغۇ - ھەسرەت بەكرەك قېرىتىۋەتتى. ئەمدىلا ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تولغان بىر چوكانغا تۇيۇقسىز ئون نەچچە يىل جاپا - ھالاۋەتتە بىللە ياشىغان ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۈچ بالا بىلەن تۇل ياشاش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. تۇللۇقنىڭ دەردى يامان، شۇڭا «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىلك ياخشى، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈك . . .» دەيدۇ ئەمەسمۇ، كونىلار. شۇنداق ئېرى ئاغرىپ بىرەر ھەپتە تەكىيە بېسىپ ياتمايلا ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئېرى قازا قىلىپ قارىسىنى ئۇشتۇغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا قويغان ئۆپكىدەك چوكان جۇدەپ پوستىنىنى سويىۋەتكەن

پىيازدەكلا بولۇپ قالدى. بىرەر يىل ئىچىدە ئالمىدەك مەڭزى سارغىيىپ، سولۇشۇپ، جاۋغايلىرىغا ئۇششاق قورۇقلار چۈشتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چاچلىرى پاخپايدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىشىنى - چىشىغا بىسىپ ئىشلىدى. لېكىن، ئەر ئەمگەك كۈچى يوق ئۆينىڭ دېھقانچىلىقى دېگەن شۇنىڭغا بېقىپ ئوخشايدىكەن. گۈلجەمىلەگە بارا - بارا يوقسۇزلۇق، موھتاجلىقمۇ چاڭگال سالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كەنت كادىرلىرىغا كالپۇك يېرىپ بىر ئېغىزمۇ دادلىمىدى. ھال ئېيتمىدى.

مانا ھېيت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆزى كىيەلمىسىمۇ بالىلىرىغا بىرەر ياقىدىن ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بالىلارنىڭ كۆڭلى نازۇك كېلىدۇ. ھېيت كۈنىسى تەڭتۇشلىرى بىلەن ئۇچىسىدىكى كىيىملەرگە سېلىشتۇرۇپ قاراپ دىلى سۇنىدۇ، بوينى قىسىلىدۇ. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۇخۇم سېتىپ جۇغلاپ قويغان ئەللىك كويچەن پۇلغا ئۈچ بالىسىنىڭ قايسىسىغا ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بېرىشنى بىلەلمەي تازا قىينالدى. ئۇچىلىسى ئوخشاشلا بالا. بىرىگە قىلىپ بېرىپ، بىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھېيتلىق قىلغىلى ئۇن، ياغ، تاتلىق - تۈرۈملەردىن ئېلىشى كېرەك تېخى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى. ئىلاجسىزلىقتىن كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ ئېغىلغا قاراپ قويدى. تۆللەي دەپ تۇرغان ئىككى ساغلىق بار ئىدى. ئۇ كالىلىسىغا غىل - پال كەلگەن ئويدىن تېزلا ۋاز كەچتى. قوينى ساتسا ئائىلىنىڭ ئاشۇ ئاجىز ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىمۇ غۇلاپ چۈشەتتى. ئۇ ھويلا دەرۋازىسىنىڭ تاراقلىغىنىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردى. دەرۋازىدىن يېزا باشلىقى، كەنت شۇجىسى، كەنت ئاياللار مۇدىرى كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ھە، گۈلجىمىلىخان تىنچلىق تۇردىلىمۇ؟

ئۇ مېھمانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— خوش، ئۆيگە ھېيتتا كىرەرمىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئۆزرە قويۇپ، — شەھەردىكى ئىدارە - جەمئىيەتنىڭ كادىر - خىزمەتچىلىرى يېزىمىز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ياردىمى بولۇپ قالار دەپ، پىشكى پۇل، ئۇن، ياغ، كىيىم - كېچەكلەرنى ئىئانە قىلىپ ئەۋەتىپتىكەن. شۇ نەرسىلەرنى تارقىتىۋاتقان. سىلىگىمۇ بىر ئۇلۇش ئېلىپ كەلدۇق. تاپشۇرۇۋالسىلا.

گۈلجەمىلىنىڭ يۈزى ئوت كەتكەندەك ياللىدە قىزاردى. خىجىللىق ۋە قانداقتۇر بىر نومۇس كۈچى ۋۇجۇدىنى ئۆرتىدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — مېنىڭ ئانچە قىيىنچىلىقىم يوق. ئۇ نەرسىلەرنى باشقا نامرات ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشسىلە.

— باشقا ئائىلىلەرگىمۇ بەردۇق، بۇ سىلىگە تەقسىملەنگەن كەلمۇشلۈك، ئېلىۋەرسىلە، — دېدى كەنت شۇجىسى.

— رەھمەت، ماڭا كېرەك ئەمەس، — دېدى گۈلجەمىلە قەتئىيلىك بىلەن.

— بۇ نەرسىلەر سەدىقە - زاكات ئەمەس، — دېدى يېزا باشلىقى گۈلجەمىلەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، — سىلى شۇنداق چۈشىنىپ بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشتىن خىجىل بولۇۋاتسىلا ھەرقاچان. بۇ شەھەردىكى قېرىنداشلارنىڭ مېھىر - شەپقىتى، ياخشى كۆڭلى، بۇنى توغرا چۈشەنسىلە. بىز سىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىلىمىز. باشقا قىيىنچىلىقلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاستا - ئاستا ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

گۈلجەمىلەم بۇ قېتىم ئارتۇق گەپ قىلمىدى. يېزا باشلىقىنىڭ قولىدىن بىر يۈز ئەللىك يۈەن نەق پۇل، بىر خالتا ئاق ئۇن، بەش كىلوگىرام سۇ مېيى ۋە بىر قۇر يوپكا -

كاستۇمنى رەھمەت ئېيتىپ تاپشۇرۇۋالدى. شۇ دەقىقىدە ئىچ-ئىچىدىن پارتىلىغان بىر ئىللىق ئېقىم پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا تاراپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

يېزا باشلىقى قاتارلىقلار كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە كىرىپ، ھېلىقى بىر قۇر يوپكا - كاستۇمغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. كىيىم تىكتۈرۈلۈپ بىر قېتىممۇ ئۇچىسىغا سايمىغاندەك يېپيېڭى ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا كىيىمنى كىيىپ كۆرۈپ باققۇسى كەلدى - دە، ئۇچىسىدىكى چاپاننى سالدى. كاستۇم ئۇنىڭغا ئۆلچەپ تىككەندەك دەل كەلدى. بىراق يوپكىسى بەكمۇ كالتە كېلىپ قالدى،— نىمانداق، رەخت يەتمىگەندەك يوپكىسىنى كالتە تىكتۈرگەن بولغىيتتى. ئادەمنىڭ تىزىنى ياپمىغان كۆڭلەكنى قانداقمۇ كىيىپ تالاغا چىققىلى بولىدۇ. سەل - پەل ئۇزۇنراق بولغان بولسىچۇ. شەھەرنىڭ قىز - جوكانلىرى مۇشۇنداق يوتا - سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كالتە كىيىم كىيگىلى ئەجەب ئامراقكىنا؟ ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئۆتكەندە شەھەرگە كىرگەندە شەھەردىكى خېلى كۆپ قىز - جوكانلارنىڭ مۇشۇنداق كالتە كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى، ئاپئاق پۇتلىرىنىڭ مانا مەن دەپلا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ كاستۇمنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىۋىدى بىرنەرسە بىقىنىغا پاتقاندەك قىلدى. دەرگۇماندا بولۇپ قويۇن يانچۇقىغا قول سالدى.

— ئالتۇن بىلەزۈك!

ئۇ قولىدىكى نەرسىگە قاراپ، ھودۇقۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ قولىدا راستىنلا بىر تال ئالتۇن بىلەزۈك پارقىراپ تۇراتتى.

* * *

ئەختەر بۈگۈنكى قاتار چايدا سورۇندىكى چوكانلارنىڭ كىيىمى بىلەن ئۇچىسىدىكى كىيىمنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چېنىپ قالمىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى ۋە ئەركىن ـ ئازادە ھالدا ئويان ـ چاقچاققا، غەيۋەت ـ شىكايەتكە قېتىلدى، بىر نەچچە خىل تاماق، قورۇمىلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن پولو كەلتۈرۈلدى. قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان ئاچقۇچتەك نازۇك بارماقلار، ھەر خىل پاسۇندىكى ئالتۇن بىلەزۈكلەر سېلىنغان، بىلىقىنىڭ قورسىقىدەك ئاپئاق بىلەكلەر ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولوغا تەڭلا سوزۇلدى. ئەختەرمۇ قولىنى پولوغا ئۇزاتتىيۇ، ئۆتكۈر كۆزى باشقا ئاياللارنىڭ بارماق ـ بىلەكلىرىدىكى ئۈزۈك ـ بىلەزۈكلەرگە دەقىقە ئىچىدە تىكىلىپ، يەنە دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنىڭ بارماق ـ بىلەكلىرىگە يۆتكەلدى. شۇ ھامان يۈرىكى بىگىز سانجىغاندەك ۋىژژىدە ئېچىشتى. قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمە، قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن بىئارام بولۇپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ بىلىكى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئالتۇن بىلەزۈكنى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنتۇغانىدى. ئۇ بىلەزۈكنى ئۆيىنىڭ نەرىدە قويغانلىقىنى ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى ـ دە، شۇنچە ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولوغىمۇ ئىشتىھاسى تارتمىدى.

ئەختەرنىڭ بۇ شەنبە ـ يەكشەنبىسى پۈتۈنلەي ھارام بولدى. ئۇ قاتار چايدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئالتۇن بىلەزۈكنى پەقەتلا تاپالمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى يولدىشى ئابدۇغېنىگە ئېيتمىدى. دېسە

www.uyghurkitap.com

ياخشى ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بولۇپ پەقەتلا بىر ئىزدا ئولتۇرالمىدى، ئاشقازىنىمىنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىۋالدى دېگەننى باھانە قىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالدى. لېكىن، ئابدۇغېنى تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ياقتا تۇرسۇن، — سەمرىپ كېتىمەن، دەپ ۋاقتى - قارايىدا تاماق يېمىگەندىكىن ئاشۇنداق ئاشقازان ئاغرىيدىغان گەپ، — دەپ دوق قىلدى. ئىككى كۈن ئىچىدە ئەختەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قاپاقلىرى مۆشتۈمدەك ئىششىپ چىقتى.

* * *

بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە، ئەختەر ئاغرىپ قالدىم، دەپ ئىشقا چىقماي ئۆيدە يېتىۋالغانىدى. بىر چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. ئەختەر ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئىدارە باشلىقى قاتارلىق بىر قانچە خىزمەتداشلىرى ۋە ناتونۇش بىر ئايال بىلەن ئىككى ئەر قاراپ تۇراتتى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، — ئەختەر مېھمانلارنى خۇشياقمىغان ھالدا ئۆيگە باشلىدى.

— بولدى، چاي قويىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئۇنى توسۇپ، — بۇ چاپان سىز ئىئانە قىلغان چاپان شۇمۇ؟

ئەختەر ئىدارە باشلىقىنىڭ قولىدىكى كاستۇمغا بىر قاراپلا تونۇدى ۋە «ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بايام ئىدارىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ چاپاننى سىزنىڭكى دېگەنىدى، — ئىدارە باشلىقى ئەختەرنىڭ يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىرەر نەرسىڭىز يوقالغاندەكمۇ؟

ئەختەرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ كەتتى، مېھمانلارغا قىزىقسىنىپ قايتا نەزەر تاشلىدى:

— قانداق دەيدىلا جۈيجاڭ؟

ئىدارە باشلىقى ئۈنىڭدىن يەنە قايتىلاپ سورىدى:

— سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ، بىرەر نەرسىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ يوق؟

— شۇنداق، — دېدى ئەختەر ھەسرەتلەنگەن ھالدا — ئالتۇن بىلەزۈكۈم يوق تۇرىدۇ، ئۆيىنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم.

— مۇشۇ شۇمۇ؟

ئەختەر كۆزلىرىگە ئىشەنمايلا قالدى. بۇ راستىنلا ئۇنىڭ بىلەزۈكى ئىدى، ئەختەر چاقماق تېزلىكىدە بىلەزۈكنى قولىغا ئالدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. لەۋلىرى تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى.

— سىز ئىشلەيدىغان زاۋۇتنىڭ چاپانىدىن چىقىپتۇ، — دېدى ئىدارە باشلىقى چۈشەندۈرۈپ ۋە يېنىدىكى ناتونۇش ئايالنى كۆرسىتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — چاپان مۇشۇ ئاچىڭىزغا تەقسىم قىلىنغانىكەن. قويۇن يانچۇقىدا ئالتۇن بىلەزۈك بارلىقىنى بايقاپ، دەرھال كەنت، يېزا مەسئۇللىرىغا خەۋەر قىپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ماددىي بۇيۇم ئىشلەيدىغان ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ تىزىملىكى بويىچە، چاپاننى كۆتۈرۈپ ئىزدەپ يۈرۈپ، بىزنىڭ ئىدارىگە كەپتىكەن. . .

ئەختەر ئىدارە باشلىقىنىڭ كېيىنكى گېپىگە قۇلاق سالمىدى، دىۋاندا قورۇنۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ياداڭغۇ چوكانغا ھۆرمەت، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا نەزەر تاشلىدى.

— رەھمەت سىلىگە، كۆپ رەھمەت. . .

ئەختەر شۇلارنى دېگەچ ياتاق ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى ـ دە، ھايال ئۆتمەي يالتىراق خالتىغا قاچىلاقلىق بىر

قۇر كىيىم كۆتۈرۈپ چىقىپ گۈلجەمىلەنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ مېنىڭ ھېيتلىق تىكتۈرگەن كىيىملىرىم، ئۇنى ھېيتتا كىيەلا ئاچا.

— رەھمەت سىڭلىم، ھېلىمۇ شۇنداق يېڭى كىيىم چىقاتتىمتىكەنلا، مەن ئاشۇ كىيىمنى ھېيتلىق قىلاي، رەھمەتنى سىلى ماڭا ئەمەس، مەن سىلىگە ئېيتسام بولىدۇ. گۈلجەمىلەمنىڭ سۆزلىرى قەتئىي ئىدى. شۇڭا، ئەختەر ئارتۇقچە زورلاپ تۇرۇۋالمىدى.

— ئەمىسە ھېيتتا بالىلىرىنى ئېلىپ چوقۇم ھېيتلاپ كىرسىلە، ئىزدىشىپ، يوقلىشىپ ئۆتەيلى.

— ماقۇل، چوقۇم كىرىمەن.

ئاپئاق، نازۇك بارماقلار بىلەن يېرىلغان، قاداق باسقان بارماقلار مەھكەم كىرىشتى.

بۈگۈن ئەختەرگە تەبىئەت باشقىچىلا گۈزەل، ئىللىق تۇيۇلدى. باش باھار ئەمدىلا باشلانغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق تۇيغۇلارغا چۆمدى. شۇنداق باھار ھامان ئىللىق بولىدۇ.

1998 ـ يىل، 25 ـ يانۋار، يەكەن.

# يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن

ئىشخانا ئىشىكى يەڭگىل چېكىلدى. «كىرىڭ» دېگۈچە، بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، ئوبدان چېگىلمىگەن گالستۇكى ئىشتان باغلىــــغان يېرىدىن ئېشىپ بىر غېرىچ ساڭگىلاپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، خام سېمىز بىر گەۋدە ئىشخانىغا ئۇسسۇپلا كىرىپ بولدى.

— سالامۇلەيكۇم، ئۆزلىرى مۇخبىر ئۇكام بولامىلا،— ئۇ قولۇمنى ئامبۇردەك قىسقىنىچە قويۇۋەتمەي يەڭگىل سىلكىدى، — بەللى، مۇخبىر ئۇكا، خەۋەر دېگەننى ئىشىكنىڭ ئىچىدىن چىك تاقاپ قويۇپ ئولتۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا يازىدىغان گەپكەن ـ دە. دېمىسىمۇ سىلەرگە سىرتقا چىقىپ مۇخبىرلىق قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئوخشاشلا گەپ. يازىدىغان خەۋەرىڭلار ساپلا پوكۇنى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ تۇرتكىسىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۇچۇن مۇنچە مو يەرگە قىغ قۇيۇپ بولدى. مۇنچە مو يەرنى ئوسا قىلدى، مەھسۇلاتى ئۆتكەن يىلدىكىدىن مۇنچە مىڭ جىڭ ئېشىپ، ئۇدا مۇنچە يىل مول ھوسۇل ئالدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە مۇنچە قېتىم مۇكاپاتلاندى، دېگەندەك «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەر. بەئەينى بىر قېلىپتىن چىققان كېسەكتەك. . .

— ئولتۇرسىلا، ئاكا.

تېخىچە قىسىلىپ تۇرغان قولۇمنى بىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقاردىم، گېپىنى سىپايىلىق بىلەن بۆلدۈم. ئۇ دېۋانغا موككىدە چۈشتى ـ دە، نامىسىز بارمىقىغا سېلىنۋالغان ئۈزۈكىگە (ئالتۇنمىكىن دەپ قالدىم) ھەۋەس بىلەن قاراپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر خالتا ئاق ئۇننىڭ باھاسى ئاتمىش ئالتە كويغا چىقىپتۇ. ئاياغ بازىرىدا ئانىسىنىڭ توپلىيى ئوتتۇز كوي، نەۋرىسىنىڭ ئوتتۇز توققۇز كوي. دوخمۇش ـ دوخمۇشتا نى ـ نى يىگىتلەر لالما ئىتلار بىلەن ئېلىپەتلىشىپ مەلەخ مەست ياتقان. بوتۇلكا يىغىپ ساتىدىغانلار ئۇلارنى قاچان قولىدىكى يېرىمدىن ئاز قالغان هارىقىنى ئىچىۋېتىپ، بوتۇلكىسىنى تاشلىۋېتەركىن، دەپ بەز مارىغان مۇشۇكتەك قارىشىپ تۇرغان. تاماكاڭ يوقمۇ ئۇكام؟ چەكتۇرە بىرنى. ئىلگىرىغۇ ئەسسالام دەپ بوسۇغا ئاتلىغان مېھماندىن ساھىبخان بولغۇچى ئاتنىڭ قېنىدەك دەملىگەن بىر پىيالە چېيىغا ياڭاقتەك ناۋات ياكى ئىككى چاقماق قەنت سېلىپ هاردۇق سورايتتى. هازىر كىملەرنى دوراشتىكىنتاڭ، بىرەر تال تاماكا تۇتۇپ قويۇپ، بىرەر تەخسە كەمپوت ئەكېلىپ قويۇپلا بولدى قىلىدىغان قائىدىنى چىقىرىشۋاپتۇ. بولدىلا، تاماكاڭ بولمىسا ئاۋارە بولما، مېنىڭكىنى چېكەيلى، — ئۇ يانچۇقىدىن چەت ئەلنىڭ تاماكىسىدىن بىر قاپ چىقاردى ـ دە، ماڭا بىر تال تۇتۇپ، بىر تالنى لېۋىگە قىستۇردى، دەرهال سەرەڭگە ياقتىم. ئۇ كۆچەپ بىرنى شورىدى ـ دە، بىر هازا قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. كۆز جىيەكلىرىگە لىق تولغان ياشنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — شەھەرگە كىرمەي دېسەڭ، يېزىدىن ئىزدىگەن نەرسەڭنى تاپالماي موهتاجلىق، شەھەرگە كىرسەڭ يولۇڭنى ئوڭشاپ ماڭالماي ئاۋارىچىلىك. ئۆزۈڭ بىلسەڭغۇ ئۇكا قارا قومنى، زور ۋاقتى بىلەن ئېشەك هارۋاڭنى قېتىۋالساڭ، شەھەرگە قوزا چۈش بىلەن ئاران كىرگىلى بولىدۇ. ئارىلىقى يىراق، يولى توپىلاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوناي ـ دوكاڭ. مانا ماڭا شەھەرگە كىرگىلى قاق بىر سائەت بولدى. سەنمۇ بەلكىم چۈشلۈك تامىقىڭنى يەپ بولۇپ ئىشخاناڭغا چىققانسەن. سۇر

ھاڭگىنى ھارۋىغا زور ۋاقتى بىلەن قاتقاندىم. ۋاي نېمە كارامەت بۇ، شەھەرنىڭ ئالتە ئاغزىنىڭ ھەممىسىگە كوشۇك سېلىپ قويغاندەك توسۇقلارنى قۇرۇۋېتىپتۇ. ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ چوڭ يول بىلەن شەھەرگە كىرمەيسەن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، دەيدۇ. ئەمما، ھارۋا قويىدىغانغا كىگىز ئورنىدەك يەر يوق. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئۇكا، ھارۋا بېقىپ بېرىدىغان دەڭنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىچىدە. قانداق قىلىمەن دېسەڭ، ئايلىنىپ ماڭ، دەپ ئارقا كوچىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاي - ۋاي، ئۈچەيدەك تار كوچا، ھېسسىپكە تىقىلغان گۈرۈچتەك ئادەم، ئۇلاق، ھارۋا. . تۇغۇلۇپ قۇلاق ئاڭلىمىغان تىل - ھاقارەت. شەھەرلىكلەر: «ئېشىكىڭ سىيىپ قويدى» دەپ تىللىسا، سەھرالىقلار: بىر - بىرىنى: «يولۇمنى توسۇۋالدىڭ» دەپ تىللايدۇ. پىلىسىراتتىن ئۆتكەندەك مىڭبىر جاپادا شەھەرگە كىرىسەن، لېكىن «ئۇھ» دەپ بولغۇچە، قاتناش باشقۇرۇش ئەترىتى دەمدۇ، ھارۋا باشقۇرۇش ئەترىتى دەمدۇ، ھارۋا باشقۇرۇش پونكىتى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، يىغىرغا ئولاشقان چىۋىندەك بىر توپ ئادەم گۆررىدە قېشىڭغا يىغىلىدۇ. بەس - بەستە تالۇنلارنى يېزىپ، پۇل تاپشۇر، دەيدۇ. بازار باشقۇرۇش پۇلى، تازىلىق پۇلى، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ شەھەر يولىنى توسۇۋېلىپ قاتناشنى قالايمىقان قىلغانلىق جەرىمانىسى، ھارۋىنى توختىتىپ قويغانلىق يەر پۇلى، ئېشەكنىڭ تېزەكلىگەنلىك جەرىمانىسى. . ئىشقىلىپ قەدەمدە بىر پۇل، جەرىمانە. سودا - سېتىقىمنى قىلىپ بولغۇچە ئېشەك بىلەن ھارۋامنىڭ پۇلىدىن جىقراق جەرىمانە تۆلەيدىغان چېغىم بار. شۇنىڭ بىلەن: «تۇتىشە، سېتىپ پۇلىنى ئۆلىشىۋال» دېدىم - دە، ئېشەك بىلەن ھارۋامنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ پېشىمنى قاققىنىمچە يېنىپ كەلدىم. ئاڭلىسام چەت ئەلدە مۇھىتنى بۇلغىدى، دەپ ماشىنىلاردىن تۈتۈن پۇلى ئالارمىش. شەھەر

ئىچىدە خالىغانچە قاتنىغىلى قويماسمىش. ئەمما ئات ـ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ماڭسا كارى يوقمىش. قانداق تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ.

— شۇنچە ئۇزاق يەردىن ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كىرگۈچە ئاپتوبۇس بىلەن كىرسىلە بولمامدۇ، ئاكا.

— ئاپتوبۇس بىلەن دەمسەن؟ — ئۇ مەسخىرىلىك كۈلدى، — ھەي مۇخبىر بالا، ھەي مۇخبىر بالا، سەنزە، يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ يىراق يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى دېھقانلارمۇ شەھەرگە ئاپتوبۇس بىلەن كىرىدىغان بولدى، ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. يول ئازابىدىن قۇتۇلدى، ئالدىن بېيىغان دېھقانلار زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ، كەسپىي تزانسپورت ئائىلىلىرىدىن بولۇپ قالدى، دېگەندەك خەۋەرنى ئۆزۈڭ يېزىپ، ئۆزۈڭ ئىشنىپ يۈرۈپسەن ـ دە. راست، قارا قۇمدا ئاپتوبۇس قاتنىغان، شۇ ئاپتوبۇسنىمۇ مەن قاتناتقان، — ئۇ، مەغرۇرلۇق بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ قويدى، — بىراق ئاپتوبۇس ئاران ئۈچ ئاي قاتناپتى، توختىتىۋەتتىم. كۆزۈمنىڭ تېگىگە قارىما، ئۇكام. سەۋەبىنى ھازىر دەيمەن. ئاپتوبۇس شەھەر بىلەن قاراقۇم ئارىلىقىدا ئۈچ كۈن قاتنىۋىدى، شەھەردىن ئالتە كادىر چىقىپتۇ. ئاخىر: «بىخەتەرلىك تاسمىسى يوقكەن، تورمۇز چىرىغى يانمايدىكەن، تىجارەت گۇۋاھنامىسى بىجىرمەپسەن، ئىستراخۋانىيە قىلدۇرماپسەن، يەككە ترانسپورت شىركىتىگە ئەزا بولماپسەن...» دەپ يۈرۈپ ئىككى مىڭ كويغا يېقىنىپ پۇلنى بىر ئالدى. ئاندىن ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىنى ۋە بوش يەردە ئۆرە تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئادەم سانىنى تەخمىنى بوداپ، ئاپتوبۇس بىر قېتىم قاتنىسا قانچە پۇل كىرا يىغىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاشتى. مەن ھەر كۈنى ئاشۇلار تەخمىن ھېسابلىغان ئادەم سانى بويىچە يەككە ترانسپورت شىركىتىگە نەق پۇل تاپشۇرىدىكەنمەن، ئۇلار

قولۇمغا ھۆججەت يېزىپ بېرىدىكەن. ئاي ئاخىرىدا ئومۇمىي چۈشكەن كىرا پۇلىنىڭ بەش پىرسەنتىنى باشقۇرۇش ھەققىگە تۇتۇپ قېلىپ، قالغىنىنى قولۇمغا بېرىدىكەن، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. بىراق ئاپتوبۇسقا چىققان بىچارە دېھقانلار: «بارى شۇكەن، قالغىنىنى خۇدايىم بېرەر» دەپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇشىدۇ. گاھىلىرى: «دەپتەرلىرىگە يېزىپ قويسىلا، كۈزلۈككە كېۋەز ساتقاندا ئۈلگۈجە بېرەي» دەيدۇ. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. لېكىن، يەككە ترانسپورت شىركىتىدىكى كىرا پۇلىنى يىغىۋالىدىغانلار: «كىرا پۇلىنى يۇشۇرۇپ، تولۇق ئەپكەلمەپسەن، مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ ئاپتوبۇسۇڭغا يول بەرمەيمىز» دەپ خاپا بولۇشتى. نىسى تىزىملىكىنى كۆرسەتسەم ئىشەنمىدى. ئاخىر ئاپتوبۇسنىمۇ توختىتىپ قويدۇم. نەچچە تۈمەن كوينى تۇتۇپ ياتىدۇ ئۇ بىر دۆۋە ئەسكى تۆمۈر. ۋاي شۇ سېلىق ـ ھەقلەرنىڭ دەردىنى نېمە دېگۈلۈك. مەركەزغۇ قالايمىقان باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساق، ھەقلەرنى ئازايتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. تۆۋەنمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرنەچچە تۈرنى كەچۈرۈم قىلغانمۇ بولدى. لېكىن، يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم يوق. خىمىيە ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغداي ئادەمگە زىيان قىلارمىش. يېقىنقى ئون بەش ـ يىگىرمە يىل ئىچىدە جىڭ ئوغۇل بالا تۇغۇلمىدى. ئۆي ـ جاي ئىسلاھاتىنى رەسمىي يولغا قويسا، خەقلەر ئۆزى سالغان شەخسىي ئۆيىگىمۇ ئىجارە تۆلەرمىش، دېيىشىدۇ. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى پوقاق مەزىن: «زىلچا ـ گىلەمنى يەرگە سالماي تامغا ئېسىپ قويسا زاكاتى كېلىدۇ» دەيدۇ. خۇدايىم ساقلىسۇن. سېكىلتار[1] ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، تامغا ئاسقان گىلەمدىنمۇ سېلىق يىغىشتىن

① سېكرېتارنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

www.uyghurkitap.com

يانمايدۇ. ئەدناسى هازىر يەرنىڭ چالمىسى ئەزمەي تۇزلىگەننىڭ جەرىمانىسى، ئېتىزغا قىرنىڭ بىلىدىن ئاشۇرۇپ سۇ تۇتقان جەرىمانە، باغقا سۇ قويغان جەرىمانە، كۆلگە سۇ باشلىغان جەرىمانە، كېۋەزلىكنىڭ قىرىغا باشقا زىرائەت تېرىغان جەرىمانە، كېۋەزلىكتە كېپىنەك تۇتمىغان جەرىمانە، چاشقان تۇتمىغان جەرىمانە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بەرگىلى چىققان كادىرلارنى كۈتۈۋېلىش ھەققى. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەرگىلى چىققانلارنى كۈتۈۋېلىش، بېقىش ھەققى... ئىشقىلىپ بۇنداق جەرىمانە ـ ھەقلەر بەك تولا. دېھقانىنىڭ بىر يىل ئالغان ھوسۇلى جەرىمانە بىلەن ھەققە چىقىشمايدۇ. مەنغۇ قاراقۇمدا نامىم بار ئالدىن بېيىغان دېھقان. يۈز مو بىنام يېرىم، يۈز مو مۇنبەت ھۆددە يېرىم، ئىككى يۈز تۇياقتىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك چارۋام، ئون بەش مو يەردە بېغىم بار. يېزىغا ھەرقانداق يەردىن كاتتىۋاشلار چىقسا، يېزا باشلىقلىرى ئۇدۇل مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلايدۇ. پاقلان سويىمەن، ھاراق قويىمەن. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ھالال بىلەن ھارامنى ئارىلاشتۇرۇپ يەپ ـ ئىچىپ، مېنى بىرمۇنچە ماختاپ قويۇپ كېتىشىدۇ. شۇڭا، مەن ھېلىقى يۈز مو بىنام يېرىمگە سۇ ھەققىدىن باشقا ھېچقانداق ھەق ـ سېلىق تاپشۇرمايمەن. ھېلىقى يۈز مو ھۆددە يېرىمگىمۇ خالىغان زىرائەتنى تېرىيالايمەن. باشقا دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىقىنى كېۋەز ئۆيمىتىغا توغرا كەپقالدى دەپ، سەي ـ ئوتياش، قوغۇن چۈنىكىنى قوناق ئۆيمىتىغا توغرا كەلدى دەپ بۇزۇۋېتىپ، جەرىمانە ئالغىنى بىلەن، مەندىن ئالالمايدۇ. ھاشار ـ ئەمگەك كەلسە، ھاشار ـ گۆڭنى يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، مو بېشىغا چاچقىنى بىلەن، ماڭا ئۇنداق قىلمايدۇ. شۇڭا يۇرتتىكى ئەمەت راۋاپنىڭ:

بىر مولۇققا بىر ھاشا،
ئون مولۇققا ئون ھاشا،
يۈز مولۇققا نېمە ھاشا،
مىڭ مولۇققا تاماشا.

دەپ قوشاق ئوقۇغىنى راست. سېلىق، ھاشار، ھەق، جەرىمانە دېگەنلەر بەك يامان، ئۇكا. كونىلار: «سىيەلمەس كېسەل بولۇپ قالغان ئاتنى زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئايلاندۇرساڭ سىيىۋېتىدۇ، سەۋەبى، زەرگەر كىشىلەرنىڭ ئالتۇننى زىرە ـ ئۈزۈك سوقۇپ بېرىش جەريانىدا ئوغرىلىۋېلىپ، كىشى ھەققىگە بوغۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ھېسابىنى بېرىپ بولالماي ئازاب تارتىدۇ، گەرچە ئات تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ، گۆردىكى ئازابنى سېزەلەيدۇ، شۇڭلاشقا قورقۇنچتا سىيىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە: «سىيەلمەس كېسىلى بولۇپ قالغان ھەرقانداق ئاتنى سىدۇرۇش ئۈچۈن زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ يۈرگۈچە سېلىق، ھەق، جەرىمانە يىغىدىغانلارنىڭ قېشىدىن ئۆتكۈزسىلا ئات قورقۇنچتىن سىيىۋېتەرمىكىن» دەيمەن. مېنى ھەرقاچان ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق گەپنى قىلىپ ۋاقتىمنى ئالدى دەپ ئويلاپ قالغانسەن. بوپتۇ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي: «ھەممە گەپنى بايام دېدىم، شەھەرگە كىرمەي ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن. ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرسەڭ، شەھەر ئىچىندە خاتىرجەم ماڭغىلى بولمىغان. ئاپتوبۇسنىڭ دەردى تېخى يامان. شۇڭا، ئايروپىلاندىن بىرنى ئالاي دېگەنتىم. ئايروپىلان دېگەن نەرسە ئاسماندا ئۇچقاندىكەن، ھېلىقىدەك كىشىلەر ئۇ ھەق، بۇ جەرىمانە دەپ تۇرۇۋالماس. شۇڭا، ئاپتوبۇسۇمغا خېرىدار ئىزدەپ گېزىتكە بىر ئېلان بەرگەن بولساڭ، ئاپتوبۇسنى سېتىۋېتىپ ئايروپىلاندىن بىرنى ئالاي دەيمەن. قارايسەنغۇ؟

www.uyghurkitap.com

كىچىكرەك ئايروپىلاندىن بىرنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار مېنىڭ. يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن.»

ئۇ، دېۋاندا كېرىلىپ ئولتۇراتتى. كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسىغا، قامىتىگە خېلىلا سۆلەت بېغىشلاپ تۇرغان كاستۇم - بۇرۇلكىسىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدىم. ئۇبدان چېگىلمىگەن گالستۇكىنىڭ بىر ئۇچى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدىن بىر غېرىچ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

# سۆگەل

سەمەت ئىنژېنېر بۇگۇنمۇ ئادىتى بويىچە دەل سائەت بەش يېرىمدا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى يوتقاندىن يېرىم چىقىرىپ، ياستۇققا يۆلەندى ـ دە، تاماكا يۆگىگەچ خىيالغا كەتتى:

— توۋا، ھېلىقى چۇشنى بۇگۇنمۇ يەنە كۆرۇپتىمەن. بۇگۇنكىسى بىلەن جەمئىي بىر يۇز توقسان توققۇز قېتىم بوپتۇ. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ئوخشاشلا بىر خىل چۇشنى ئادەم ئارقىمۇ ئارقا بىر يۇز توقسان توققۇز كۇندە بىر يۇز توقسان توققۇز قېتىم كۆرسە ـ ھە! — ئۇ يۆگەپ بولغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق شورىغىنىچە خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئىدارىدىغۇ يېقىندىن بېرى مىش ـ مىش گەپلەر خېللى ئاۋۇپ قالدى. كۆپ ساندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاغزىدا، — ئۆتكەنكى سايلام كۇچكە ئىگە بولىدىكەن، سەمەت ئىنژېنېرنىڭ سايلامدا ئېرىشكەن بېلەتى ئېتىراپ قىلىنىدىكەن. . . دېگەنگە ئوخشاش ئادەمنى ئۇمىدلەندۇرىدىغان گەپلەر. دېمىسىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا دائىم قوپال مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلەرمۇ يېقىندىن بۇيان خېلى يۇمشاپ قالدى. تاقىرباش ئىشخانا جۇرىنى غالىبنىڭ ئالايىتەن ئالدىمغا كېلىپ ئەھۋال سوراپ كېتىشىمۇ، يەنە مالىيە بۆلۇمىنىڭ باشلىقى جاڭ «غورا» نىڭ ئالاھىدە ھېجىيىپ، پاپىروس تۇتۇپ كېتىشلىرىدىمۇ بىر گەپ بار، — سەمەت ئىنژېنېر قويۇق، كۆكۇش تاماكا ئىسىنى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا پۇۋلىگەچ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىپ راستىنىلا ئەمەلدار — ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالارمەنمۇ؟ ئىدارىنىڭ ھازىرقى قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، گادايلىقتىن، قەرزدارلىقتىن قۇتۇلدۇرارمەنمۇ؟ قەرز بىر مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن بۇ ئىدارە تەۋەلىكىدىكى ئۈچ زاۋۇت كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يىلمۇ يىل زىيان تارتىش ھالىتىنى پايدا ئېلىش، ئۆزىنى- ئۆزى بېقىش ھالىتىگە كەلتۈرەلەرمەنمۇ؟ تەس... تەس... مەن يولۋاسقا مىنىپ قالىمەنمۇ نېمە!؟ بولمىسا ئۆزۈمنىڭ بىر ئوبدان ئىنژېنېرلىقىمنى قىلىپ، يېزىۋاتقان ئىلمىي ماقالەم بىلەن ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتىمنى تاماملىغىنىم تۈزۈكمىكىن. نېمە پايدىسى ئەمەلدار بولدۇم، دەپ ئوشۇقچە باش ئاغرىقى تېپىۋالغاننىڭ. بىراق، ئىدارىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇ چۇۋالچاق پېتى كېتىۋەرسە، ئىدارىمىز تەۋەلىكىدىكى بۇ زاۋۇت - كارخانىلار ئاز كۈندە ۋەيران بولۇپ تاقىلىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىمنىڭ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا ئائىت ئېلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرىمنىڭ نېمە كېرىكى بولىدۇ! دۆلەتكە بولغان شۇنچە كۆپ زىياننى كىم تۆلەيدۇ؟ ئىشسىز قالغان شۇنچە كۆپ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالا- چاقىلىرىنى كىم باقىدۇ؟ ياق- ياق! چوقۇم ئەمەلدارمۇ بولىمەن، ئىنژېنېرلىقنىمۇ قىلىمەن. ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالماي، تۈزىمەي بولمايدۇ. ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس دېگەن گەپ بار. قىيىنچىلىق، توسالغۇلاردىن قورققان ئادەم ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. كاللام كۈندۈزى ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش ئۈچۈن، كېچىسى ئىنژېنېرلىق ئۈچۈن ئىشلىسە بولمىدىمۇ؟ ھالقىلىق پەيتتە قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ سەمەت، ئۇيات! شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا مەيدەڭگە مۇشتلاپ چىققان ئىكەنسەن، ئەمدى ئىرادەڭدىن قايتما! ساڭا

خەق بىكاردىن ئىشەنچ باغلىمىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلىگەنلىك ئۈچۈنلا، نامزاتتا يوق سايلانغۇچى بولۇپ، شۇنچە كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، ساندۇقتىن چىققان باشلىق بولۇپ قالغانىدىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچى ئەمەسمۇ؟

ئۇ تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ شورىۋالدى ـ دە، كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ، بۇنىڭدىن بىر يۈز توقسان توققۇز كۈن ئىلگىرى سايلام بولغان كۈننى ئېسىگە ئالدى.

شۇ كۈنى يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىدارىدا ئاممىنىڭ رايىنى سىناش، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە نەق مەيداندا ھەل قىلىش، شۇنداقلا رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەڭشەش چوڭ يىغىنى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا ئېچىلغانىدى. ئەنە شۇ يىغىندا سەمەت ئىنژېنېر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى تەلەپ قىلىپ سۆزگە چىقىپ، دەسلەپ ئىدارە قارمىقىدىكى ئۈچ زاۋۇت كارخانىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرىنى، ئاندىن كېيىن ئىدارە رەھبەرلىك ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتچىلىك، مېھماندارچىلىق، سەيلە ـ ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە، مەجلىسۋازلىق ئىللەتلىرىنى، مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىق، پىلانسىزلىق، ئىسراپچىلىق قىلمىشلىرىنى، شۇنداقلا ئىدارە رەھبەرلەرنىڭ پارىخورلۇق، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشتەك ناتوغرا ئىستىللىرىنى ئەمەلىي مىسال، ئېنىق دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىدى. ئاخىردا ئىدارە قارمىقىدىكى زاۋۇت كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش، ئۇنۇملۈك باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش، مەھسۇلاتلىرىنى

بازار ئەھۋالىغا ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ھەم كۆپ خىللاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بىر مىليون يۈەنلىك زىياننى بىر يىل ئىچىدە تۆلەپ بولغاندىن سىرت، پايدا ئېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر، تەدبىرلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تىمتاسلىقتا چۆمگەن زال ئىچىنى بىردىنلا ئۇزاققا سوزۇلغان ئالقىش سادالىرى قاپلىدى. يىغىن رىياسەتچىسى قايتا ـ قايتا تۇۋلاپ يۈرۈپ ئاران بېسىقتۇردى. شۇ قېتىمقى سايلامدا گەرچە سەمەت ئىنژېنېرنىڭ ئىسمى نامزاتلار قاتارىدا بولمىسىمۇ لېكىن ھەممە بىلەتكە ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى، لېكىن نىمە ئۈچۈندۇر يىغىن رىياسەتچىسى، يىغىندىن تولۇق خۇلاسە چىقارمىدى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ سەمەت ئىنژېنېر ھەر كۈنى كېچىسى ئۆزىنى ئىدارىغا بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ چۈشەپ چىقتى. مانا بۈگۈنكى ئۇنىڭ بىر يۈز توقسان توققۇزىنچى قېتىم كۆرگەن چۈشى ئىدى . . .

— ھوي ئادەم، نېمانچە بۇتتەك قېتىپ كەتتىلا؟

تۈگىمەس خىياللار دېڭىزىدىن باش كۆتۈرگەن سەمەت ئىنژېنېر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىۋاتقان ئايالىغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— قاچان ئويغاندىڭ؟ قارا، مەن بۈگۈنمۇ ھېلىقى چۈشنى يەنە كۆرۈپتىمەن.

— يەنە شۇ يېرىم كېچىدىمۇ؟ — سورىدى ئايال كۈندىكى ئادىتى بويىچە «چۈشلىرى يارىشا» دېگەن سۆزنى دېمەي، خۇشياقمىغان ھالدا.

— ياق، بۈگۈن سەھەرگە يېقىنراق كۆرۈپتىمەن. كۆرۈپ بولۇپلا ئويغىنىپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئايال بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — باشلىق بولىدىغانلىرى راست ئوخشايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سەمەت ئىنژېنېر.

— چۈنكى، — دېدى ئايال ئويچانلىق بىلەن، — سەھەر ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشنىڭ كۆپىنچىسى راستقا ئايلىنارمىش ھەمدە ئوڭىدا ئايان بولارمىش. كونىلارمۇ سەھەردە كۆرگەن چۈشنى خاسىيەتلىك چۈش دەيدۇ ئەمەسمۇ!

— بۇۋىلەرگە ئوخشاش گەپ قىلمىغىنا، — دېدى سەمەت ئىنژېنېر قولىنى سىلكىپ، — چۈش دېگەن بەرىبىر چۈش، ئۇ قانداقمۇ رېئاللىقتىن بېشارەت بېرەلىسۇن؟

ئايال ئېرى بىلەن ئارتۇقچە گەپ تالىشىپ يۈرۈشنى خالىمىدىمۇ قانداق، ئارتۇق گەپ قىلمايلا، ئىشكاپتىكى يۇيۇپ، دەزماللاپ قويغان كۆڭلەكتىن بىرنى ئېلىپ ئۇزاتتى:

— مەسىلە، كۆڭلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالسىلا، — ئايال ئېرىگە شۇنداق قاراپلا بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — ۋاي ئانامەي، ئېڭەكلىرىدىكى نېمە ئۇ؟

— نېمىكەن؟ — دېدى سەمەت ئىنژېنېر پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— مەسىلە، ئۆزلىرى قاراپ باقسىلا، — ئايال ئۇستەل ئۈستىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ ئېرىغا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ئەينەك تۇتقان قوللىرى سېزىلەرلىك دەرىجىدە تىترەۋاتاتتى.

ئىنژېنېر ئەينەكتىن ئېڭىكىدىكى ئاق قوناقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تال سۆگەلنى كۆرۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— سۆگەلكەنغۇ بۇ، مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ مەن تېخى ئېڭىكىمدىكى ساقاللارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن قاريداپ قالغانمىكىن دەپتىمەن.

— توۋا دېسىلە، قالايمىقان سۆزلىمەي، — دېدى ئايال جىدديي يوسۇندا، — ئېڭەكلىرىدە بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ سۆگەل ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. مەن دېدىمغۇ

ئاشۇ ۋاقىتتا، سىڭگەن نانلىرىنى يەپ شۈك ئولتۇرساق
ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسىلا، باشقىلار بىلەن پۈتۈن تىپىشمىسىلە، خەق ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى خەجلەمدۇ، بۇزۇپ - چاچامدۇ ياكى باشقىلاردىن پارە ئېلىپ ئۆزىنى سەمرىتەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن دېسەم، گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭلا، شۇنچە چوڭ يىغىندا قىزىققانلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدىڭلا، مەن ئۆز ۋاقتىدا سىلىنىڭ كۆرگەن ئاشۇ چۈشلىرىدىمۇ چوقۇم بىر گەپ بار، دەپ ئويلىغانتىم. ھەي . . . سىلىنىڭ چۈشلىرى تەتۈرسىگە ماڭىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئېگىز كىلىرىگە چىققان بۇ سۆگەل چوقۇم بىرەر بالا قازانىڭ بېشارىتى، — ئايال يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. لەۋلىرى تىترەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ۋاي خۇدايىم، نېمىشقا بۇرۇنراق نەزىرە بېرىپ، خەتمە ئوقۇتۇۋەتمىگەندىمەن. ئەمدى قانداق قىلارمىز. . .

ئىنژېنېر ئايالىغا تەسەللى بېرىشنى خالىمىدىمۇ ياكى تەسەللى بەرگەننىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئويلىدىمۇ قانداق، ئايىلىنىڭ غەم - تەشۋىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا يوشۇرۇنچە قاراپ قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. — ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئايال ئېرىنى توختىتىپ، — ئىدارىغا بارغۇچە بەش - ئالتە كوي پارچە پۇل چىقىرىپ ساھىللارغا سەدىقە بېرىۋەتسىلە جۇما!

— نېمىشقا؟ — دېدى ئىنژېنېر ئايالىنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە.

— نېمىشقا - پېمىشقىلارنى قويسىلا، — دېدى ئايال رەنجىش تەلەپپۇزىدا — بەش كوي پۇل دېگەن بېشىمىزدىن ئۆتۈپ چىقمىغاندىكىن، ماقۇل، دەپ سەدىقە قىلىۋەتسىلە «تۇۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ كۆرۈنە -

كۆرۈنمەس كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ياخشى ـ يامان كەلگەن چۈشلىرىنىڭ سەدىقىسى بولۇپ قالسۇن، ماڭىسلا، ئىشلىرىغا بارسىلا، خۇدايىمغا ئامانەت! خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئۇ ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي ئىشكتىن چىقتى. . .

* * *

سەمەت ئىنژېنېر خۇشال هالدا كەچتە ئۆيگە كەلگەندە، ئايالى ئىشىك تۈۋىدە بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىغان، قولتۇقىغا زەللە قىسقان موللا سۈپەت بىر كىشىنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— خەتمە ئوقۇتتۇم، — دېدى ئايال مەمنۇن بولغان هالدا. ئېرى سورىمىسىمۇ ئۆزىچە ئېغىز ئېچىپ، — قانداق، سەدىقە بېرىۋەتتىلىمۇ؟

— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى ئىنژېنېر پەرۋاسىز هالدا.

— يائاللا، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كارغا كەلمەيلا ـ دە! — دېدى ئايال نارازى بولغان هالدا غۇدۇراپ تۆت ـ بەش كوي پۇل باشلىرىدىن ئۆرۈپ چىقماستى.

سەمەت ئىنژېنېر ئايالنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئادراسمان، ئارچا ياغىچى، قوي يېغىنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى بىر ئالغان ئۆيگە كىردى ۋە دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ كارۋات ئۈستىدىكى قاتلاقلىق تۇرغان گىلەمنى كۆرۈپ هەيران قالدى.

— بۇ گىلەم. . . ؟

— نېمىشقىمۇ پۇل بۇزۇپ گىلەم ئېلىپ يۈرۈيدىغانلا؟ — سەمەت ئىنژېنېر ئەمدىلا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئايالى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان ئاشۇ ئىككى

بالىغا پۇل يېتىشتۈرەلمەيۋاتقاندا، بۇ نەرسىگە بىر گىلىي نەدە پۇل. گىلەم ئالساقمۇ بالىلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئالساقمۇ بولاتتىغۇ؟

سەمەت ئىنژېنېر بىرەر ئۇقۇشماسلىقنىڭ بولغانلىقىنى سېزىپ سورىدى:

— بۇ گىلەمنى كىم ئەكەلدى؟

— بۇرۇن بىر يەردە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. كوسا، سېمىز، دىقماقتىنا كەلگەن، سىلىق قوراملىق بىر كىشى، — سەمەتكام ئۆتكەن ئايدا بۇيرۇتۇپ قويغانىدى. خوتەندىن ئالغاچ كەلدىم، — دەپ تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدىمۇ؟

— ھە راست، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇلۇپ قالغىلى. ئۇ ئادەم ئىسمىنى ماڭا خۇددى كىچىك بالىغا گەپ ئۆگەتكەندەك قايتا - قايتا ئېيتىپ بېرىپ كەتتى. ئىسمى نۇرھەسەنكەن.

— نۇرھەسەن؟ — سەمەت ئىنژېنېر بۇ ئىسىمنى تولىمۇ سەسكەنگەن ھالدا تىلغا ئالدى، — چاققانلىقىنى كۆرۈڭ بۇ مەرەزنىڭ، بۈگۈن مىنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىمنى ئاڭلاپلا، ئۇستىلىق بىلەن ماڭا ئالدىن يەمچۈك تاشلاپتۇ - دە!

— نېمە دېدىلە؟ راستتىنلا ئىدارە باشلىقى بوللىما؟

— ھەئە، — دېدى سەمەت ئىنژېنېر قىسقىلا قىلىپ.

— ئۇھ. . . ھ . . . خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى ئايال غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — قوللىرىغا ئەمەل كىرگەن بولسا، ئەمدى ھېچكىممۇ بىزگە چېقىلالمايدۇ.

ئايال بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكە ئۆتتى، — لېكىن ئۇياندىن ئەمەل تۇتۇپ، بۇ ياندىن ئۆي بېزىگىلى تۇرساق ياخشى بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە،

بۇ گىلەمگە بەرگىلى ئۇشۇق پۇلمۇ يوق، — توغرا تاپسىلا، بۇ گىلەمنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىش كېرەكتەك بىلىنىدۇ. ئۇششۇقچە ھەشەمەتچىلىك قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ئۆيىدە گىلەم بولمىسا بولمامدىكەن يا؟

— گېپىمنى چۈشەن خوتۇن، — دېدى سەمەت ئىنژېنېر ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ساددىلىق بىلەن قىزىپ سۆزلەۋاتقان ئايالىنى گەپتىن توختىتىپ، — مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق گىلەم گېپىنى قىلغىنىم يوق. نۇرھەسەن دېگەن بۇ ئادەم سابىق ئىدارە باشلىقىمىزنى مۇشۇنداق سوۋغا تەقدىم قىلىش، پارە بېرىش. . . ئارقىلىق ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ، ئىدارىمىز قارمىقىدىكى زاۋۇت - كارخانىلار ئىشلەپ چىقارغان بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا نېسىگە ئېلىپ، باشقىلارغا ئىمزىدا تۇرغۇزۇپ ھايىنىغا سېتىپ، ئۆزىنى سەمرىتىۋاتقان بىر تۇلۇم چاشقان. ئۇ بۈگۈن مېنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپلا، دەرھال بۇ گىلەم ئارقىلىق ئاغزىمنى ياغلىماقچى، مەندىن نەپ ئالماقچى بوپتۇ، — ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستاتلىقىنى قاراڭ. ئۇنداق نېمىلەر ئادەمنى ئورىغا ئىتتىرىشنى كۆزلەيدۇ. شۇڭا، بۇ گىلەمنى قوبۇل قىلمايلى، بۇنداق ھارام نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى بۇلغىمايلى، قانداق دېدىم!؟

ئىنژېنېر ئايالىنىڭ تەشەببۇسىنى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

— ھوي، ئېغەكلىرىدىكى ھېلىقى سۆگەل يوققۇ؟ — سورىدى ئايال ئېرىنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ.

— ھە، سۆگەلنى دەمسەن؟ — دېدى ئىنژېنېر پاكىز قىردۇرۇلغان ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بايام ساتىراش ئۇستام ساقىلىم بىلەن قوشۇپ كېسىپ تاشلاپتۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! ساتىراچ ئۇستامنىڭ بۇ قىلغىنى پەقەتلا بولماپتۇ، — دېدى ئايال خاپا بولۇپ، — بەلكىم ئۇ يارىشىدىغان سۆگەل بولغىيتتى.

سەمەت ئىنژېنېر ئايالىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مۇشۇ كۈندە نېمانداق تۇتامى يوق گەپلەرنى قىلىدىغانسەن خوتۇن. ئەتىگەن ياراشمايدىغان سۆگەل دەيسەن، مانا ئەمدى . . . قۇرۇق خىيالغا ئاز بېرىلگىن. داخان، بۇۋىلەر بىلەن ئازراق ئارىلاشقىن ـ ھە!

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق پاراڭ سېلىشتى.

تاماقنى يەپ بولۇپلا يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەن سەمەت ئىنژېنېر، قانداقتۇر ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش ھەرخىل سىزىقلار بىلەن تولغان بىر قۇچاق ماتېرىيالنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ يېزىش، سىزىش، ھېسابلاش . . . ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قايسى ۋاقىتتا يېزىق شىرەسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى.

. . . ھېلىقى گىلەم تۈيۈقسىز لۆمۈلدەپ تۈرغان ئۇششاق قۇرتلارغا ئايلاندى. سەمەت ئىنژېنېر بۇ سېسىق قۇرتلارنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تالاغا ئاچىقىپ تۆكتى. لېكىن، قۇرتلار ئۆيدە ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇراتتى. يەنە تالاغا ئاچىقىۋەتسە يەنە پەيدا بولاتتى. ئاخىر ئىنژېنېر بىلەن ئايالى قۇرتلارنى تۇشۇپ بولالماي ھېرىپ كەتتى. بىر چاغدا تۈيۈقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە نۇرھەسەن قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر قوللىرىدا ھەر خىل تەخسىلەرنى كۆتۈرۈشكىنىچە كىرىپ كەلدى. ئىنژېنېر ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەخسىگە شۇنداقلا قاراپ سەسكىنىپ كەتتى. چۈنكى، تەخسىلەردە بايىقىغا ئوخشاش سېسىق گەندە قۇرتلىرى مىغىلداپ تۇراتتى. ئىنژېنېر ئۇلارنى چىرايلىق ھەم سەت گەپ قىلىپمۇ ئۆيدىن چىقىرالمىدى. ئۇلار

بىزەڭلىك بىلەن قولىلىرىدىكى تەخسىلەرنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ھىجىيىپ، خۇشامەت قىلىشىپ تۇراتتى. ئىنژېنېر ئاخىر ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە سەكرىدى ــ دە، بىنانىڭ تۈۋىدىكى بىر ئاق پىكاپنى ھەيدەپ قاچتى. لېكىن، ئۇ پىكاپنى شۇنچە يۇقىرى سۈرئەتتە ھەيدىسىمۇ، نۇرھەسەن قاتارلىق ھېلىقى تەخسە كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ كىشىلەر ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پىكاپقا يېتىشىۋالماقتا ئىدى. تويۇقسىز پىكاپنىڭ ئالدى ئەينىكىدە سابىق ئىدارە باشلىقىنىڭ سوغۇق تەلەتى كۆرۈندى. ئۇ مەسخىرىلىك ھىجايدى:

— قانداق، بىزنى پارىخور دەپ ئەيىبلىگەن نوچى! قېنى ئەمدى بۇلارغا نېمە دەيسەنكىن؟ سەن ئۇلارنىڭ تەخسىلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئالماي قۇتۇلۇپ باققىنچۇ قېنى. ئالامسەن؟ ئېلىۋە! ساددىلىق قىلما، گېپىمنى ئاڭلا، بۇ زاماندا پارە ئالمايدىغان، سوۋغا قوبۇل قىلمايدىغان بىرمۇ ئەمەلدار يوق. قولۇڭدا ھوقۇق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار ساڭا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئالماي قۇتۇلالمايسەن. بۇمۇ سېنىڭ ئەمەل مەرتىۋەڭنىڭ ھۆرمىتى، يارىشىقى، نېمە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسەن؟ ئال ئەخمەق، ھا . . . ھا . . . !

ئىنژېنېرنىڭ بېشى قايدى. بىر ئامال قىلىپ ماشىنىنى توختىتىۋالدى، رولغا بېشىنى قويۇپ بىر دەم تۇرۇۋالدى، قانداقتۇر بىر تىۋىشنى سېزىپ كابىنكا ئىچىگە قارىدى. بۇنىڭ ئىچىمۇ سان ــ ساناقسىز گەندە قۇرتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن تېنى جۇغۇلداپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئىنژېنېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوت قويۇۋېتىمەن بۇ نىجىس قۇرتلارغا، نەسلىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلتىزىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن!
— ھوي ئادەم، نېمە بوللا؟ كۆزلىرىنى ئاچسىلا!
چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمگەن ئىنژېنېر ئايالىغا چۆچۈپ قارىدى. ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. كۆزى كارۋاتتىكى ھېلىقى گىلەمگە چۈشۈشى بىلەن ئىچ - ئىچىدىن سەسكەندى.
— بىر نېمە يازىمەن دەپ جانلىرىنى قىيناپ ئۇ يەردە ئۇخلىغىچە، يوتقانغا كىرىپ ئۇخلىسىلا بولمامدۇ؟ قاتتىق يەردە ئۇخلاپ قارا باسقان ئوخشايدۇ، — ئايال ئېرىگە كايىغاچ بېرىپ، چايداندىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ، قوش قوللاپ ئۇزاتتى.
ئىنژېنېر ئۇن - تىنسىز چاينى ئىچتى - دە، بىر ئاز ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن سائەتكە قارىدى. سائەت بەش يېرىم بولغان بولۇپ، ئۇپۇق سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى. ئۇ، يېزىق شىرەسى ئۈستىدىكى كېچىدىن بېرى قايتا تەييارلىغان ماتېرىياللارنى ئايرىم - ئايرىم رەتلىدى. ئاندىن كارۋات ئۈستىدىكى گىلەمنى خۇددى نىجاسەتنى تۇتقاندەك يىرگىنىپ قولىغا ئالدى.
— بۇنچە سەھەردە نەگە بارىلا؟
— ئىدارىغا، — دېدى ئىنژېنېر ماڭغاچ جاۋاب بېرىپ.
— گىلەمنىمۇ ئىدارىغا ئاپىرامالا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئايال، — ئاخشام ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەيلى دەۋاتاتتىلىغۇ؟
— بولدى قوي نۇرھەسەندەك ئادەملەرگە يۈز - خاتىر قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، — ئايالىغا بۇرۇلۇپ قول سىلكىدى ئىنژېنېر، — مەن بۇ گىلەمنى ئىدارىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن.
— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟! بىرىنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئۆسۈپ چىقىپتۇ ئەمەسمۇ؟

— غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتقان ئىنژېنېرنىڭ ئېغىكىدىكى تۈنۈگۈن كېسىۋەتكەن سۆگەلىنىڭ ئورنىغا چىققان نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سۆگەلنى كۆرۈپ، ئايالى قورقۇنچتىن ۋارقىرىۋەتتى.

— كېرەك يوق خوتۇن، — دېدى ئىنژېنېر پۈتۈنلەي سۆگەل بېسىپ كەتكەن ئېغىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بۇ پەقەت كۆزگە چېلىققان سۆگەلىنىلا كېسىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس يوشۇرۇن يىلتىزلىرى بىلەن كارىم بولمىغانلىقىنىڭ كاساپىتى. بۇ بىر ساۋاق بولدى. مەن بۇ سۆگەللەرنى تۈپ يىلتىزىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن.

قاتتىق ۋەھىمىدە بۇگۈنمۇ ئۆيدە يەنە بىر قېتىم خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇشنى ئويلاۋاتقان ساددا ئايال، ئېرىنىڭ نېمە دەۋەتقانلىقىنى چۈشەنمەيلا باش لىڭشىتتى...

1989 ـ يىل، ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## داۋۇت داڭقان

قوش قاناتلىق دەرۋازا، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىغا قىزىل سىردا: «ئائىلە باشلىقى داۋۇت داڭقان. بەش نوپۇس بار. تۇغۇت ۋەزىپىسى توشتى. تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللىنىشى كېرەك، ئەمدى تۇغسا جەرىمانە ئېلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. يەنە بىر قانىتىغا: «قايناق سۇ ئىچىش، سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك»، «قانۇن ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ھەممە پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى» دەپ خۇشخەت بىلەن يوغان يېزىلغان. ھويلا تېمى زەيلەپ، ئۇلى شورىداپ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ دەرۋازىمۇ ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئىچى خېلىلا كەڭرى ھويلا. باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى ھويلىغا كەڭرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ھويلىغا سۈپۈرگە تەگمىگىلى خېلى بولغان بولۇپ، ئەخلەت ـ چاۋالار بىلەن تولغان. ھويلىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن قومۇش، ئازغان، خوخا تىكەنلەر ئۈنۈپ چىققان. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى شاخ ـ شۇمبا بىلەن توقۇلما تام قىلىپ توسۇپ قويغان ئىككى ئېغىز ئېغىل قۇپقۇرۇق. ئۇنىڭدا نە ئېشەك، نە ئۆچكە ـ قوي يوق. ئېغىلمۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇ ھويلىغا ئوخشاش چۆلدەرىگەن. دەرۋازىدىن كىرىشتە، ئۇدۇلدا ئۆز ۋاقتىدا خېلى ئىشلەپ سېلىپ ياپقان ئۈچ ئېغىز پېشايۋانلىق ئۆي، ھازىر ئۇنىڭ پېشايۋىنىمۇ يوق. ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىمۇ ئېچىۋېتىلگەن. شۇنداقلا قارىغان كىشىگە بۇ يەر ئادەم ئولتۇرمىغىلى ئۇزاق بولغان خارابىلىكتەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ساق قالغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق. گويا بۇ ئۆينى ئاشۇ سېخى قۇياشنىڭ نۇرىمۇ ئۆگەيلىگەندەك، يات كۆرگەندەك. ئۆيگە ئىشىكتىن كىرىشتە، ئۇدۇل تەرەپتىكى مورا ئوچاقتا بىر قازان ئېسىقلىق. ئوچاقنىڭ بىر مورىسىدە قازاننىڭ تۇۋىقى، يەنە بىر مورىسىدە بىر ئال ياغاچ ئاياق بىلەن گىرۋىكى پۇچۇلىپ كەتكەن تاش چىنە. ياغاچ ئاياقتا ئۇماچ يۇقۇندىلىرى قېتىپ قالغان. تاش چىنىدە چىلاپ يەپ يېرىمىدىن ئازراق ئېشىپ قالغان نان كۆكۈرۈپ، پاختىلىشىپ كەتكەن. چىنىنىڭ ئەتراپىدا يۇزلەپ چىۋىن گىژىلدايدۇ. ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ سېلىنغان سۇپىغا بەكرەك سىنچىلاپ قارىمىسا، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تەكلىماتنى توپىدىن ئايرىۋالماق تەس. ئاشۇ سۇپىنىڭ ئۈستىدە داۋۇت داڭقاننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر ئاي بولاي دېدى. ئۇ يېپىنغاندىن بېرى بىر قېتىممۇ يۇيۇلمىغاندەك كىرلىشىپ، ئەستىرىنىڭ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان يوتقانغا بېشىنى چۆمكەپ ياتقىنى ياتقان. ئۇنىڭ بېشىدىكى قۇراق تەكيىنىڭ يېنىدا بىر چىغ چايدان، بىر پىيالە، لېگەندە ئىككى زاغرا بىلەن بىر ئاق نان قويۇقلۇق. نانلار قۇرۇپ تاراڭلاپ كەتكەن. چاشقانلار غاجىلاپ قويغانمۇ قانداق، گىرۋەكلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى پۇچۇق. سۇپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى مىخلىرى ئاجراپ كەتكەن كونا ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئاشۇ ساندۇقتىن سەل كىچىكرەك بىر تۆمۈر قەپەس، قەپەسكە بىر تاغىل مۈشۈك سولاقلىق. مۈشۈك ئۆينىڭ بۇ ۋەيرانە ھالىتىنى، ئىگىسىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈشنى خالىمىدىمۇ ياكى تۆمۈر قەپەستىكى قىسمىتىگە شۈكۈر قىلىۋاتامدۇ، ئەيتاۋۇر كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالغان. . .

ھاۋاز شۇجى داۋۇت داڭقاننى ئۇششۇقلۇق قىلىپ يېتىۋالدى، بىر يېرى ئاغرىمايدۇ، يالغان كېسەل،

كۆكەمىلىك ـ زەمبىلكەشلىك قىلىپ مېنى قورقۇتماقچى، قېنى نوچى بولسا ئاشۇنداق يېتىۋەرسۇن، دەپ كەنت دوختۇرىنى ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى. داۋۇت داڭقان بولسا بىر ئايدىن بېرى قوشنىلار سۇنغان بىر قاچىدىن ساۋاب ئاش ياكى بىرەر ـ يېرىمدىن ساۋاب نانلارنى يەپ مىدىرلىماي ياتىدۇ.

مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر تۇلۇمچاشقان ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەلدى. چاشقان ئاستا ماڭاتتى، مىڭىشلىرى غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە بۇنداق مىڭىشقا، يورۇش ـ نۇر ۋۇشقا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. نان قاتتىق ئىدى. چاشقاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ غاچىرلاشلىرىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلىپ يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلاپ قەپەستىكى مۈشۈك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى. كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەتلىك قىزىل نۇر چاچرىدى، ئۆزىنى قەپەسكە ئۇردى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلىدى. قەپەس مۇستەھكەم ئىدى، سىم تۈمۈرلەر بىلەن مەھكەم توقۇلغانىدى. ئۇ ئىلاجىسىز كۆزىنى چاشقانغا مىختەك تىكتى. چاشقان مۈشۈكنىڭ شەپىسىدىن بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈردى، چېكىتتەك قاپقارا كۆزلىرى بىلەن مۈشۈككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىك، يارىتمىغاندەك تۈيغۇدا شۇنداقلا قارىدى ـ دە، يەنە بەخىرامان نان غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ نان غاجىلىشىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋازى چىقاتتى.

* * *

مايادۆڭ كەنتىدە داۋۇت داڭقان تولۇق ئوتتۇرىغىچە

ئوقۇغان بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك دېھقان ئىدى. ماياقدۆڭدە تونجى بولۇپ بېشىغا چاچ قويغانمۇ، شىلەپە، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا گالستۇك چىگكەنمۇ، يالاڭۋاشتاق يۈرگەنمۇ، ھەتتا مەسچىتكە يالاڭۋاشتاق ناماز ئوقۇغىلى كىرگەنمۇ شۇ ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرى ماياقدۆڭدە ياشلارنى قىزىقتۇرغان بىلەن، ھاۋاز شوجى، ئىمام ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقمىغانىدى. ئۇ ئۆز سۆزلۈك، چاقچاقچى، گەپدان ئىدى. خېلى مەن - مەن دېگەن ئادەممۇ ئۇنىڭغا گەپ چىقىشتۇرۇپ بېرەلمەيتتى.

ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ ھەممىسى شوجىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، قاش كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمايتتى، ماياقدۆڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامىدىنمۇ بەكرەك ئەيمىنەتتى، لېكىن ھاۋاز شوجى داۋۇت داڭقاندىن ئېھتىيات قىلاتتى. داۋۇت داڭقان بار يەردە گەپ - سۆزگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. كەنت تەشكىلى نامىدىن تۈزگەن يېڭى قائىدە - تۈزۈملەرنى ماياقدۆڭ خەلقىگە جاكارلىماقچى بولسا، ئىمكان بار داۋۇت داڭقاننىڭ يوق ۋاقتىغا توغرىلايتتى. چۈنكى، ھاۋاز شوجى ماياقدۆڭلۈكلەرگە تۈزۈپ بەرگەن قۇمدەك قائىدە - تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن ئېلىنغان ئېغىر جەرىمانە - سېلىقلارغا ماياقدۆڭلۈكلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان، قوشۇلىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار دېسە، ھاۋاز شوجىدىن قورقۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنى بىلەن، بۇ قائىدە - تۈزۈم، جەرىمانە - سېلىقلاردىن شۇنچىلىك زېرىككەن، ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئوقۇغان نامازلىرىدا خۇدادىن ھاۋاز شوجىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەپ، جەرىمانە - سېلىقلارنىڭ تېزرەك ئەمەلدىن قېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىسىمۇ لېكىن بىر ئېغىز قارشى پىكىر قىلىشمايتتى. يىغىننى جىمجىت ئاڭلاپ، ئۆيلىرىگە جىممىتىلا كېتىشەتتى. ئىچىدىكىنى ئىنسانغا تىنمايتتى. دىلىدا خۇداغا نىدا قىلاتتى.

لېكىن، داۋۇت داڭقان بولسا ئىش ئۇنداق بولمايتتى. ئۇ هاۋاز شۇجى جاكارلىغان قائىدە ـ تۈزۈملەردىن بىر مۇنچە پۇتاق چىقىراتتى. قارشى، لېكىن يوللۇق پىكىرلەرنى بېرەتتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىغا ئائىت بىر مۇنچە سوئاللارنى قويۇپ، هاۋاز شۇجىنى تەمتىرىتىپ قوياتتى. هاۋاز شۇجىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «بىر مۇنچە داڭقان پۈتى گەپلەر بىلەن كەنت تەشكىلىگە قارشى» چىقاتتى. هاۋاز شۇجىنىڭ تىلى تۇتۇلاتتى. ئۆزىنىڭ داۋۇت داڭقاندەك پات ـ پات گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈپ تۇرمىغىنىغا، ئىشخانىسىدىكى ئاشۇ بىر پاتمان گېزىتلەرنى قېتىنى ئېچىپمۇ قويماي، بويىنىنى قىسىپ خوشامەت قىلىپ كىرگەن بەڭگىلەرگە تاماكا چەككىلى بېرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلاتتى. ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولاتتى. داۋۇت داڭقاننىڭ داۋاملىق گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇيدىغان كۆزلىرىنى قۇيۇۋەتكۈسى، ئويۇپ تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن، ئامال قانچە؟ . . . بۇنداق ۋاقىتلاردا يىغىن هاۋاز شۇجىنىڭ كىملەرنىدۇر بېشەملىك بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. داۋۇت داڭقاننىڭ سوئاللىرى، بەرگەن پىكىرلىرى جاۋابسىز قالاتتى. گەرچە يىغىن بۇزۇلغان، هاۋاز شۇجى تۈزگەن قائىدە ـ تۈزۈمنى تولۇق جاكارلاشقا ئامالسىز قالغان بولسىمۇ لېكىن مايافدۆڭلۈكلەر بۇ قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئۆزلىكىدىن رىئايە قىلاتتى. هاۋاز شۇجى: «پالانى ۋاقىتتىكى ئېلان قىلغان قائىدە ـ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپسەن، جەرىمانە تۆلە» دېسە، غىڭ ـ پىڭ قىلماي جەرىمانە تۆلەيتتى. داۋۇت داڭقاننىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى، قويغان پاكىتلىرى، شاپاشلاشلىرى بىكارغا كېتەتتى. مايافدۆڭلۈكلەر كۆڭلىدە داۋۇت داڭقاننىڭ پىكرىگە قوشۇلسىمۇ، ئىش يۈزىدە هاۋاز شۇجىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمىگە بويسۇناتتى.



www.uyghurkitap.com

ھاۋاز شوجى كاللىسىغا كەلگەن ئوي ـ خىياللىرى بويىچە پات ـ پات ھەر خىل بويرۇق، چاقىرىق، ئوقتۇرۇشلارنى چىقىرىپ، ماياقدۆڭلۈكلەرنى سىناپ باقاتتى. ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ مايادۆڭلۈكلەرگە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلدىغانلىقىنى بىلىپ باقاتتى. بىر كۈنى ھاۋاز شوجى ئاشۇنداق خىيالىنىڭ تۈرتكىسىدە كەنت رادىئو كانىيىدا ئەمگەك كۈچى قوراسىغا يەتكەن بارلىق مايادۆڭلۈكلەرنىڭ ئەتە ئەتىگەن سائەت تۆتتە كەنت كومىتېتى قورۇسىغا يىغىلىشى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەن ئۆزى بېكىتكەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ھاۋاز شوجى كەنت قورۇسىدا چالا ئۇيقۇچىلىقتا ئەسنەشكىنىچە مۆگدەپ ئولتۇرغان مايادۆڭلۈكلەرنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە سائەتنىڭ چېكىتىگە قاراپ تۇرۇپ سائەت دەل تۆت بولۇشى ھامانلا كەنت كومىتېتى قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاتقۇزۇۋېتىپ (بۇ، ھاۋاز شوجىنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈزۈملىرىدىن بىرى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بىر نەچچە سېكۇنت كېچىكىپ قالغانلارمۇ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈلمەي، يوقلىما قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كېچىككەن ۋاقىتنىڭ ھەر سېكۇنتىغا پۇل ھېسابلاپ جەرىمانە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، ھاۋاز شوجى ۋاقىت توشۇشى ھامان دەرھال دەرۋازىنى تاقاتقۇزۇۋېتىپ، ئاندىن يوقلىما قىلىدۇ)، ئۆزى دەپتەرنى ئېلىپ بىرمۇ بىر يوقلىما قىلدى. مەلۇم بولدىكى ئۇنىڭ پەرمانىغا پەقەت داۋۇت داڭقانلا بويۇنتاۋلىق قىلغان. داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆزىمۇ، ئايالىمۇ كەلمىگەنىدى. ھاۋاز شوجى دەرھال دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. دەرۋازا تۆۋىدە ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. ئەسلىدە دەرۋازا تۆۋىدە داۋۇت داڭقان ئايالى بىلەن گۇناھكارلاردەك شۈمشىيىپ تۇرۇشى، ھاۋاز شوجىغا كېچىكىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى، يېلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار يوق

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ھاۋاز شۈجىنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان، قولىقىدا مەھكەم تۇتمىغانىدى. بۇ ئەھۋال ھاۋاز شۈجىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. «بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىۋەتمەسلىك كېرەك، بولمىسا باشقا مايافدۆڭلۈكلەرمۇ داۋۇت داڭقاننى دورايدۇ، ئۇنى بۈگۈن ئاممىا ئارىسىدا جازالاپ، كەنت تەشكىلىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بويسۇنماسلىق قىلغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك».

ھاۋاز شۈجى قاپىقىنى تۈرۈپ كەنت كادىرلىرىغا ۋارقىرىدى:

— قايلاپ تۇرۇشماي نەدىن بولسۇن ئۇنى ئايالى بىلەن تېپىپ كېلىڭلار. ھە دېسە ئادەمنىڭ ساقلىنى تاراپ داڭقان پۈتى گەپ قىلىشقا ئۇستا نېمە ئۇ. قېنى، خەق چىگەن قىناقتا سېنىڭ چىمىگىنىڭنى ئەمدى بىر كۆرەپ باقاي. خەپ، سەن داڭقاننى چېقىپ پارە - پارە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام...

ھاۋاز شۈجى: «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ھە دەپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تالايتتى. مايافدۆڭلۈكلەر بولسا بامدات ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىشىدىن ئالدىراشسىمۇ لېكىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، گەپ - سۆز قىلماي تۇراتتى. بىردەمدىلا كەنت كادىرلىرى داۋۇت داڭقاننى ئالدىغا سېلىپ كېلىشتى. ھاۋاز شۈجى داۋۇت داڭقاننىڭ ئالدىغا چاچراپ كەلدى:

— سەن... چىمىگىنى كۆزەڭگە ئىلمايسەن. سېنىڭ نەزەرىڭدە كەنت تەشكىلى بارمۇ، يوقمۇ؟

— كەنت تەشكىلى ئەلۋەتتە بار، — دېدى داۋۇت داڭقان خاتىرجەم ھالدا.

— نېمىشقا ئالدىڭغا دوغام[1] ئېۋەتمىگۈچە كەلمەيسەن؟

— چالا قاراڭغۇدا بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ قانداق مۇھىم

---

① دوغام — دورغا دېمەكچى.

ئىش قىلماقچىدۇق، شۇجى؟

— مۇھىم ئىش بار ـ يوقلىقى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. كەنت تەشكىلىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشىڭ كېرەك.

— ئەزالارنى تەڭ كېچىدە ئىسسىق يوتقىنىدىن قوغلاپ ئېتىزغا ئاچىقىدىغانغا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. ھازىر دېگەن ئىسلاھات دەۋرى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ۋاقتىدىكى سىياسەت ـ تۈزۈم ھازىر ئاقمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا پۇقرالارنىڭ كېچىلىرى تولۇق دەم ئېلىش ھوقۇقى بار. بۇ قانۇنغا خىلاپ ئەمەس.

داۋۇت داڭقاننىڭ «قارا مۇشۇك» كۆرسىتىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ھاۋاز شۇجىنى تەمتىرەتتى، پېيىنى بوشاتتى، تومۇرىدىكى قايناپ تۇرغان قانلىرى شاپپىدە سوۋىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئاددىي قاراش بويىچە ئېيتقاندا، دۇنيادا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەك ئەشەددىي دۈشمەن يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا زەربە بېرىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زەھىرىنى تازىلاش كۈرىشىدە «كەسكىن، ئاكتىپ، ئۇزۇل ـ كېسىل» سىياسىي مەيداننى ئىپادىلەپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. مايادۆڭگە شۇجى بولغان. «ئەمگەك نەمۇنچىسى» بولۇپ سايلىنىپ، قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان . ئۇ ھەر قېتىم بۇلارنى ئەسلىگىنىدە، تونجى توي قىلغان شېرىن ئايلىرىنى ئەسلىگىنىدىنمۇ بەكرەك ھۇزۇرلىنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا زەربە بېرىش كۈرىشى سۇسلىشىپ قالدى. بارا ـ بارا ھەتتا ھەرقانداق چوڭ يىغىنلاردىمۇ تىلغا ئېلىنمايدىغان، تەكىتلەنمەيدىغان، شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل كۈرەش ـ ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولدى. بۇ ئىشتىن ھاۋاز شۇجىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. تەشكىلدىن، يۇقىرى

دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن بەكمۇ نارازى بولدى. پات ـ پات ئاشۇنداق ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇرسا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قۇيرۇقچىلىرى (ئۇ بۇنداق ئۇنسۇرلارنىڭ ھېلىھەم بارلىقىغا ئىشىنەتتى) نى پاش قىلىپ، كۈرەش قىلىپ تۇرسا ـ ھە! داۋۇت داڭقاننىڭ ئۇنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن بىر قاتاردا قويۇشى بىردىنلا چۆچۈتتى، غەزىپىنى كەلتۈردى، ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان «داڭقان پۇتى» گېپىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. دېمىسىمۇ ھازىر ئۇ زامانلاردىكىدەك ئەزالارنى كېچە ـ كېچىلەپ دولقۇنغا ئاچىققىلى، كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن، بۇيرۇققا قارشى چىققانلارنى خالىغانچە كۆرەشكە تارتقىنى بولمايتتى. زامان ئۆزگىرىپ ئادەملەر زۇۋاندار، مەمەدان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ئالدىراپ جازاغا تارتقىلى بولمايتتى. ھاۋاز شۇجى بۇ تەرەپلەرنى ئوبدان چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ خېلىلا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، بۇ ئىشنى شۇنداقلا بولدى قىلىۋەتكىسىمۇ يوق ئىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇگۈن بىر قېتىم كېچىدە كەلسەڭ يىغىنىڭ چايقىلىپ كېتەمتى سىنىڭ؟! — دېدى ھاۋاز شۇجى پېتىدىن چۈشمىگەن قىياپەتتە ۋارقىراپ.

— باشقا كۈنى بولسىمۇ بىر نۆرى، — دېدى داۋۇت داڭقان خاتىرجەم ھالدا، — لېكىن بۇگۈنكى كۈندە تەڭ كېچىدە تايىنى يوق بىر ئىشلارنى دەپ كېلەلمەيتتىم. ئېسىڭىزدە باردۇ، بۇگۈن دېگەن كۈنگە نېمە؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، كالۋا. بۇگۈن كۈنگە جۈمە. . .

— شۇنداق، جۈمە، — دېدى داۋۇت داڭقان شۇجىنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، — جۈمە كۈنى كېچىسى دېگەندە پاچىقىنىڭ يىلىكى بار ئوغۇل بالىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىدە خوتۇنى بىلەن ئىشى بولىدۇ. نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنى بىلەن بىللە بولۇش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرىدە

باردۇر ھەرقاچان. كەتتىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىدىمۇ جۇمە كۈنى كېچىسى خوتۇنى بىلەن بىللە بولماسلىق كېرەك، خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بىر نېمە دېيىلمىگەن. باشقا گەپ بولمىسا مەن ئۆيگە كەتتىم. بامدات ۋاقتى قىستاپ قالدى، دەرھال غۇسلى قىلىۋالمىسام بولمايدۇ.

ئاۋۋال ياشلار، كېيىن ئوتتۇرا ياشلىقلار پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ قېتىم ھاۋاز شۇجىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقىنىچە كۈلدى.

— خەپ، سەن داڭقاننى. . .

شۇجى ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى، تەلەپ ـ پىكىرلىرىنى داڭقان پۈتى گەپ قىلدى دەيتتى. ئۇنى داۋۇت داڭقان دەپ چاقىراتتى. ماياقدۆڭلۈكلەرمۇ ئۇنى بارا ـ بارا داۋۇت توختى دەپ چاقىرماي، داۋۇت داڭقان دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئۇمۇ «داڭقان» دېگەن لەقەمگە ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى.

مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر تۇلۇمچاشقان ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەلدى. چاشقان ئاستا ماڭاتتى، مېڭىشلىرى غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە بۇنداق مېڭىشقا، يۈرۈش ـ تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. نان قاتتىق ئىدى. چاشقاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلىپ يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلاپ قەپەستىكى مۈشۈك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى، كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەتلىك قىزىل نۇر چاچرىدى. ئۆزىنى قەپەسكە ئۇردى. ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلىدى. قەپەس مۇستەھكەم ئىدى، سىم تۆمۈرلەر بىلەن مەھكەم توقۇلغانىدى. ئۇ ئىلاجىسىز كۆزىنى چاشقانغا نەشتەردەك تىكتى. چاشقان مۈشۈكنىڭ شەپىسىدىن بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈپ چېكىنىتتەك

قاپقارا كۆزلىرى بىلەن مۇشۇككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىكە
ياراتمىغاندەك تۇيغۇدا شۇنداقلا قارىدى ـ دە، يەنە بەخىرامان
هالدا نان غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ نان
غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز
چىقاتتى.

* * *

داۋۇت داڭقان ماياقدۆڭ كەنتىگە مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى
بولدى.

هاۋاز شۇجىسى پۈتكۈل ماياقدۆڭلۈكلەر قاتناشقان چوڭ
يىغىندا بۇ خەۋەرنى جاكارلىدى. ئۇ داۋۇت داڭقاننى مۇئاۋىن
كەنت مۇدىرلىقىغا، كەنت تەشكىلىگە ۋاكالىتەن ئۆزىنىڭ
نامزات قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قايتا ـ قايتا قىلغان
تەلىپىگە ئاساسەن يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ تەستىقلەپ
بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. بۇ خەۋەر ماياقدۆڭلۈكلەرنى
زىيادە خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار داۋۇت داڭقانغا ئۈمىد ـ ئىشەنچ
بىلەن قاراشتى. لېكىن، داۋۇت داڭقاننىڭ چىرايى ئىپادىسىز
ئىدى. هازىرلا داڭقان پۈتى گەپتىن بىرنەچچە ئېغىز قىلىپ،
هاۋاز شۇجىنى كۆلكىگە قويىدىغاندەك لەۋلىرى بىلىنەر ـ
بىلىنمەس قىمىرلايتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، مۇئاۋىن كەنت مۇدىرىمۇ بولدىڭلا.
هوقۇقىڭلىنى تەبرىكلەپ بىرەر پاقلان سويارسىلە، داۋۇت
ئاخۇن، — دېدى هاۋاز شۇجى خۇددى بىرىگە بىر قاچا ئاش
بېرىپ، كەينىدىن مىننىتىنى قىلغاندەك سۆزلەپ.

— مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولغانغا خۇش بولىۋاتىدۇ دەملا
شۇجى، — دېدى داۋۇت داڭقان مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئەسلىدىغۇ
ماياقدۆڭگە مەن بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرىلا مۇدىر

بولسام توغرا بولاتتى. بولغۇچىلىكىم بار ئىدى.

— داۋۇتئاخۇن، ھازىر سىلەر ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ قالدىڭلا. داڭقان پۈتى گەپلىرىڭلىنى يىغىشتۇرۇڭلار ئەمدى، — دېدى ھاۋاز شۆجى، — مۇئاۋىن مۇدىرلىقتا چۈشلۈق مېنىڭ خىزمەتلىرىمنى قوللاپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ.

— مۇئاۋىن مۇدىرلىقتىن ئىبارەت مەنسەپ بىلەن ئاغزىڭنى ئېتىمەن، بېشىڭغا نوختا سالىمەن دەپ ئويلاپ قالغان بولسىلا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مېنىڭ كەتمىنىمنى چاپ دەپ تۇرۇۋالسىلا، ماڭا ئۇنداق ھوقۇقنىڭ لازىمى يوق. ئەگەر ماياقدۆك ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقارغىن دەپ خالىسىلا جان خوجىكام دەپ ئىشلەيمەن.

ھاۋاز شۆجى داۋۇت داڭقانغا سەت بىرنى گۆلەيدى ـ دە، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ھاۋاز شۆجى سۇ، داۋۇت داڭقان ئوت ئىدى. ھاۋاز شۆجى سۇ بولغاندىمۇ ماياقدۆكنىڭ ئېرىقىغا لىق كەلگۈدەك سۇ ئىدى. داۋۇت داڭقان بىر تۇتام پاخالغا تۇتاشقانچىلىك ئوت ئىدى. ئوت بوي بەرمەي ئانچە ـ مۇنچە ئۇچقۇندىغاندەك قىلغان بىلەن، سۇ داۋاملىق ئۇنى ئۆچۈرۈپ تۇراتتى.

داۋۇت داڭقان مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولۇپمۇ يەنىلا ھاۋاز شۆجىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ھاۋاز شۆجىنىڭ يەرلىك سىياسەتلىرىگە قارشى چىقتى، قوللىمىدى. ھاۋاز شۆجى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويغان، باشقا كەنت كادىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن قائىدە ـ تۈزۈملەر، جەرىمانە ـ سېلىقلار پەقەت داۋۇت مۇئاۋىن مۇدىر (ھاۋاز شۆجى ھازىر ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى) نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. ئۇ نۇرغۇن داڭقان پۈتى پاكىتلارنى قويۇپ، ھاۋاز شۆجىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايتتى، ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى، كۆڭۈل ئارامىنى

بۇزاتتى. باشقا كەنت كادىرلىرىغا ئوخشاش: «دانا پىلان بولاپتۇ، ئاقىلانە تەدبىر كەن، شۇنداق قىلايلى» دەپ قول كۆتۈرۈپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ ھاۋاز شۇجى ئۇنىڭدىن شۇنى كۇتكەنمىدى؟ ھېلىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلدىغۇ. ئۇ مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولغاندىن تارتىپ ھاشارغا بېرىش، بىنام ئېچىش، ھەرخىل كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە قاتنىشىش، تۇرلۇك ھەق - سىيلىق، جەرىمانىلارنى تاپشۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟ ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋاز شۇجىغا رەھمەت ئېيتىشى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھاۋاز شۇجىنىڭ ئاغزى، قولى، پۇتى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ھەي. . . ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بۇ داۋۇت داڭقاننىزە. . . .

ھاۋاز شۇجى بۇ ئىشتا چوتنى خاتا سوققانلىقىنى، يېڭىلىشقانلىقىنى، مۇئاۋىن كەنت مۇدىرلىق مەنسەپ تاجى ھەم شۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەپ بىلەن داۋۇت داڭقاننىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئۇتقىلى، زۇۋانىنى ئەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، غەزەپلەندى. شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، بىر مەزگىل ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىش قارارىغا كەلدى.

مايافدۆڭ كەنت كومىتېتىنىڭ قورۇسى. پەگادا — مەيداندىكى ئۈچۈقچىلىقتا مايافدۆڭ خەلقى توپىغا مىلىنىپ، قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرىپ، يال - يال كۆيۈپ، ئاپتاپتا چىپ - چىپ تەرلەپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ مىس رەڭ چىرايىدىن، بويۇنلىرىدىن قارا تەر سۇدەك ئاقماقتا. ئىسسىقتا ئۇلار ئۇسسىغان، لەۋلىرى قۇرۇغان، ۋۇجۇدى قاقتەك قورۇلغان. تۆرىدە - ئۇستىنى سايىۋەن قىلىپ ياپقان يىغىن سەھنىسىدە كەنت كادىرلىرى، يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ناھىيىدىن چىققان رەھبەرلەر يۇمشاق، ئازادە، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا كېرىلىپ ئولتۇرۇشماقتا. ئالدىدىكى ئۇستەللەرگە تىزىلغان مەي باغلاپ پىشقان سەرخىل يەل - يېمىشلەرنى ئېرىنچەكلىك بىلەن تاللاپ يېيىشمەكتە.

توخلانقۇغا سېلىپ، مۇزدەك قىلىپ سوۋۇتۇپ قويغان قۇتا ـ شېشىلەردىكى ھەرخىل سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ھۇزۇر ـ ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈشمەكتە. شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا ئۇسساپ، كالپۇكلىرى قۇرۇپ كەتكەن دېھقانلارغا شۇنداق بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ھەپىلىسى يوق.

ھاۋاز شۇجى رەھبەرلەرگە مايادۇڭدە ئېچىلغان بىنام، تونىلىق ئاشلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلغان يەر كۆلىمى، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى، شۇ زىرائەتلەرنىڭ مو بېشىدىن ئېلىنغان مەھسۇلات مىقدارى، قوتاندىكى چارۋا ـ مال سانى، باغ ـ ئورمان كۆلىمى. . . قاتارلىقلار ھەققىدە بىر تالاي «ھەيۋەتلىك» سانلىق مەلۇماتلارنى دەپ دوكلات بەرمەكتە. قىزىپ، ھەۋەسلىنىپ، ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە. . .

ھاۋاز شۇجىنىڭ دوكلاتى توگىگەندىن كېيىن يېزا، ناھىيە رەھبەرلىرى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىشتى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ يىلمۇ مايادۇڭنىڭ ئاشلىق، پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشقۇدەك.

— تونىلىق ئاشلىق ئېتىزلىرىنى كۆپلەپ بەرپا قىلىڭلار. بولسا مايادۇڭنىڭ پۈتكۈل تېرىلغۇ يەرلىرى تونىلىق ئاشلىق ئېتىزىغا ئايلانسۇن.

— مال ـ چارۋىلارنىڭ قوتاندا تۇراقلىشىش نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپتۇ. مۇشۇ سەۋىيىنى داۋاملىق ساقلاڭلار. ھەيران قېلىشۋاتىمەن، قويىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى ئاۋستىرالىيىدەك قوي دۆلىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتىدىن تۆت ھەسسە ئارتۇق ئىكەن.

— مايادۇڭلۇقلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلاپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپلەپ چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دادىللىق بىلەن ئىشلەڭلار.

بىز سىلەرنى قوللايمىز.

خۇشاللىقتىن ھاۋاز شۇجىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشتى، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، كۈلكىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، ھاياجاندىن ۋۇجۇدى تېرىسىغا سىغماي قالدى.

يىغىندىن تارقىغان دېھقانلار غوتۇلداشقا باشلىدى.

— بۇ باشلىقلارمۇزە شۇجى نېمىدەپ دوكلات قىلسا ئىشىنىۋېرىدىكەن. خۇددى دېھقاننى، دېھقانچىلىقنى بىلمەيدىغاندەك. بۇ چاغقىچىغۇ ماياقدۇڭدە بىرىنىڭ بىر موپېرىدىن بىر يىلدا بىر توننا ئاشلىق چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ باقمىدىم.

— ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا. شۇجىنىڭ گېپىگە ئاشۇلار ئىشەنمىسە كىم ئىشىنىدۇ. شۇجىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قوتانلىرىمىزغا مال - چارۋىلىرىمىز پاتمىسا توغرا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ماياقدۇڭدە خېلى جىق ئائىلىلىكلەر جەرىمانە - سېلىق تۆلەپ بولالماي مال - چارۋىلىرىنى سېتىپ، ھازىر ھالالغا توخۇسى، ھارامغا مۈشۈكى يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاسماندا سۆزلەيدۇ. ئاشۇنداق بولسا، يىللاردىن بېرى پاختىنىڭ ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداپ بولالماي، قويغان شۇنچە كۆپ جەرىمانىنى نېمىگە تۆلىدۇق. ماياقدۇڭدە كەنت كادىرلىرىدىن باشقا پاختا تېرىپ جەرىمانە تۆلىمىگەن كىم بار؟ ئىزا تارتماي مولىقىدىن ئۈچ يۈز جىڭدىن ساپ پاختا ئالدۇق دەيدۇ تېخى.

— خاپا بولۇشمىسىلا تۇغقانلا، — ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان داۋۇت داڭقان ھەيرانلىق بىلەن كۈلگىنىچە گەپكە قوشۇق سالدى، — ھەممىلىرى بىلىشىلا، ھاۋاز شۇجىنىڭ بۇ سان - ساناقلىرى بۈگۈنلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەسقۇ؟ ئېتىزلىرىمىزدىن يۇقىرى مەھسۇلات بىلەن ئاشلىق، پاختا چىقمىغان، قوتانلىرىمىزدا مال - چارۋا بولمىغان بىلەن،

شۇجىنىڭ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىش ئۇستىلىنىڭ تارتمىسىدىن سان دېگەن چىقىۋېرىدۇ. شۇڭا: «تارتمىدىن سان چىقىدۇ، ساننى كادىرلار ئۆستۈرىدۇ. كادىرلارنى سان ئۆستۈرىدۇ» دەيمىز ئەمەسمۇ؟

دېھقانلار پاراققا كۈلۈۋەتتى.

— هوي داۋۇتئاخۇن، بۇ گەپلەرنى شۇجىغا ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى بىرەيلەن كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي.

— ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ. خاتا بولسىمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، مەن داڭقان پۈتى گەپ قىلىمەن ئەمەسمۇ؟

مايادۆڭلۈكلەرنىڭ كۆرگۈلىكى تۈگىمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ تارتقان جەبرى - جاپالىرىنى ئاز كۆرگەندەك تۇيۇقسىز مايادۆڭدە چاشقان كۆپىيىپ ئاپەتكە ئايلاندى. چاشقانلار دېھقانلارنىڭ ئۆيدىكى ئاشلىقلارنى، ئېتىزلىقلىرىدىكى زىرائەتلەرنى، ھەتتا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنىمۇ شېخىدىلا يەۋەتتى. ئۇلار ئادەمدىن ھېيىقمايتتى. مۈشۈكتىن قورقمايتتى، چاشقانلار ئىتنىڭ تۈكىدەك كۆپىيىپ كەتكەنىدى. پۈتكۈل ناھىيە چاشقانلارنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغانىدى. ناھىيە رەھبەرلىكى ئومۇمىي خەلقنى چاشقان ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ چاشقان تۇتۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. نەچچە تونىلاپ چاشقان يوقىتىش دورىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىندى.

ھاۋاز شۇجىمۇ مايادۆڭدە چاشقان يوقىتىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن ھەر بىر ئائىلىگە چاشقان يوقىتىش دورىسى تەقسىم قىلىپ بەردى. «دورىنىڭ باھاسى بەك ئۆرىكەن، پۇلىنى تۆلەپ بولالمايمەن، ئازراق سېتىۋېلىپ تۇراي» دېگەنلەرگىمۇ مەجبۇرىي تاڭدى.

— بۇ، يوقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، — دېدى شۇجى

گۆركىرەپ، — يۇقىرى بۇ دورىلارنى كەنتكە تەقسىم قىلىپ بەرگەن. شۇڭا، مەنمۇ ھەرقايسىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردىم. دورىنى قىممەتكەن، دەپ ئىلىشمىسىلا ئۇنى مەن ئۆيۈمگە ئەكېتىپ چېلىپ ئىچەمتىم. تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماي چىرايلىقچە ئىلىشسىلا، شۇنىمۇ دەپ قوياي چاشقان دورىسى سېتىۋېلىشقا قارشى چىققۇچىلاردىن ئەللىك كويدىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

چاشقان دورىسى تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھاۋاز شۇجى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئالدىنئالا تۈزۈپ، جەدۋەللەشتۈرۈپ قويۇلغان چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسى - نورمىسىنى ئېلان قىلدى.

— ھەممىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق ئاڭلىشىۋاللىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ھاۋاز شۇجى ۋەزىپىنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ۋەزىپە ئاشۇنداق بېكىتىلدى. ۋەزىپىدىكى تۇتۇشقا تېگىشلىك چاشقان ساندىن بىر تال چاشقان كەملەپ قالسا، بەش كويدىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى داۋۇت داڭقان ئورنىدىن تۇرۇپ، — تۇتۇپ ئەكەلگەن چاشقاننى سېتىۋالامدۇ؟

— ياق! — دېدى ھاۋاز شۇجى زەردە بىلەن.

— ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ، شۇجى. بىز چاشقان دورىسىنى بازار باھاسىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت سېتىۋالغان تۇرساق.

— چاشقان دورىسىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن باھاسى ئاشۇنداق. پىكىرىڭلار بولسا يۇقىرىغا دەڭلار، — دېدى ھاۋاز شۇجى بوغۇلغان ھالدا.

— يەنە بىر گەپ، — داۋۇت داڭقان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھازىر سىلى نوپۇس بېشىغا بەلگىلەپ بەرگەن

چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، پۈتۈن ماياقدۆڭدىن تۇتۇشقا تېگىشلىك چاشقان ئىككى يۈز مىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. مېنىڭچە، ماياقدۆڭدە ھەرقانچە جىق چاشقان بولسا يەتمىش - سەكسەن مىڭدىن ئېشىپ كەتمەس. شۇنداق بولغاندا، ماياقدۆڭدىكى ھەممە چاشقاننى تۇتساقمۇ ۋەزىپىمىز ئورۇندالمىغۇدەك. ئۇ چاغدا قايسى چاشقاننى تۇتۇپ ۋەزىپىمىزنى ئورۇندايمىز. ۋەزىپە بەك ئېغىر قويۇلۇپ قالدىمۇ قانداق؟

— بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. مەن ئۆلۈك چاشقاننى ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە ئېلىشنى بىلىمەن. ئىشقىلىپ، ماياقدۆڭدە چاشقان تۈگەپ كەتسە باشقا يەردە بار.

— ئۇنداقتا، چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسىنىمۇ خۇددى پاختا مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىنى، باشقا جايلاردىن قىممەت باھالىق پاختا سېتىۋېلىپ كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئېتىزىدىن چىققان پاختىغا قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ ئورۇندىغانغا ئوخشاش، چاشقانلارنىمۇ سىرتتىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ ئورۇندايدىكەنمىز - دە؟!

ھاۋاز شۈجى سەت گۆلەيدى. چىرايى غەزەپتىن قارىدى، قانتالاش كۆزلىرى قىزاردى، چاشقان بۇرۇتى لىكىلدىدى، ھەلەپ يەۋاتقان كالىدەك پۇش - پۇش تىنىشقا باشلىدى.

داۋۇت داڭقان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك غۇدۇرىدى:

— تازىمۇ بىر كۈلكىلىك ئىشقۇ بۇ. ئۆلۈك چاشقاننى سېتىۋالىمىز دېسە، خەق نېمىدەپ قالار. بۇنى بىلگەن بولسام، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيگە ئۆگىنىۋالغان چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي تازا باقىدىكەنمەن.

ئۇ يەر - بۇ يەردىن خىرىلدىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.
ماياقدۆڭدە چاشقان يوقىتىش ھەرىكىتى جىددىي باشلاندى.
بۇ ئىشقا ھېچكىم سۈسلۇق قىلمىدى، ساقلاپمۇ تۇرمىدى.
چۈنكى، ھېچكىمنىڭ جەرىمانە تۆلىگۈسى يوق ئىدى.

جەرىمانىنىڭ گېپى چىقسا، ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ پۇت - قولى سىرقىرايدىغان، يۈرىكى هازىرلا قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك گۇپۇلدەپ سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ماياقدۆڭلۈكلەر ئۆيلىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى، ئاشلىق قاچىلانغان خاپان، تاغارلىرىنىڭ ئەتراپىغا، قازناق ئۆيلىرىگە، هويلىسىنىڭ ئەتراپىغا، باغلارغا، خامانلارغا چاشقان دورىسى سېلىپ، ئەتىسىلا بىر چوڭ چاتاق چىقتى. بۇ ئويلىمىغان چاتاق ئىدى؛ دورىدا ئۆلگەن چاشقانلارنى يېگەن مۈشۈكلەر بىر - بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلىدى. مۈشۈكنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرى چۈشكەن هايۋان دەپ ئۇلۇغلايدىغان، ئۇخلاپ قالغان مۈشۈكنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋېتىشتىنمۇ ئەھتىيات قىلىدىغان ماياقدۆڭلۈكلەر مۈشۈكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈپ، ئېغىر گۇناھ ئىش قىلىپ قويغاندەك ۋۇجۇدىغا ۋەھىمە ئولاشتى، يۈرىكى ئېچىشتى. كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ خۇدادىن گۇناھلىرىنى تىلەشتى.

چاشقانلار يوقىتىلدى. ماياقدۆڭدە ھېچكىم چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى. قوشنا كەنتلەردىن، قوشنا يېزىلاردىن، يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ مەھەللىرىدىن چاشقان تۇتۇپ كەلگەنلەرمۇ بولدى. شۇنچە پۇلغا سېتىۋالغان چاشقان دورىلىرىمۇ تۈگىدى. لېكىن، چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالمىدى. هاۋاز شۇجىسى چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسىنىڭ كەملىگەن قىسمىغا ئالىدىغان جەرىمانىنى بىرمۇ بىر تەپسىلىي ھېسابلاپ، دېھقانلار كۈزدە كېۋەز ساتقاندا بىراقلا يىغىۋېلىش ئۈچۈن دەپتەرگە تىزىملاپ قول قويغۇزۇۋالدى. ماياقدۆڭلۈكلەر قولاقلىقچە قەرزىگە بوغۇلدى. يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال، مۈشۈك تۈتىيا بولۇپ كەتتى. پۈتكۈل ماياقدۆڭ تەۋەسىدە بىرمۇ مۈشۈك قالمىغانىدى. داۋۇت داڭقان: «دورا سالسا چاشقان ئۆلدى، چاشقاننى يەپ

مۈشۈك ئۆلدى، مۈشۈكنى يەپ ئىت ئۆلدى. . . ئالۋاستىغا كەلىمە تەمجىت توشۇمىغاندەك شۇجىغا جەرىمانە تۆلەپ پۇل توشىمىدى» دەپ «داڭقان پۈتى» گەپلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈردى.

مۈشتۈمدەك چوڭلۇقتىكى تۇلۇمچاشقان ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەلدى. چاشقان ئاستا ماڭاتتى، مىڭىشلىرى غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە بۇنداق مىڭىشقا، يۈرۈش - تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. نان قاتتىق ئىدى. چاشقاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس - كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلاپ قەپەستىكى مۈشۈك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى، كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەتلىك قىزىل نۇر چاچرىدى، كۆكرىكىنى قەپەسكە ئۇردى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلىدى. قەپەس مۇستەهكەم ئىدى. سىم - تۆمۈرلەر بىلەن مەهكەم توقۇلغانىدى. ئۇ ئىلاجىسىز كۆزىنى چاشقانغا نەشتەردەك تىكتى. چاشقان مۈشۈكنىڭ شەپىسىدىن بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈردى. چېكىتتەك قاپقارا كۆزلىرى بىلەن مۈشۈككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىك، ياراتمىغاندەك نەزەردە شۇنداقلا قارىدى - دە، يەنە بەخىرامان نان غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ نان غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس - كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى.

ماياقدۆڭ يەنە بىر قېتىم تەۋرىدى. هاۋاز شۇجىنىڭ جەرىمانىگە باغلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پۈتكۈل ماياقدۆڭلۈكلەر هەرىكەتكە كېلىپ ماياقدۆڭنىڭ يوللىرىنى ئەينەكتەك تۈزلىدى. ئەپكەش - هارۋىلاردا سۇ توشۇپ كېلىپ سۇ چاچتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئورمان

www.uyghurkitap.com

بەلۋېغىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى پاكىز قىرىدى. دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ چېچىپ يوپۇرماقلاردىكى توپا ـ چاڭلارنى يۇدى. ماياقدۆك قۇياش نۇرىدا ساھىبجامالنىڭ مەگزىدەك ۋالىلداپ كەتتى.

ھەممىدىن بەك پايپېتەك بولغىنى يەنىلا ھاۋاز شۇجى بولدى. ئۇ، ماياقدۆگدىكى «ئالدىن بېيىغان دېھقان» ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىنى جابدۇماقتا ئىدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى كەنت مالىيىسىدىن چىقىم قىلىپ سېتىۋالغان ئۈچ پارچە زىلچا، ئون دانە دېۋان، بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، بىر ئەينەكلىك ئىشكاپ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىگە توشۇپ ئەكېلىپ، جاي ـ جايىغا تىزىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ھازىرلا ئەكېلىپ سولاپ قويغان قوي ـ كالىلار ھەمراھلىرىنى سېغىنىدىمۇ ياكى ئايمەت دىلكانىڭ ئېغىلىنى ياتلىدىمۇ ئەيتاۋۇر ھەدەپ بىرى مۆرىسە، بىرى مەرەيتتى.

بۇ ئاۋارىچىلىك پايپېتەكچىلىكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ماياقدۆگدە ھەممە ئادەم بىلەتتى. سەۋەبى ئاددىي: يۇقىرىدىن چوڭ باشلىق ماياقدۆگگە كېلىپ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى، نۇقتىلىق قىلىپ بىر ئائىلىگە كىرىپ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ھال ـ ئوقىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭغان دېھقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلەشمەكچىدى. ھاۋاز شۇجى دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈردى. يۇقىرىدىن كەلگەن چوڭ باشلىققا قالايمىقان سۆزلىمەسلىك، سورىغان سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش ھەققىدە قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن، چاندۇرۇپ قويغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان جەرىمانىنىمۇ بېكىتتى.

ئايمەت دىلكا ھەقىقەتەنمۇ بىر قەدەر ھاللىقراق دېھقان ئىدى. تۇزۇك ئۆي ـ بىساتى بولمىغان بىلەن ئېغىلىدا تۆت ـ

بەش تۇياق چارۋىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا گۈلدەك دىلكالىق ھۈنىرى ۋە ساقال بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ جىگدە پۇراپ قالغان ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ قولى ياغاچچىلىققا خېلى ئوبدان قاملىشاتتى. ئۆي سېلىش، ئۆي يېپىش قايسى دېھقان بالىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ دەيسىز. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھۈنىرى سەل ئۆزگىچىرەك ئىدى. ئايمەت دىلكا ئوغۇللىرىنى بىر ئامال قىلىپ، ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كېلىۋىدى، يېتىپ - قوپۇۋاتقان ئۆينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ لەسسىدە بولۇپ قالدى. ئوغۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كونا ئۆينىڭ بېقىنىغا باغ تەرەپكە تارتىپ تۆرۈپ ئۈچ ئېغىز ئۆي سالدى. ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ چوڭلىرىنى كېسىپ، ئۆينى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك قىلىپ، پېشايۋانلىق قىلىپ يېپىۋالدى. ئۆي پۈتتى لېكىن ئۆيگە تىزغۇدەك تۈزۈككىنە بىسات يوق ئىدى. پىلاندا بۇ يىل كېۋەز ساتقاندىن كېيىن چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويماقچىدى. ھاۋاز شۇجى جەرىمانە سۆيلەپ كېلىپ بۇ ئۆينى كۆرگەنىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىققا بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئۆينى كۆرسىتىش ئىشى بېشىنى قاتۇرۇشى بىلەن تەڭلا دەرھال ئايمەت دىلكانىڭ مۇشۇ ئۆيلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ماياقدۆڭدە باشلىقنى خاتىرجەم باشلاپ كىرگۈدەك بىردىنبىر ئۆي پەقەت مۇشۇ ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ دەرھال ئايمەت دىلكانىڭ ئۆينى جابدۇشقا كىرىشتى.

ئايمەت دىلكا دەسلەپ ئۇنىمىدى:

— خەقنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىققا يالغان سۆزلىيەلمەيمەن. كۆرسەتكىلى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسەتسىلە، سىلىنىڭ ئۆيلىرى ھەم چوڭ، ھەم كاتتا. ئۆي بىساتلىرىمۇ خىل. مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆرىدىغان ئىش بولسا، مۇشۇ پېتىچىلا كۆرسۇن. كەمبەغەل

بولسامۇ كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەيمەن، — دەپ جاھىللىق قىلدى.

— ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈمگىمۇ باشلىغۇم بار ئىدى، — دېدى ھاۋاز شۇجى ئايمەت دىلكاغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — ناھىيە باشلىقلىرى: كەنت كەدىرلىرىنىڭ ئۆيىگە باشلىساڭلار بولمايدۇ، چوقۇم دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە باشلايسىلەر، دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ يالغۇز مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. بۇ ئىشقا ماقۇل دېمىسىلە زادى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا بىر قېتىملىق ئەمگەك ـ ھاشارلىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىمەن.

مايادۆڭدە ھاۋاز شۇجىنىڭ سۆزىنى كىممۇ يىرالىغان. ئاخىر ئايمەت دىلكا يۇمشىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئەھۋالىنى باشلىققا قانداق سۆزلەپ بېرىش، نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك ھەققىدە ئۇزاق تەلىم بەردى. يالغان سۆزلەپ باقمىغان كۆڭلىگە نېمىنى ئويلىسا، نېمىنى كۆرسە شۇنى دەپ ئۆگەنگەن، جىسمانىي ئەمگەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغا بۇ ساددا دېھقاننىڭ بىر قىسىم سىياسىي ئاتالغۇلارغا ئاغزى كەلمەي ھاۋاز شۇجىنى خېلى ئوبدان تېرىكتۈردى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم قىزىرىشىپ قالغانمۇ بولدى.

چوڭ باشلىق ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، يېزا باشلىقلىرى كەلدى. شۇجىنىڭ دەپدەبىلىك سان ـ سىپىرغا تولغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئېغىز سوئال سورىدى. ئايمەت دىلكا قىزىرىپ، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، دۇدۇقلىغىنىچە ھاۋاز شۇجىنىڭ ئۆگەتكىنىدەك جاۋاب بەردى. باشلىق ئۆيىنى، ئۆي بىساتلىرىنى، ئېغىلدىكى قوي ـ كالىلارنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى ھەم دېھقانلارنى تېززەك مۇشۇنداق يېڭى تۇرالغۇغا، ئېسىل ئائىلە مۆلۈكلىرىگە، مال ـ چارۋىغا ئىگە قىلىش ھەققىدە ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىگە يوليورۇق بەردى. دېھقانلارنىڭ سىلىقىنى

هەقىقىي تۇردە يەڭگىللىتىپ، قالايمىقان هەق ـ سېلىق ئالماسلىقنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. چوڭ باشلىق كەتتى. ئۇلارنىڭ پىكاپى مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ بولغۇچە ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىدىكى بىساتلار، ئېغىلدىكى قوي ـ كاللار ئېلىپ كېتىلدى. ئايمەت دىلكاغا يەنىلا ئۆزىنىڭ تۆت تېمى قالدى. ئۇ بايىلا چوڭ باشلىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى» دېگەن ۋاقتىدا، بۇ نەرسىلەر راستتىنلا ئۆزىنىڭكىدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. قۇرۇقدىلىنىپ قالغان ئۆيگە قاراپ ئۇنىڭ ئىچى ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ئاچچىق ھېسلارغا تولدى. بۇرنىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭ ئوغلىغا تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ ئۆيلەرنى ئاشۇنداق ئىسىل ئۆي بىساتلىرى بىلەن بېزەپ بېرىش ھەۋىسى قوزغالدى. بىراق، ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق ئىدى.

كۈز پەسلىنىڭ قارا يامغۇرى ماياقدۆڭلۈكلەرگە ھاۋاز شۇجىنىڭ جەرىمانىسىدىنمۇ ئېغىر ۋەھىمىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۈچ كۈندىن بېرى يامغۇر ھېلى توختاپ، ھېلى چۈشۈپ يېغىۋاتاتتى. ئومۇمىيۈزلۈك چاشقان يوقىتىشتىن كېيىن يەنە چاشقان پەيدا بولدى. مۈشۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بۇ چاشقانلارغا دورىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى. يامغۇر سۈيى چاشقان تېشىۋەتكەن كامارلاردىن ئۆيلىرىگە ئېقىپ كىردى. بىر قىسىم ئاجىزراق تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى قاتتىق يامغۇرغا پەرۋا قىلماي ماياقدۆڭگە كېلىپ، دېھقانلاردىن ھال سورىدى. كونا، ئاجىز ئۆيلەرگە بىخەتەرلىك تەدبىرى كۆرۈپ، بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ناھىيىدىن ھال سوراش ئۈچۈن كادىرلار چىقتى. ناھىيە رەھبەرلىكى ھەرقايسى ئىدارە ـ

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتلەرنى يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغان يېزا ـ كەنتلەردىن ھال سوراشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ماياقدۆڭگىمۇ قايسىبىر ئىدارىدىن ئىككى پىكاپتا ئون كادىر ھال سوراش ئۈچۈن ئۆت قاپ ئوغۇت، ئالتە خالتا ئاق ئۇن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ھاۋاز شۇجى كۆرسىتىپ بەرگەن جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك نامرات ئائىلىلىكلەرگە بىر خالتىدىن ئوغۇت ياكى بىر خالتىدىن ئۇن تارقىتىپ بەردى . ئاندىن كەنت كومىتېتى قورۇسىدا ھاۋاز شۇجى كەنت نامىدىن ئۇيۇشتۇرغان قارشى ئېلىش زىياپىتىگە ئاران ئۈلگۈردى. لېگەن ـ لېگەنلەردىكى مەي ـ مەي پىشىپ كەتكەن پاقلان، توخۇ گۆشلىرىنى ئىشتىھا قىلىپ يېيىشتى. ھاراقلارنى خۇش كەتتى قىلىپ ئىچىشتى. ماياقدۆڭ كەنتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىش ھەققىدە ۋەدىلەر بېرىلدى ۋە ئېلىندى. سورۇن تازا قىزىغان ۋاقىتتا سىرتتا ئۇششاق بالىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ماۋۇ شۇملارنى ھەيدىۋېتىڭلار، نېرى ئويىنىسۇن، گەپنى ـ گەپكە قوشتۇرماي. . . — دېدى ھاۋاز شۇجى كەنت كادىرلىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ.

شۇ ھامانلا كەنت كادىرىنىڭ بالىلارنى تىللاپ ھەيدىگەن، بالىلارنىڭ چۇقىرىشىپ، يۈگۈرۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاۋاز شۇجى ھاراق كەيپىدە خېلىلا قىزىپ قالغانىدى. ئۇ قولىغا ھاراق رومكىسىنى ئېلىپ، مېھمانلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بالىلار دېرىزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ يەنە چۇرقىراشتى. بۇ قېتىم ئۇلار بىرلىكتە بىر قوشاقنى دېكلاماتسىيە قىلماقتا ئىدى:

شەدىن كادىر چىقتى ھال سوراپ،
ماشىنىدىن چۈشەر ـ چۈشمەي نان سوراپ.
نامراتلارغا ئۇن تارقاتتى ئەھۋال سوراپ،
قارشى ئېلىپ زىياپەت بەردۇق قوي سوياپ.
پاقلان باققان دېھقان قالدى كالپۇك شوراپ.

بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ ھاۋاز شۇجىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. مېھمانلارنىڭ چىرايىمۇ ئالا ـ پاساق بولۇپ كەتتى. سورۇن قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك ئىمتاسلىققا چۆمدى.

— چىقىپ بېقىڭلار، چىمنىڭ شۇملىرىكەن ئۇلار؟

— داۋۇت داڭقاننىڭ ئۈچ بالىسى باشقا بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ توۋلاشقىلى تۇرۇپتۇ.

ھاۋاز شۇجى سورۇنغا يېڭىنە ئىزدىگەندەك قاراپ چىقتى. سورۇندا داۋۇت داڭقان يوق ئىدى. ھاۋاز شۇجى دەردىنى ئالىدىغان، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ئادەم تاپالماي بوغۇلدى. غەزەپتىن پۈتۈن ئەزايىدىكى تۈكلەر تەتۈر ياندى. داۋۇت داڭقان سورۇندىن خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، دىققەت قىلىسىمۇ كارى بولمىغانىدى. ئۇ ھازىر سورۇندا بار بولغان بولسا، ھاۋاز شۇجى نەق مەيداندىلا ئۇنىڭغا بالىلىرىنى باشقۇرالمىغانلىق گۇناھىنى ئارتىپ، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان، تۆپىلەپ جەرىمانە قويغان، شۇ ئارقىلىق مۇنۇ مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويغان بولار ئىدى. خەيرىيەت ئۇمۇ بولۇپ قالار.

مېھمانلار كېتىپ نەچچە كۈن ئۆتمەي داۋۇت داڭقاننىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا قانداق تۇيۇقسىز تەيىنلەنگەن بولسا، يەنە شۇنداق

www.uyghurkitap.com

تۇيۇقسىز قالدۇرۇلدى.

— ئادەم بولۇپ قالار، پەيلىنى ئۆزگەرتەر، دەپ شۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلسام بىلمىدىڭ، خىيالىڭدا مېنى قورقتى دەپ ئويلاپ، شەيتىنىڭ كىچىك كۆرسىتىۋاتقان ئوخشايدۇ. خەپ، ئالدىمدا ئىتتەك ئۆمۈلەتمەيدىغان بولسام سەن غالچىنى، — دېدى هاۋاز شۇجى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— غالچىنىڭ غالچىلىقىنى قىلماق تەسكەن. باغلاقتىن بوشىتىۋەتكەنلىرىگە هەشقاللا، — دېدى داۋۇت داڭقان سەت ھىجىيىپ.

هاۋاز شۇجى داۋۇت داڭقاننى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ ھەپتىدىن كېيىن كەنت كادىرلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنى باشلاپ داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— داۋۇتئاخۇن، كەنت بويىچە ھەممە ئادەمنىڭ بويىنىدىكى جەرىمانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولدۇق. يالغۇز سىلىلا قاپلا، ئاشۇ جەرىمانىنى. . .

— نېمە جەرىمانىكەن ئۇ؟ ھېچ مېنىڭ گەدىنىمدە جەرىمانە باردەك قىلمايتتى؟ — دېدى داۋۇت داڭقان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانلاردىن سەل گۇمانسىراپ. ئۇ لەپپىدە هاۋاز شۇجىغا قارىدى. شۇجىنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن بىر خىل شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى.

— چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي قالغان جەرىمانە، — دېدى كەنت بوغالتىرى چۈشەندۈرۈپ.

داۋۇت داڭقان دەرھال چۈشەندى. ئۆز ۋاقتىدا هاۋاز شۇجى كەنت كادىرلىرىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك جەرىمانىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەنىدى. داۋۇت داڭقانمۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ قاتاردا بۇ كەچۈرۈمنامىگە ئېرىشكەنىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ ھوقۇقى يوق. شۇڭا، هاۋاز شۇجى دەرھال

كەچۈرۈمنامىنى بىكار قىلىپ، چاشقان جەرىمانىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشكەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ جەرىمانە تۆلىمەيمەن دېسە، مايادۇڭدىن بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە ئائىلە جەرىمانىگە چىدىماي كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ هاۋاز شۇجىنىڭ جەرىمانە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئالاھىدە ئۇنۇملۇك چارىسى، بوپتۇلا تۆلىۋېتەي دېسە، كەم تۇتقان چاشقانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ. داۋۇت داڭقاننىڭ يانچۇقىدا ئۇنچىلىك پۇل يوق. مال ـ بىساتىنى ھېسابلاپ بەرسە مايادۇڭدە تۇرۇش هوقۇقىغا ئېرىشكەن بىلەن يەنە ئوخشاشلا ۋەيران بولىدۇ. داۋۇت داڭقان ئۈچۈن هازىر قولىنىڭ ئالىقىنىمۇ گۆش، دۈمبىسىمۇ گۆش، قايسى بارمىقىنى چىشلىسە ئوخشاشلا ئاغرىيدۇ. هاۋاز شۇجىنىڭ مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى بىر خىل مەغرۇرانە كۈلكە قاپلىغان. خۇددى قەپەستىكى مۈشۈكنى كۆرگەن چاشقاننىڭ كۈلكىسىدەك.

— مەندە هازىر جەرىمانە تۆلىگۈدەك پۇل يوقتى، — دېدى داۋۇت داڭقان يېلىنغان هالدا، —بىر نەچچە ۋاق مۆھلەت بەرسەڭلار، هازىر مايادۇڭدە يەنە چاشقان كۆپىيىپ كېتىپتۇ، مۈشۈك بولمىغاچقا، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ۋەزىپىدىن كەملىگەن چاشقاننىڭ ئورنىغا چاشقان تۇتۇپ بەرسەم.

— بولمايدۇ. هازىر تۇتقان چاشقان ھېساب ئەمەس، — دېدى هاۋاز شۇجى كەسكىنلىك بىلەن.

— نېمىشقا ھېساب بولمايدىكەن. هازىرقى چاشقانلارمۇ ئوخشاشلا ئاشلىق ـ زىرائەتلەرگە زىيان سېلىۋاتىدىغۇ؟ بۇ چاشقانلارنى يوقاتماي نان چايناپ بېرىپ باقامدۇق يا.

— تولا داڭقان پۇتى گەپ قىلماي جەرىمانە تۆلەڭلا.

— تۆلىگۈدەك مەندە ھېچنېمە يوق! — دېدى داۋۇت داڭقان

تېرىكىپ، — ئالۋاستىغا كەلىمە تەمجىت تۇشـــخانىدىك
ھەرقايسىلىرىغا جەرىمانە پۇل توشمايۋاتىدۇ. ئالىمەن دېسەك
خۇدانىڭ ئىسسىق جېنىنى ئالىلا.

— نېمە، سەن جېنىڭنى تىككەن ئوخشىمامسەن
ئۇششۇق! كۆكەمىلىك قىلساڭ قورقۇپ قالمايمەن. سەن
زەمبىلكەش داڭقاننى چېقىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام،
ھاۋاز شۇجى بولماي كېتەي.

— جېنىمنى تىكسەم تىكتىم. توخۇ جېنىدا پىچاق سۇرسە
تېپىرلايدۇ. مەن دېگەن ئادەم. مايادۇڭلۇكلەرنى بوزەك ئېتىپ
ئۆتەپ كېتىمەن دەپ ئويلىمىسىلا. يۇقىرىدىن پارتىيە،
ھۆكۈمەت بار. پارتىيىنىڭ سىياستى ھەممە پۇقراغا ئوخشاش.

— نېمە قايلاپ تۇرىسىلەر، يېتىپ قوپقۇدەك بىر ئېغىز
ئۆي قالدۇرۇپ، قالغان ئۆي پېشايۋانلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ،
ياغاچ ـ تاشلىرىنى بىر يانغا دۆۋىلەڭلار، ئېغىلدىكى ئۇلاق
ئۇلىغىنى كەنتكە ئاپىرىۋېتىڭلار.

ھاۋاز شۇجىنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن كەنتنىڭ ئامانلىق
ساقلاش خادىملىرى كەنت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە داۋۇت
داڭقاننىڭ ئۆيىگە قاراپ تاشلاندى. ئۇلار كۆپ ئىدى.
كۇچتۇڭگۇر ئىدى. داۋۇت داڭقان يالغۇز ھەم ئاجىز ئىدى .
شۇنداقتىمۇ ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا ئېسىلىپ بوي
بەرمىدى. ئۇ شۇنداقلا بىر ئېسىلىۋېدى، بىر كەنت كادىرىنىڭ
چاپىنى يىرتىلىپ كەتتى. بۇ ئوبدانلا باھانە بولدى. ئۇلار
توپلىشىپ كېلىپ داۋۇت داڭقاننى ئۇرۇشقا باشلىدى. داۋۇت
داڭقاننىڭ ئايالى، ئۈچ بالىسى يىغلىدى، يالۋۇردى. داۋۇت
داڭقان تاياق زەربىسىدىن ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆي خارابىلىككە ئايلانغانىدى. ئۆي
پېشايۋانلارنىڭ ياغاچلىرى، ئېغىلدىكى چارۋىلار ئېلىپ
كېتىلگەنىدى. ئايالى بالىلىرى بىلەن بېشىدا مىشىلداپ

ئولتۇراتتى.

— كېتەيلى، دادام بار يۇرتقا كېتەيلى، — دېدى داۋۇت داڭقاننىڭ ئايالى يالۋۇرۇپ، — هازىرلا كېتەيلى.

— كەتسەڭ ئۆزۈڭ كەت، مەن كەتمەيمەن، — دېدى داۋۇت داڭقان جاھىللىق بىلەن تاياق زەربىسىدىن بولسا كېرەك ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقاتتى، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كېلىپ قالغانىدى.

— بۇ ئەسكى تامنىڭ تارتىشقۇدەك نېمىسى قالدى ئەمدى بىزگە. كۆز كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئۆيدە تۇرساق قىشچە باللارنى ئۇششۇتۇپ قويىمىز. ھەممىسى سىلىنىڭ كاساپەتلىرى. شۇجى بىلەن تولا ئېتىشمىسىلا، كارىلىرى بولمىسۇن، نېمە دېسە سىلىنىڭ توغرا دەپ، دولىلىرىنىڭ ئاپتاپ كۆرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ يۇرىۋەرسىلە، دېسەم ئۇنىمايلا. ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدۇق مانا...

— كۆزۈمدىن يوقال، قانجىق!

داۋۇت داڭقان يانقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئايالىنى قاتتىق بىر تەستەك سالدى - دە، مەيدىسىنى تۇتۇپ پۈكلەنگىنىچە دۈملا چۈشتى. ئايالىنىڭ تاپا - تەنىسى ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئايالىغا قاتتىق هار كەلدى. ئاران - ئاران تۇرغان ئايال سەۋر قاچىسىنى چېقىۋەتتى - دە، ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى. داۋۇت داڭقان خارابىلىككە ئايلانغان بۇ هويلىدا هۇۋقۇشتەك يالغۇز قالدى.

قەپەستىكى مۇشۇكنىڭ قاتتىق مىياۋلىشى داۋۇت داڭقاننى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى تەستە ئېچىپ مۇشۇككە قارىدى. مۇشۇكنىڭ قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، قەپەستە تېپىرلايتتى، شىكايەت قىلغاندەك توختىماي مىياۋلايتتى.

تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلايتتى. لېكىن، قەپەستىن چىققۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. داۋۇت داڭقان ئۆزىنى قەپەستىكى مۈشۈككە ئوخشاتتى. دېمىسىمۇ هازىر ئۇنىڭ قەپەستىكى مۈشۈكتىن ھېچقانداق پەرقى قالمىغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ مۈشۈككە ئىچى ئاغرىپ قالدى: «نېمىشقىمۇ قەپەسكە سولاپ قويغان بولغىيتتىم، قەپەسكە سولىنىپ چاشقانغا بوزەك بولۇپ ياشىغۇچە، ئەركىن – ئازادە هالدا ئۆز خاھىشى بىلەن بىرنەچچە چاشقاننى تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە مەيلىتتىغۇ؟ ئۆلۈپ كەتمىسۇن دەپتىمەن. لېكىن، بۇ بىچارە قەپەستە تۇرۇپ، كۈنگە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپتىغۇ؟...»

چاشقانغا دورا سالغاندىن كېيىن، مۈشۈكلەر دورا يەپ ئۆلگەن چاشقاننى يەپ، بىر – بىرلەپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ماياقدۇڭدە پەقەتلا مۈشۈك قالمىغانىدى. داۋۇت داڭقان قېيناتىسى بار يۇرتقا بېرىپ بۇ مۈشۈكنى ئېلىپ كەلگەن ۋە دورا يەپ ئۆلۈپ قالغان چاشقانلارنى يەپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ بۇ تۆمۈر قەپەسنى ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ توقۇتۇپ، مۈشۈكنى قەپەسكە سولاپ، ئاش – نان بېرىپ باققانىدى. شۇڭا، بۇ مۈشۈك دورا يەپ ئۆلۈپ قالغان چاشقانلارنى يەپ سالماي ساق – سالامەت تۇرۇۋاتاتتى.

داۋۇت داڭقان تەكىيە بېشىدىكى لېگەندىن چاشقان غاجىلاپ قويغان ناندىن بىر پارچە ئېلىپ، مەزمۇت چىشلىرى بىلەن كاراسلىتىپ، چايناپ يۇمشاتتى – دە، قەپەسنىڭ ئىچىدىكى قاچىغا تاشلىدى. مۈشۈك ئاچ كۆزلۈك بىلەن ناننى يېيىشكە باشلىدى.

تۇيۇقسىز بىرنەچچە ئون چاشقان پىلدىرلاپ كەلگىنىچە لېگەندىكى ناننى كىرىسلىتىپ غاجىلاشقا باشلىدى. داۋۇت داڭقان ئاستا بېشىنى كۆتۈردى – دە، ھېچنېمىدىن ھېيىقماي بەخىرامان ھالدا نان غاجىلاۋاتقان چاشقانلارنى شاپاللاپ،

لىگەندىن قوغلىدى. چاشقانلار پارتلا قىلىپ قېچىپ كەتتى ـ دە، يەنە بىر دەمدىلا قايتىپ كېلىپ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. داۋۇت داڭقان چاشقانلارنى قوروۇپ ھېرىپ قالدى. چاشقانلار ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. خۇددى ئۇنىڭ بىلەن مۈكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك پارتلا قاچاتتى. يەنە پەيدا بولاتتى. چاشقانلار داۋۇت داڭقاننىمۇ بوزەك ئېتىۋاتاتتى. داۋۇت داڭقان قەپەستىكى مۈشۈككە قارىدى. مۈشۈك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنىڭ سىملىرىنى تاتىلايتتى، چىشلىرى بىلەن غاجىلايتتى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى، تۈمشىقى قىپقىزىل قان ئىدى. داۋۇت داڭقاننى بىردىنلا غېرىبلىق باستى. ۋۇجۇدىغا كەلگەن سۆيىدەك يامىرىغان بىر خىل خورلۇق، دەرد ـ ئەلەمدىن ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىگىچە لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئاخىر ئۈن قويۇپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە

يانتوقاي يۇرت ــ مەھەللىدىن يىراق، دەريا ساھىلىغا جايلاشقان، زەي ــ سىزمال سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر كۆلچەك. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ئامبار» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇ دەريا ساھىلىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈنمۇ سۇيىنى بىر قىسىم زەي سۇلارغا سىڭىشتۈرغاندا تۇزلۇق ــ ئاچچىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىن زەي ــ سىزمال سۇلار چۈشۈپ تۇرغان بىلەن، ئۇنىڭ سۈيىمۇ دەرياغا سىزىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يانتوقاينىڭ سۈيى «يا ئاقمايدىغان، يا تاشمايدىغان» ھالەتتە تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە «ئۆلۈك» سۇ ئەمەس. ئۇنىڭ كۆلىمى سەككىز ــ ئون مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەردە تىرەك بويى ئېگىزلىكتە قومۇش، يېكەنلەر ئۆنۈپ چىققان بولۇپ، كۆلگە ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ. يانتوقاي مانا مۇشۇنداق جاڭگاللىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر كۆلچەك. ئەمما، بۇ كۆلچەكنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرغان قومۇش، يانتاق، يۇلغۇن ۋە ئاندا ــ ساندا ئۆسكەن توغراقلار بىلەن قاپلانغان بۇ كۆز يەتكۈسىز جاڭگاللىقنىڭ ئىسمىمۇ يانتوقاي. كىشىلەر جاڭگالنىڭ ئىسمىنى كۆلگە قويغانمۇ ياكى بۇ جاڭگال كۆلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانمۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

يانتوقاي كۆلى يۇرت ــ مەھەللە ئىچىگە ئېشەك ھارۋىلىق تاق يېرىم كۈنلۈك يول. شۈڭلاشقا، ئوۋچىلار بۇ يەرگە

ناگان ـ ناگاندا كېلىپ قالمىسا، پادىچىلار زىنھار كەلمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يانتوقاي كۆلىنى پەقەت ئاشۇ ئاز ساندىكى ئۇۋچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كۆل سىرلىق، نامەلۇم بىر جاي.

تاسادىپىي پۇرسەتتە توشقان ئۇۋلاپ كېلىپ قالغان قاۋۇز ئاكا يانتوقاي كۆلىگە شۇنداقلا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قالدى. ھەئە، بىردىنلا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يىقىندىن بېرى مۇشۇنداق يۇرت ـ مەھەللىدىن يىراق، سۈيىمۇ، ئوت ـ چۆپىمۇ بار، خىلۋەت ـ تىپتىنچ بىر ماكاننى تېپىپ شۇ يەردە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم، ئارامخۇدا ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

يانتوقاي ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بىر ماكان ئىدى.

بىر قاراپلا ئۇ يانتوقايىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

خۇدايىم ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئارزۇسىغا يەتكۈزگەندى. ئۇ ئازراقمۇ ئىككىلەنمىدى.

«خۇدايىم بۇيرۇسا قىش چىقىپ، ھاۋا ـ جاھان سەل ئىللىسا، بىر كېچىدىلا ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماي خۇتۇن ـ بالىلىرىمنى ئېلىپلا مۇشۇ يەرگە كېلىۋالاي». ئۇ يانچۇق چىلىمىنىڭ سەيخانىسىغا تاماكا خالتىسىدىكى كۆك تاماكىدىن چىڭداپ باستى ـ دە، ئوت يىقىپ بىر نەچچىنى قىنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «يۇرتتىكى يەرنى كەم تېرىسا تېرىسۇن. ناخشاخۇن شۇجى ئۆزى تېرىسىمۇ، چېكىسىگە تاڭسىمۇ مەيلى. ھە دېسىلا، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە: «ھەق ـ سېلىقنى ئېغىر كۆرسىلە، يەرنى تاشلىسىلا، يۇرتنى باكالىسىلا، ئۇرنىلىرىغا يەر تېرىيدىغان ئادەم بار» دەپ دەشكۈشلەيتتى. تايىنلىق مۇرادىغا يېتىۋالسۇن. خۇدايا توۋا، دېھقان بولغانغا، يەر تېرىغانغا شۇنداقمۇ تويامدۇ ئادەم، بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە ئىگەكىم. كوممۇنانى بىكار قىلىپ، يەرنى

قولىمىزغا بەرگەندە، ئۆزىمىزگە تەقسىم بولغان بەرنىڭ بېشىغا چىقىپ تولىمۇ خۇش بولغان، خۇشلۇقىمىزدىن يىغلاپمۇ كەتكەنىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كەتمەننى راۋۇرۇس چاپتۇق. مەھەللە باشلىقى ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ، ئېتىز بېشىدىن ئۆيگە كىرگۈمىز كەلمىدى. ئاشۇنداق راۋۇرۇس ئىشلىۋىدۇق، پىشكى نەپمۇ ئالغان، خېلى ئوبدان پىتلىنىپمۇ قالغانىدۇق. لېكىننزە «بەشتە بىر تۇتاش»، نىڭ . . . بولۇپمۇ پاختىنىڭ گېپى چىقىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت كېۋەز تېرىش ۋەزىپىمىزنى كۆپەيتكەندىن بىرى ئالتە ئاي ياز دېھقانچىلىق قىلدۇق دېگىنىمىز بىلەن، كېۋەز تېرىشتىن باشقا ئىش قىلمىدۇق. يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندايمىز، دەپ باشقا زىرائەتنى تېرىغىلى قويمىدى. ھەتتا سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشقىمۇ يول قويمىدى. تېرىساق يۇلىۋەتتى. ھەيدەتكۈزۈۋەتتى. تېخى تۆپلەپ جەرىمانە ئالدى. مولىقىدىن ئىككى يۈز ئەللىك جىڭدىن ئۈچ يۈز جىڭغىچە ساپ پاختا ئېلىپ، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىمىز دەپ، يەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت ـ كۈنجۈرىلەرنى ھەددىدىن زىيادە چاچقىلى سالدى. كېۋەز مايسىسى بەك شاخلاپ كېتىپ، چېچەك غوزىغا ماڭمىسا ئۈچىنى ئۈزگىلى، شېخىنى پۇتىغىلى سالدى. تېز ئېچىلمىدى دەپ دېھقانچىلىق دورىسى چاچقىلى سالدى. مۇشۇ جەرياندا يەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت، كۈنجۈرىلەرنى بەلگىلىمىدىن ئاز سېلىپسەن دەپ جەرىمانە؛ ئوغۇتنى زىيادە جىق سالغانلىقتىن مايسىلار پاك بولۇپ شاخلاپ كەتسە، ئۈچىنى ئۈزۈپ، شاخلىرىنى پۇتىماپسەن دەپ جەرىمانە؛ كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يوپۇرمىقىنى قۇرۇتىدىغان، غوزىسىنى تېز ئېچىلدۇرىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چاچماپسەن دەپ جەرىمانە؛ كېۋەزنىڭ قىرلىرىغا ئۈنۈپ قالىدىغان زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، قوناق. . . قاتارلىق مايلىقدان، زىرائەتلەرنى

يۇلىۋەتمەيسەن دەپ جەرىمانە. . ئىشقىلىپ تېرىغان كېۋىزنىڭ ئۈنۈپ، غوزا بولۇپ ئېچىلغۇچە گەدەنگىچە جەرىمانىگە بوغۇلۇپ كېتىسەن. شۇنداقتىمۇ چىشىڭنى چىشىڭغا چىشلەپ ئالتە ئاي ياز كېۋەزنىڭ تۈۋىدە ئۆمىلەكلەپ ئالغان پاختىنى ساتقىلى ئاپارساڭ، ئەتىيازدا، يەرگە چىگىت سالغان چاغدىكى «بۇ يىل پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى چوقۇم ئۆسىدۇ» دېگەن چىرايلىق، ناۋاتتەك گەپلەر ھېچ يەردە يوق. يەنە شۇ ئۆتكەن يىلقى باھا. ئۆزۈڭ تېرىپ، مېھنەت سىڭدۈرۈپ ساتقىلى ئەكەلگەن نەرسىگە ئۆزۈڭ باھا قويالمايسەن. بۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭ ـ ھوقۇقۇڭ يوق. سېنىڭ پەقەت سېتىشلا مەجبۇرىيىتىڭ بار. باھانى قانداق قويۇش سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئىختىيارى. لېكىن، بۇنىڭغا ماقۇل دېمەسلىككە ئامالىڭ يوق. ياق دەيدىكەنسەن، جازا ـ جەرىمانە تەييار. چۈنكى، سېنىڭ نامىڭ دېھقان. ئېتىبارسىز تەر تۆكۈپ، قىممەتسىز بايلىق يارانقۇچى. ئەمما، ئاشۇ پاختىنى ساتقىلى ئەكەلسەڭ مۇز چىراي پىرىيومچىلارنىڭ ھالى ئاندىن يامان. گۆلە ـ قاق، بادام ـ ياڭاق ئالغاچ بارمىساڭ، تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن پىرىيوم قىلمايدۇ، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە پاختىنى ساتىسەنۇ ئەمما پۇلى يېزا، كەنت بوغالتىرلىرىنىڭ چوتىنىڭ ئۇرۇقىدا قالىدۇ. قولۇڭغا تېگىدىغىنى ساتقان پاختىنىڭ جىڭ سانى خاتىرىلەنگەن قۇرۇق تالون. سەۋەبىنى سورۇشتۇرسەڭ، باش باھاردا باھاسىنى ئېيتىپ بەرمەيلا ساڭا مەجبۇرىي ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەن ئۇرۇقلۇق چىگىت، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، كۆنجۈرە، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ پۇلى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ھەققىنى تۇتۇۋالدۇق دەيدۇ. ئەمما، شۇ چاغدىمۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ مۇقىم باھاسىنى بىلمەيسەن. ئەڭ ئاخىرقى غوزا كېۋەزلىرىگىچە ئەكېلىپ ساتساڭمۇ، يەرگە

مەبلەغ قىلىپ سالغان ئاشۇ سېلىنمىلارنىڭ پۇلىنى ئاران تۆلىيەلەيسەن ياكى گەدىنىڭگە قەرز ئېشىپ قالىدۇ. تېخى يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىسى ئورۇندىيالماپسەن دەپ، ناخشاخۇن شۇجىغا يەنە بىرمۇنچە جەرىمانە تۆلەيسەن. تىل - ئاھانەت ئاڭلايسەن. ۋادەرىخا، بۇ يەرنىڭ دەردىنى نېمە دېگۈلۈك. ئەسلىدە بىز دېھقان خەق يەردىن يامانلىساق، يەرنى تاشلاپ قاچساق يامان بولىتى. لېكىن، شۇنداق قىلماي ئامال بولمىدى. نېمە قىلىمەن ئالتە ئاي ياز يامغۇر، بوران، ئاپتاپ دېمەي ئېشەكتەك ئىشلەپمۇ جاننى باقالمىغان يەرنى يەنە تېرىپ. خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغان ئوخشايدۇ، مۇشۇنداق بىر خىلۋەت پاناھگاھنى قانچىلىك ئارمان قىلغانىدىم - ھە! بۇ يەر مەھەللىدىن ھەقىقەتەنمۇ يىراق جاڭگاللىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر خىلۋەت يەر ئىكەن. بۇ ئەتراپقا بۇ زامانلاردا ئادەم كەلگەندەك قىلمايدۇ. دېمىسىمۇ باش ئەتىيازدىن كۈزگىچە ئېتىزلىقتىن، قىشچە ھاشا - بىنامدىن نېرى بولالمايدىغان دېھقانلارنىڭ بۇ يەرگە ئوۋ ئوۋلاپ كەلگىلى نەدە چولىسى. مەنمۇ ئوۋلىغان ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن بېرىپ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ جەرىمانە، تىل - دەشنامىلىرىدىن قۇتۇلارمەن، شۇ باھانىدا بالىلىرىمنى بىرەر قېتىممۇ بولسا گۆش دەيدىغان نەرسىگە ئېغىز تەگكۈزۈۋالارمەن دەپ تەۋەككۈلسىگە ئۆيدىن چىقمىغان بولسام، بۇ يەرگە كېلىش ھەرگىز نېسىپ بولماس ئىكەن. شۇنداق قىلاي، يۇرتقا بېرىپ، بىساتىمدىن پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ، ئازراق پۇل تەخلەپ تۇراي، ئەتىيازلىققا ئاشۇ پۇلغا كېلىشكە ئۇلاغ - ئىلمەك، ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋېلىپ، بىر كېچىدىلا خوتۇن - بالىلىرىم بىلەن بۇ يەرگە غىپپىدە كېلىۋالاي. كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاۋۇ بىر پارچە يەرنى تۈزلەپ بىنام ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلارمەن. ئىشقىلىپ،

ناخشاخوْن شوْجىنىڭ جەرىمانە ـ سىلىقلىرىدىن، تىل ـ هاقارەتلىرىدىن قوْتۇلۇپ كەتسەكلا بولدى. يارانقان ئىگەم يانتوقايدىنمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق رىسىق بىرەر...»

* * *

ئەتىيازنىڭ ئىللىق هاۋاسى بىلەن تەڭ يانتوقاي يىللاردىكىدىن بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. قاۋۇز ئاكا، ئايالى، ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزى ۋە بەش ـ ئالتە ئۇلاغ ـ ئىلمەك بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ، بۇ تىپتىنچ كۆل بويىنى باشقىچە بىر تۇسكە كىرگۈزدى. ئۇلار كەلگەن كۈنىلا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بورا قومۇشى، يېكەنلەرنى ئورۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يۇلغۇن، توغراق قاقشاللىرى بىلەن ئەپچىلگىنە ئىككى ئېغىز كەپە ياسىۋالدى. ئاندىن كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن بىنام ئېچىشقا كىرىشتى. بىر هەپتە ئىچىدە يەتتە ـ سەككىز مو كەلگۈدەك يەر تەييار بولدى. بۇ يەرگە كۆلدىن ئېرىق چېپىپ سۇ باشلىدى...

يەر هالال مېهنەت قىلغۇچىلارنى نېسىۋىسىز قويمايدۇ. هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. هېلىقى ئاچقان بىنامغا تېرىغان قوناقلار باش تارتىپ، دان تۇتۇشقا، قوغۇن پىلەكلىرىدە سويما چاچراشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە قاۋۇز ئاكىلار يەنە سەككىز ـ ئون مو كەلگۈدەك بىنام ئاچقان بولۇپ، كۈزلۈككە بۇغداي تېرىشقا تەييارلاپ قويغانىدى.

— بېلىق!.. دادا!.. دادا!.. مايەرگە كەلسىلە، كۆلدە بېلىق بار ئىكەن.

قاۋۇز ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى قاسىم ئاخۇن كۆل بويىدا تۇيۇقسىزلا ئەنە ئاشۇنداق چۇقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى تۆمۈر ئارىنى سۇغا سانجىغان بولۇپ، ئارىنىڭ

www.uyghurkitap.com

دەستىسىگە مەھكەم ئېسىلغىنىچە تولغاناتتى.

— ھە، نېمانچە تولغىنىسەن؟ سۇ بار يەردە بېلىق بولىدۇ. ئاشۇنداق، — دېدى قاۋۇز ئاكا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— بۇ بەك چوڭ بېلىقكەن. ئۇكام قادىر ئاخۇندەك بار ئىكەن. مەن ئۇنى ئارا بىلەن سانجىپ تۇتۇۋالدىم. ئىتتىكرەك كەلسىلە دادا، كۈچۈم يەتمەيۋاتىدۇ.

قاۋۇز ئاكا شۇنداقلا قاراپ، ئوغلىنىڭ پۇتىدىكى سۇنىڭ پالاقشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈردى. قاسىم ئاخۇن ئارا بىلەن بېلىقنىڭ دۈمبىسىدىن زىخلىۋەتكەن بولۇپ، بېلىق ھەدەپ پالاقشىۋاتاتتى. بېلىق راستىنلا قاۋۇز ئاكىنىڭ توققۇز ياشلىق كىچىك ئوغلى قادىر ئاخۇندەك بار ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار بېلىق گۆشىدىن تويغۇچە يېيىشتى. ئەمما، قاسىم ئاخۇن كۆلنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەيدىغان بولۇۋالدى.

— نېمانچە كۆلنىڭ بېشىدىن كەتمەيسەن، بالام. خۇددى قىلىدىغان باشقا ئىشىڭ يوقتەك؟

— يەنە ئۆتكەنكىدەك بېلىق ئۇچراپ قالارمىكىن دەيمىنا، دادا، — دېدى قاسىم ئاخۇن قولىدىكى تۆمۈر ئارىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ ھىجىيىپ.

— ئۇنداق تەلەي دېگەن كېلىۋەرمەيدۇ. ماڭ، ھاماقەتلىك قىلماي بېرىپ باشقا ئىشلىرىڭنى قىل، — دېدى قاۋۇز ئاكا قاپىقىنى تۈرۈپ.

— تور بولغان بولسىغۇ تۇتماق ئاسانتى. كۆلدە بېلىق خېلى جىقتەك قىلىدۇ. ئۇبدانراق بېلىق تورىمىزدىن بىرى بولغان بولسا خالىغان ۋاقىتتا بېلىق تۇتۇپ يېيەلەيتتۇق.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە ئاق ـ كۆك بىر نېمە دېمىدىيۇ، لېكىن بىر دىنلا ئويلىنىپ قالدى: «راست، بېلىق تۇتىدىغان تور بولغان بولسا، كۆلدىن ئانچە ـ مۇنچە بېلىق تۇتۇپ يەپ، قورساقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان بولاتتۇق. ھازىر

ئېتىزدىكى قوناقلار تېخى پىشمىدى. قويدىن بىرەرسىنى سوياي دېسە ھەممىسى بوغاز. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۆشنى ئىسسىقتا ساقلاپ يېگىلى بولمايدۇ. . . راست، ئۆتكەن يىلى قىشتا ھاشارغا بارغان سۇ ئامبىرىغا بېرىپ باقايمىكىن يا؟ شۇ يەردىن كونىراق بولسىمۇ بىرەر بېلىق تورىنىڭ ئامالى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . . »

قاۋۇز ئاكا شۇ كۈنى كەچتە ئۆيدىكىلەرگە ھېچقانداق گەپ قىلمايلا يانتوقايدىن غايىب بولدى ـ دە، ياندۇرقى كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ دولىسىدا خېلىلا چوڭ بىر باغلام بېلىق تورى بار ئىدى. قاسىم ئاخۇن تورنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى ـ دە، تورنى سۆرەپ كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى.

— ئالدىرماي تۇر، بالام، — دېدى قاۋۇز ئاكا، ئاۋۋال مەن ناشتا قىلىۋالاي، ئاندىن تورنى سالايلى. سەن بۇ تورنى قانداق سېلىشنى تېخى بىلمەيسەن.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە، ئەتىگەندە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قومۇشلۇقنى چۆرگىلىتىپ ئىككى قات قىلىپ سېلىپ قويغان تورنى يىغىشقا باشلىدى.

— ۋاھ! ماۋۇ كارامەتنى، — تولۇقلىۋەتتى قاسىم ئاخۇن خۇشاللىقتا.

تورغا ئادەمنىڭ يوتىسىدەك، قاق پاقالچىقىدەك بېلىقلاردىن خېلى جىق چۇشۇپ قالغانىدى.

قاۋۇز ئاكا بېلىقلارنى توردىن ئاجرىتىپ يەنە كۆلگە تاشلاشقا باشلىدى.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ، دادا، ئاران تۇتقان بېلىقلارنى يەنە كۆلگە تاشلىۋېتىپ بارىلىغۇ؟ — دېدى قاسىم ئاخۇن ھەيران بولۇپ.

— تاشلىۋەتمىسەك شۇنچىۋالا بېلىقنى قانداق يەپ

بولىمىز. يېيىشىمىزگە چۇشلۇق تۇتمايمىزمۇ؟

— ئۇنداق قىلغۇچە شەھەرگە ئاپىرىپ ساتمايمىزمۇ؟ شەھەرلىكلەر بىلىققا بەك ئامراق. بۇ بىلىقلارنى ساتساق قولىمىزغا پىشكى پۇل كىرەتتى.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ مەسلىھىتىگە ئۇزاق باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىدى. توردىكى بىلىقلارنى كۆلگە تاشلىماي قىرغاققا ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ياخشى مەسلىھىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

قاۋۇز ئاكا شۇ كۈنى كېچىسى لىققىدە بىلىق بېسىلغان ئېشەك هارۋىسىنى هەيدەپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، يۇرتنى تاشلاپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يانتوقايغا كېلىۋالغاندىن بېرى، بىر يەرگە كەمدىن كەم باراتتى. بارسىمۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ناخشاخۇن شۇجىنىڭ بىلىپ قېلىپ، يۇرتقا يەنە قايتۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىدە باراتتى. يەنە كېچىدە قايتىپ كېلەتتى. شۇڭلاشقا، يانتوقايدىكى بۇ خىلۋەت ماكاننى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتقانىدى.

ئۇ شەھەرگە ئالتە قېتىم بىلىق توشۇۋېدى، ئوبدانلا پۇللۇق بولۇپ قالدى. شەھەردە راستتىنلا بىلىقنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. ئۇ باھا تالىشىپ ئولتۇرمايلا تېزلا قولدىن چىقاردى. بىلىقنى نەدىن ئەكەلگەنلىكىنى سورىغانلارغا مۇجىمەللا بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن، كۆلنىڭ ئورنىنى ئېيتمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆلدىكى بىلىقلار ئازلاشقا باشلىدى. كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك چوڭلۇقتىكى بىلىقلارمۇ ئاز چىقاتتى. كۆلدىكى چوڭ بىلىقلار سىتىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇششاق بىلىقلار بەك ئۇششاق ئىدى. ئۇ بىلىقلار تورغا چۈشمەيتتى. تورغا چۈشكەن تەقدىردىمۇ تۇتۇپ شەھەرگە ئەكىرسە ساتماقمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىلىق

تۇتۇشنى توختاتتى. ئەمما، قاسىم ئاخۇن يەنىلا كۆل بويىدىن نېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى.

— ئەمدى كۆل بويىنى تولا چۆرگىلىمە، بالام، كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ تۇتقىدەكلىرى تۈگىدى. كىچىككىلىرى چوڭ بولۇۋالسۇن ئەمدى.

— سىلىگە دەيدىغان بىر مەسلىھەتىم بارىتى، دادا، — دېدى قاسىم ئاخۇن.

— مەسلىھەتىم دەمسەن؟ — دېدى قاۋۇز ئاكا قىزىققان هالدا، — نېمە گېپىڭ بولسا تارتىنماي ئۇدۇللا دەۋەر، بالام.

— بۇ كۆلگە پىشكى بېلىق مايىسى① سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ باقايلىمىكىن دەيمەن...

— نېمە دېدىڭ؟ بېلىقنىمۇ باقىدىغان گەپمۇ؟ — دېدى قاۋۇز ئاكا هەيران بولۇپ.

— كۆلدىكى بېلىقلارنى تۇتۇپ بولدۇق. ئۇششاقلىرى بەك ئۇششاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئاز، — دەپ چۈشەندۈردى قاسىم ئاخۇن، — سىز بىلەن شەھەرگە بېلىق ساتقىلى چىققان چاغدا، بېلىق بازىرىدا بېلىق ساتىدىغانلار بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ مەخسۇس بېلىق بېقىش ئۈچۈن كولىغان كۆلچەكلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ كۆلچەكلەرگە بېلىق مايىسىلىرىنى سېلىپ، كېپەك، بېدە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بېقىپ، چوڭايتىپ ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئون - يىگىرمە سانلىق② چوڭلۇقتىكى بېلىجانلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، تۇجۇپىلەپ باقساق بىر يىلدا خېلى ئوبدان يوغىنايدۇ دەيدۇ. تەييار كۆل بولغاندىكىن بىزمۇ شۇنداق قىلىپ باقمايلىمۇ، دادا.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە هېچقانداق جاۋاب

---

① بېلىق مايىسى — بېلىجان.
② سانلىق — سانتىمېتىر.

قايتۇرمىدى. لېكىن، بىر كۈن ئويلاندى. كۆلدە راستىنلا تۈزۈككىنە بېلىق قالمىغانىدى. بېلىقنىڭ تەبىئىي كۆپىيىپ، يوغىنىشىنى كۈتسە يەنە بەش ـ ئون يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. «قاسىم ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ؟ راستىنلا بېلىقنىمۇ قوي، توخۇ باققاندەك بېقىپ، چوڭايتىپ ساتقىلى بولامدىغاندۇ؟ «بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ» دەپتىكەن. نېمىلا بولسۇن يەنە بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ بېقىش كېرەك. ناۋادا قاسىم ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى راست بولۇپ قالسا، بۇمۇ پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ ئوبدان چارىسىكەن». ئۇ، شۇلارنى ئويلاپ ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— سەن گېپىنى قىلغان ھېلىقى بېلىق مايسىلىرىنى نەدە ساتىدىكەن. يانتوقايغا قانداق توشۇپ ئەكەلگىلى بولىدىكەن؟

بۇ مەسىلىنى قاسىم ئاخۇنمۇ بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا، دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىغا دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — شەھەرگە چىرىپ، بېلىق بازىرىدىكى بېلىقچىلاردىن ئۇقۇشۇپ باقساق بولارمىكىن.

«توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك. توۋا، مېنىڭ ماۋۇ قاپاق كالللامنى. قاسىم ئاخۇن بۇنچىلىك ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن. ئۇمۇ يېزا مەكتىپىدە تۈزۈك ئوقۇمىغان، يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان، ماڭا ئوخشاش ئېتىزلىقتىن، كېۋەزلىكتىن، ھاشاردىن نېرى بولالمىغان تۇرسا، بالىنى تەڭلىكتە قويۇپ، سورىغان سوئالىمنى كۆرمەمدىغان. . . »

قاۋۇز ئاكا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېلىق ساتقان پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا مەھكەم سالدى — دە، شۇ كۈنى كەچتىلا قاسىم

ئاخۇن بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار كېتىپ تۆتىنچى كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن يانتوقاينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاتاتلىغىنىچە بىر قوش كوزۇپلۇق تراكتور يېتىپ كەلدى. تراكتوردا قاۋۇز ئاكا بىلەن قاسىم ئاخۇنمۇ بار ئىدى. تراكتورنىڭ كوزۇپىغا كوزۇپ بىلەن تەڭ كەلگۈدەك قىلىپ، سۇ ئۆتمەيدىغان بىرزىنت قاپ جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىقلاپ سۇ توشقۇزۇلغانىدى. سۇدا ئادەمنىڭ بىگىز بارمىقىدەك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بىلىجانلار پىلتىڭلاپ يۈرەتتى. ھەممەيلەن قول ـ قول تۇتۇپ چىلەك، داس ـ قاچىلار بىلەن بۇ بېلىجانلارنى ئۇسۇپ، يانتوقاي كۆلىگە تۆكۈشكە باشلىدى. . .

* * *

قاۋۇز ئاكىنىڭ يانتوقاي كۆلىگە بېلىق مايىسى سالغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇلار بېلىق مايىسى ساتىدىغان ئورۇندىكىلەرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە كۆلچەككە كېپەك، قوناق يارمىسى، بىدە قاتارلىق يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپلەرنى قەرەللىك تاشلاپ بېرىپ تۇردى. ئۇلار ئاچقان بىنامغا بىدە تېرىغانىدى. قاۋۇز ئاكىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن كىملا بولسۇن بىرەيلەن ھەر كۈنى ئاشۇ بىدىلەردىن ئورۇپ، بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىشنى ئۇنتۇمايتتى. بولۇپمۇ قاۋۇز ئاكا بېلىقلارغا يەم ـ خەشەك بېرىشكە بەكمۇ ھېرىس بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىم كۆلچەككە ياپىپىشىل، يۇمران بىدىلەرنى تاشلىغىنىدا سۇ تېگىدىن پاراسلىغان يېقىملىق ئاۋاز چىقاتتى. بۇ بېلىجانلارنىڭ ئوت ـ چۆپ يەۋاتقان ئاۋازى ئىدى. سۇغا كېپەك، يارما چاچقان ۋاقىتتا بولسا بېلىجانلار سۇ ئۈستىگە موللاق ئېتىپ چىقىپ، تۈرلۈك شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. قاۋۇز ئاكا بېلىجانلارنىڭ شوخ

ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولاتتى. قىسقىسى، كۆلچەكتىكى بېلىجانلارمۇ، قاۋۇز ئاكا ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ غەمسىز ئىدى. قاۋۇز ئاكا يانتوقايغا دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىدا بىرەر غەيرىي شەپىنى، قاتتىقراق ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، چۆچۈپ تۆت ئەتراپىغا قارايتتى. يانتوقايغا قېچىپ كېلىۋالغىنىمنى ناخشاخۇن شۇجى بىلىۋالارمۇ؟ كەنت كادىرلىرىنى، كەنتتىكى ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ، مېنى يەنە يۇرتقا ئېلىپ كېتەرمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۆلىمىگەن سېلىق، ھەق ـ جەرىمانىلارغا ھېسابلىدىم دەپ ئەمدىلا ئاۋۇشقا باشلىغان مال ـ چارۋىلىرىمنى تارتىۋالارمۇ؟ دەپ غەم يەيتتى، خاتىرجەمسىزلىنەتتى، كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلاتتى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇنداق تۈيغۇلاردىن، غەم ـ ئەندىشىلەردىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ كەتتى. ھەتتا، يانتوقاينىڭ خىلۋەت قوينى ئۇنىڭ بارلىق غەم ـ ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. ناخشاخۇن شۇجىنىڭ ئىتنىڭ تۈكىدەك تولا سېلىق، ھەق، جەرىمانە، ھاشار ئەمگەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ مۇشۇ خىلۋەت جاڭگاللىقتا بىر ئۆمۈر يالغۇز، خاتىرجەم ياشاشقا رازى ئىدى.

ھېلىقى بېلىق مايسىسى سېتىپ بېرىپ، تراكتور بىلەن بىر كېچىدىلا يانتوقايغا ئەكېلىپ بەرگەنلەرنىڭ گېپى راست چىقتى. بېلىق مايسىلىرى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئادەمنىڭ پاقالچىقىدەك، بىلىكىدەك يوغىنىدى. بېلىقلار كۆل ئىچىدە توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. بېلىجانلار چۆمگەك، سۇ چاشقىنى، بېلىقچى قۇشلارنىڭ يەپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولۇق ئەي بولغانىدى. «خۇدايىم بۇيرۇسا، بېلىقلارنى كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ساتسام، بېلىق ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ياخشى نەسىللىك قوي، كالىلاردىن سېتىۋالسام،

قالغان بىر قىسمىغا سوپەكتىن[1] بىرنى سېتىۋالسام بىنام ئاچسام. . . » قاۋۇز ئاكىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قاناتلىغانسېرى يانتوقاي كۆز ئالدىدا جەننەتتەك بىر ماكان بولۇپ گەۋدىلىنەتتى.

قىش كېتىپ كۆلچەك ـ ئېرىقلاردىكى مۇزلار ئېرىشى ھامانلا قاۋۇز ئاكا كۆلدىن تۇنجى قېتىم بېلىق تۇتتى ـ دە، تۇتقان بېلىقلارنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ، گۇگۇم پەيتى بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ شەھەرگە بىرنەچچە قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، بېلىق بازىرىغا بېرىپ باقمىغانىدى. ھازىر بېلىقنىڭ باھاسى ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن خېلىلا ئۆرە ئىدى. قاۋۇز ئاكا بېلىقلارنى بازاردىكى بېلىق ئېلىپ ساتىدىغانلارغا توپ باھادىلا ئۆتكۈزىۋەتتى. ئۇلار قاۋۇز ئاكىغا بېلىقتىن قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتىشىپ، ئالدىن زاكالەت پۇلىمۇ بەردى. بېلىق ساتقان پۇلنى قايتا ساناپ، قاۋۇز ئاكىنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى. ئۇ ئاغزىغا چىش چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم سىقىمى توشقۇدەك پۇل تۇتۇپ باققانىدى. بۇ بىر ھارۋا بېلىقتىن ئۈچ يىل ئاۋۋال كۆلگە سالغان بېلىق مايسىسىنىڭ پۇلى ئاساسەن چىققانىدى. ئۇ، شەھەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ، ئۆينىڭ ئازراق تۆشۈكلۈك سودىسىنى قىلدى ـ دە، قاسىم ئاخۇن بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ تويغۇدەك بىر غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن يانتوقايغا قاراپ ئالدىراش يۇرۇپ كەتتى.

كۆلدە بېلىقلار زىيادە كۆپ ئىدى. تورنى شۇنداقلا ياپسا بېلىق چىقاتتى. قاۋۇز ئاكا يانتوقايغا كېلىپلا يەنە بىر ھارۋا بېلىقنى ئېلىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ھاۋا سەل ئىسسىپ

---

① قول تراكتورى دېمەكچى، مۇھەررىردىن.

قالسا، بېلىق باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى شەھەردىكى بېلىق سودىگەرلىرىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ جاپا تارتىشمۇ، بىر مەزگىل ئالدىراش ئىشلەشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىشلەپ بىر ھەپتە ئىچىدە شەھەرگە ئالتە قېتىم قاتنىۋىدى، يانچۇقىمۇ خېلىلا تومپىيىپ قالدى. پۇلنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ يانتوقايدا تىكلىمەكچى بولغان ئىگىلىكى ھەققىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ ھارۋىدىكى بېلىقلارنى شەھەردىكى بېلىقپۇرۇشلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەنە ئالدىراش قايتىپ كەلدى - دە، كۆل بويىدىكى كەپىنىڭ ئورنىغا يىغىلاپ سىلىنىۋالغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ ھامان تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى ھەم قورقۇنچ، ھەم غەزەپ ئارىلاش ئاچچىق، ئازابلىق بىر تۇيغۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى. مېڭىسىگە نەچچە ئونلاپ پىچاق سانجىلماقتا ئىدى. ئىشىكى ئالدىدا ناخشاخۇن شۇجى باشلىق بىرنەچچە كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى. ھەئە، كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسىدە قىلچىمۇ ساختىلىق، زەھەرخەندىلىك، يوشۇرۇن غەزەپ - نەپرەت يوق ئىدى. ئۇلار يۈرىكىدىن چىقىرىپ ھەقىقىي كۈلۈۋاتاتتى. قاۋۇز ئاكىغا ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىنداشقا قارىغاندەك مېھىر بىلەن قاراۋاتاتتى.

قاۋۇز ئاكا دەرھاللا ئەس - ھوشىنى يىغدى. پۇت - قولىغا قايتىدىن جان كىردى. دەرھال بۇ قىچقارمىغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كۈرۈشكىلى ئىككى قولىنى تەڭلەپ كەلدى.

— ھە، قاۋۇز ئاخۇن، نەچچە يىلدىن بېرى نەگە غايىب بولۇپ كەتتىڭىز دېسەك، ئەسلىدە مۇشۇنداق بەلەن يەرنى تېپىۋاپتىكەنلا - ھە؟!

قاۋۇز ئاكا شۇجىنىڭ بۇ گېپىگە بىر نىمە دەپ جاۋاب



www.uyghurkitap.com

بېرىپ بولغۇچە، شۇجى يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئەھۋال مەيەردىن ـ مەيەرگىچىتى دەپ قويۇپ كەتكەن بولسىلا، خەۋەر تېپىپ قالاتتۇق ئەمەسمۇ. نەگە كەتكەندۇ، نېمە بولغاندۇ، دەپ بەك ئەنسىرىدۇق. ئىز ـ دېرەكلىرىنى قىلدۇق. كېرەك يوق. يانتوقايمۇ بىزنىڭ يېزىغا، يەنە كېلىپ دەل بىزنىڭ كەتتىنىڭ زېمىنىغا تەۋە جاڭگاللىق. نېمىلا دېگەن بىلەن بىزنىڭ كەتتىنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتمەپلا.
قاۋۇز ئاكا شۇجىنىڭ بۇ يەرنــى قانداق قىــلىپ بىلىۋالغانلىقىنى، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى، بۇ گەپلەرنىمۇ نېمە مەقسەتتە دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، ئېغىلغا كىرىپ پاقلاندىن بىرنى سويدى. قاسىم ئاخۇن كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ چىقتى. ناخشاخۇن شۇجىلار پاقلان گۆشى، بېلىق كاۋپىنى تويغۇچە يېدى. ئۇلار قاۋۇز ئاكا كېلىپ بولغۇچە ئېغىلدىكى قوي، كالا، كۆلدىكى بېلىق، بىنام يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى كۆرۈپ، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئائىلىدىن تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەپ، كۆڭۈللىرىدە نېمىلەرنىدۇر بوداپ ئۆلگۈرگەنىدى. بېلىق كاۋپىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ ئولتۇرۇپ ناخشاخۇن شۇجى گەپ باشلىدى:
— ئەسلىدە رۇخسەتسىز يۇرتنــى تاشلاپ چىــقىپ كەتكەنلىكلىرىنى، يانتوقايدا رۇخسەتسىز بىــنام ئاچقان ھەم بېلىق باققانلىقلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشقا، جەرىمانە قويۇشقا تېگىشلىكتى. ئەمما، پارتىيە — ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنــى نامراتلىقتىــن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىــش يولــغا باشلاش سىياسىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاچقان بىناملىرىنىڭ ئۈچ يىللىق سۇ ھەققىنى، كۆلنىڭ ئۈچ يىللىق ئىجارىسىنــى تاپشۇرسىلا، باشقا ھەق — سېلىقلارنى سۈرۈشتە قىلمايلى، دېيىشتۇق. يەنە بىر گەپ، بايام سىلى شەھەردىن چىقىپ بولغۇچە بىز مۇشۇ ئولتۇرغان بارلىــق كەنت كادىرلىــرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مۇزاكىرىلىشىپ، سىلىنى ئالدىن بېيىغان ئون مىڭ كوپلۇق كەسپىي ئائىلە قىلىپ بېكىتتۇق. ماتېرىياللىرىنى يىغىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يوللايمىز. يۇقىرىدىن تەكشۈرگىلى، كۆزدىن كەچۈرگىلى، سىلىنىڭ ئالدىن بېيىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگىلى كەلسە، ئۇلارغا يانتوقايغا قېچىپ كەلگەنتىم دىمەي، كەنت تەشكىلى ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ يانتوقايدەك ئەۋزەل بايلىق شارائىتىغا ئىگە يەردە دادىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلىشىمگە مەدەت بەردى، كۆپلەپ ياردەم بەردى، ياخشى چارە، ئامال، تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ رەھبەرلىك قىلدى، دەپ جاۋاب بېرىلا. قالدى گەپنىڭ تەپسىلاتىنى سىلىگە ئايرىم دەپ بېرىمىز.

خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغان قاۋۇز ئاكىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىردىنلا تاراپ كەتتى. ناخشاخۇن شوجىنىڭ ھەم تەھدىت، ھەم بۇيرۇق تۇسىنى ئالغان سۆزلىرىگە ماقۇل دەپلا جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇ تاپىلاپ، قاۋۇز ئاكا يوللۇق تۇتقان تۆت ـ بەش تالدىن بېلىقلارنى ئېلىپ يانتوقايدىن كېتىشتى. قاۋۇز ئاكا ئۇلاردىن ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا، ئۆزى ئويلىغىنىدەك ئۇلارنىڭ ئەسكىلىك قىلمىغىنىغا كۆڭلىدە قەۋەتلا خۇش بولدى!

ئەسلىدە ناخشاخۇن شوجى قاۋۇز ئاكىنى شەھەردە بېلىق سېتىۋاتقاندا كۆرۈپ قالغانىدى. يوقاپ كەتكىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ شەھەردە بېلىق سېتىپ يۈرگىنى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىرىپ كۆرۈشمەكچى بولغانىدى لېكىن شۇ ھامانلا كۆڭلىگە باشقىچە ئوي پۈكتى ـ دە، قاۋۇز ئاكىنىڭ كەينىدىن قارا كۆرۈنە ئەگەشتى. ئۇ قاۋۇز ئاكىنىڭ يانتوقايدىكى ماكانىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن كېچىلەپ يۇرتقا قايتتى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بارلىق كەنت كادىرلىرىنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۇلار بىردەك يانتوقايغا بېرىپ قاۋۇز ئاكىنى

ئائىلىسى بىلەن يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەكېلىش، رۇخسەتسىز بىنام ئاچقان، بېلىق بېقىپ قىلغان كىرىمنى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىپ، كەنت مالىيىسىگە كىرىم قىلىشنى قارار قىلىشتى.

ئۇلار يانتوقايغا يېتىپ كەلگەندە قاۋۇز ئاكا ئاللىبۇرۇن شەھەرگە بېلىق ساتقىنى كىرىپ كەتكەنىدى. قاۋۇز ئاكىنىڭ ئايالى ناخشاخۇن شۇجى قاتارلىق كەنت كادىرلىرىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە چۆچۈدى، ھودۇقتى، تەمتىرىدى. كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. قىرىق - ئەللىك تۇخۇمنى دەرھال پىشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاچىقتى. توخۇدىن ئىككىنى بوغۇزلىتىپ، پاكىز ئادالاپ قازانغا تىقتى. تاماق ئارلىقىدا ناخشاخۇن شۇجى ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ، نېمە سەۋەبتىن يانتوقايغا كېلىپ قالغانلىقىنى، يانتوقايدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورىدى. ساددا، ئاق كۆڭۈل ئايال كۆلدە بېلىق تۇتقاندىن تارتىپ، بېلىق مايسىسى سالغىنىغىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ يېڭىدىن ئاچقان بىنام يەرلەرنى، زىرائەتلەرنى، قوتاندىكى قوي، كالىلارنى بىرمۇ بىر كۆرسەتتى. بۇلارنى كۆرۈۋېتىپ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز باشقا بىر ئەقىل كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قاۋۇز ئاكىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆزلىرىنى يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىش قارارىدىن تېزلا ياندى. ئۇ قاۋۇز ئاكىنى ئۈچ - تۆت يىلدا بۇنچىۋالا ئىگىلىك تىكلەپ، بېيىپ كېتىدۇ دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئېغىلدىكى قوي، كالىلارلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ئون نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ناخشاخۇن شۇجىنىڭمۇ بۇنچىلىك مال - چارۋىسى يوق ئىدى. قاۋۇز ئاكىنى كەنت بويىچە، ھەتتا پۈتۈن يېزا بويىچە بېيىغان دېھقانلارنىڭ ئالدى دېيىشكە بولاتتى. ھازىر يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بېيىش يولىغا باشلاش، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ھە دەپ

تەكتىلەۋاتاتتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا قوشنا كەنتلەردىن ئون مىڭ يۈەنلىك كەسپىي ئائىلىلەر، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر بىر- بىرلەپ بارلىققا كېلىۋاتاتتى. ئاشۇ كەنتلەرنىڭ شۇجىلىرى بولسا دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلىغان باشلامچى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ماختىشىغا، تەقدىرلىنىشىگە، مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشىۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت يېزا تەۋەسىدىكى ئاشۇنداق ئىلغار، نەمۇنىچى شۇجىلاردىن سەككىزىنى تەشكىللەپ ئىچكىي ئۆلكە - شەھەرلەرنى ساياھەت - ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن ئاچقاندا، يېزا باشلىقى باشقا شۇجىلارنى بولدى دېگۈچە چۆكۈردى. ئىشلىگەن بارلىق خىزمەتلىرىنى يوققا چىقاردى. ھەتتا خېلى قاتتىق گەپلەرنى قىلدى. شۇ چاغدا ناخشاخۇن شۇجى ئىزا- ئاھانەتتىن ئۆلمىدى، ئۇندىن باشقىسى بولدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى ئۇنىڭدەك رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشقان پېشقەدەم شۇجىنىڭ قېپقېلىپ، تېخى شۇجى بولغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ - تۆت يىل بولغان سويمەكلەرنىڭ ئايروپىلانلاردا ئولتۇرۇپ، چۈشىدىمۇ بېرىپ -كېلىشنى خىيال قىلمىغان بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردەك كاتتا شەھەرلەرنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن كۆرۈپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى بولدى. بۇ ناخشاخۇن شۇجى ئۈچۈن چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەم ئەمەسمۇ - ھە! ئۇمۇ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى دەپ يىگىرمە - ئوتتۇز يىللاپ تەر تۆكۈپ ئىشلىدىغۇ؟ كەنتتىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىغان، بېيىش يولىغا باشلىيالمىغان، كەنتتىن ھازىرغىچە بىرمۇ ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە چىقىرالمىغان دەپلا، ئۇنىڭ شۇنچە يىللىق خىزمەت ئەجرىگە كۆز يۇمسا بولامدىكەن؟

ئۇنىڭ ھازىرغىچە شۇجى ـ شىياڭجاڭلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئورۇندىمىغان يېرى يوققۇ؟ نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپە ـ كۆرسەتكۈچلەرنى تولۇقى بىلەن ئورۇندىتىپ، ھەق — سېلىقلارنى كەم قويماي يىغىۋالدى. ئورۇندىيالمىسا جەرىمانە قويۇپ دەرھال ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە سۇسلۇق قىلغان، باشقا كەنت شۇجىلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغان يېرى يوق. پەقەت بىرمۇ ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە چىقمىغان دەپلا شۇنداق قىلسا بولامدىكەن؟

ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى كۆرگەندە، قاۋۇز ئاكىنى بىرەر يىل بۇرۇن ئۇچراتمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. كەنتتىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ بەكرەك ئىز ـ دېرىكىنى قىلمىغانلىقىدىن پۇشايمان يېدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە يەنە تېزلا تەسەللى بەردى. شان ـ شۆھرەت، نام ـ ئابرۇي ھەققىدىكى تاتلىق ئوي ـ خىياللار ۋۇجۇدىنى تېزلا ئەسىر قىلىۋالدى.

«. . . بوپتۇ، ھېلىمۇ كېچىكمەيدۇ، — دەپ، خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — مانا، ئۈچ ئېتىز ئېغىلدىكى شۇنچىۋالا قوي، كالىلار، كۆلدىكى بېلىقلار، يىگىرمە موغا يېقىن بىنام يەردىكى ئوخشىغان زىرائەتلەرنىڭ قىممىتى ئاز دېگەندە قىرىق ـ ئەللىك مىڭ كويدىن ئاشىدۇ. شۇجى ـ شىياڭجاڭلار كۆرۈپ قويسۇن. ناخشاخۇن شۇجىمۇ دېھقانلارنى باي قىلالامدىكەن ـ قىلالمامدىكەن؟ باشقا شۇجىلارنىڭ كەنتىدىن كۆتىنى يۆلەشتۈرۈپ ئون مىڭ كويلۇق ئائىلىلەر چىققان بولسا، مانا مەن ناخشاخۇن شۇجىنىڭ كەنتىدىن قىرىق ـ ئەللىك مىڭ كويلۇق ئائىلىلەر چىقىدۇ. دەرھال دوكلات يېزىش كېرەك. بۇ تۆھپىنى ھەرگىز كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. ناۋادا ھاكىملارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ناخشاخۇن

شۇجىنىڭ نامى، كارامىتى پۈتكۈل ناھىيىسىگە ھەتتا پۈتكۈل ۋىلايەتكە پۇر كېتىدۇ. ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىدۇ. ھېلىقى سويمەك شۇجىلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا نوچىلىق قىلالمايدۇ. خۇشامەت قىلىپ سەت ھېجىيىشىدىغان بولىدۇ. . .»

كېيىنكى ئىشلار شۇنداق تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. ناخشاخۇن شۇجىنىڭ كەنت كومىتېتى نامىدىن يازغان دوكلاتى يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تېزلا دىققىتىنى تارتتى. شۇ ھامانلا دوكلاتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئون نەچچە كادىر ئەۋەتتى. ئۇلار يانتوقايدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، پاقلان گۆشى، بېلىق كاۋىپىغا سېسىق كېكىرىپ كېتىشتى ۋە يېزا رەھبەرلىكىگە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جۈملىدىن ناخشاخۇن شۇجىنىڭ «دانا» رەھبەرلىكىدە قاۋۇز ئاكىنىڭ قانداق قىلىپ يانتوقايدىن ئىبارەت بۇ ئادەم ئاياغ باسمايدىغان جاڭگاللىقتا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بېلىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، بىنام ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى دادىللىق بىلەن باسقانلىقىنى تەسىرلىك يازما دوكلات قىلىپ يوللىدى. شۇ ھامانلا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، ئاندىن كېيىن يېزا باشلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆمەك تەشكىللەپ مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. ناخشاخۇن شۇجى ئۇلارغا قاۋۇز ئاكىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «دانا» رەھبەرلىكىدە قانداق قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. پاقلانلار سويۇلدى. بېلىقلار كاۋاپ قىلىندى. قاۋۇز ئاكا ناخشاخۇن شۇجىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قاسىم ئاخۇننى بۇيرۇپ، يېزا بازىرىدىن ئىككى يەشىك ھاراق ئەكەلدۈرگەنىدى. بۇ ھاراقلارمۇ

پاك ـ پاكىز ئىچىۋېتىلدى. پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەر قاۋۇز ئاكىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ناخشاخۇن شۇجىنىڭ دادىللىق بىلەن تەدبىر تۈزۈپ توغرا يېتەكلىگەنلىكىنى، رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇلارنىڭ روھىدىن پۈتكۈل يېزا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن بارلىق كەنت شۇجىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇ ئىشلاردىن قاۋۇز ئاكىمۇ، ناخشاخۇن شۇجىمۇ ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ناخشاخۇن شۇجى يېزا رەھبەرلىكىنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسىنىڭ تېزلا رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن مەست بولۇپ كەتكەنىدى. ھەپتە ئۆتكەندە يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ شۇجى، مۇدىر، مۇئاۋىن شۇجى ، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئۆمىكى يانتوقايغا كەلدى. قاۋۇز ئاكا بەش قوينىڭ بېشىنى كەستى. كۆلگە ئىككى قېتىم تور تاشلىدى. تولۇق بىر كۈن پۈتكۈل يانتوقاي جاڭگىلىنى قوي گۆشى بىلەن بېلىق كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىدىكى شۇجى، ھاكىملارمۇ يانتوقايغا ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلدى. قاۋۇز ئاكا بىلەن تولىمۇ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ناخشاخۇن شۇجىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىدى. شۇنداق قىلىپ يانتوقاينىڭ، قاۋۇز ئاكىنىڭ، ناخشاخۇن شۇجىنىڭ نامى پۈتكۈل ناھىيىگە پۇر كەتتى. پات ـ پات يانتوقاينى پاقلان گۆشىنىڭ، بېلىق كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلاپ تۇراتتى. بېلىق كاۋىپىنىڭ ئاشۇ مەززىلىك ھىدىغا ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن رەھبەرلەر،

مېھمانلار، ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى كېلىپ تۇراتتى.

قاۋۇز ئاكىنىڭ كۆلنىڭ بېلىقىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، بۇ پۇللارغا كۆلگە يەنە بېلىق مايسىسى سېلىش، نەسىللىك قوي. كالىلارنى سېتىۋېلىپ مال - چارۋىلارنى كۆپەيتىش، سوپەك سېتىۋېلىپ بىنام ئېچىپ، كەڭ دائىرىدە دېھقانچىلىق قىلىش، باغ بىنا قىلىشتەك ئارزۇ - ئارمانلىرى پۇتۇنلەي كۆپۈككە ئايلاندى. چۈنكى، كۆلدىكى بېلىقلارنى، قوتاندىكى قويلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى، ناھىيە، يېزا باشلىقلىرى باشلاپ چىققان مېھمانلار ئاساسەن يەپ تۈگەتكەنىدى. مانا ئەمدى كۆلگە بىر كۈن كەچكىچە تور تاشلاپمۇ كىچىك بالىنىڭ بىلىكىچىلىك بېلىق تۇتقىلى بولمايتتى. كۆل قۇرۇقدىنىپ كەتكەنىدى.

قاۋۇز ئاكىنىڭ «بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى» دېگەن نامى يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكەنىدى. رەھبەرلەر، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى بىرسى كەتسە، بىرسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنى چوقۇم بېلىق كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك ئىدى. ئەمما، كۆلدە بېلىق تۈگەپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى قاۋۇز ئاكا ئېغىلدىكى قوي، كالىلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا شەھەردىن بېلىق سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، ئاشۇ رەھبەرلەرنى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان بولدى. بۇنىمۇ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ ھەم تەھدىت، ھەم يېلىنىش ئارىلاش كۆرسەتكەن ئەقلى بىلەن قىلدى. مانا ئەمدى قاۋۇز ئاكىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئالدىن بېيىغان بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى دېگەن كاتتا نامىدىن باشقا كۆلدە نە بېلىق، قوتاندا نە قوي، كالىسى قالمىغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن: «يېزىغا مېھمان كېلىپ قالدى، دەرھال بېلىق تۇتۇپ ئەۋەتسىلە» دەپ ئىككىلىك خەت

بىلەن پىكاپ كېلىپ تۇراتتى. قاۋۇز ئاكىنىڭ خۇددى بىر شېرىن چۈشتەك بىر مەزگىل داۋاملاشقان خۇشاللىقى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۇلۇغۋار پىلانلىرى تېزلا غايىب بولۇشقا باشلىدى. قاۋۇز ئاكا كۆل بويىغا چىقىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرەتتى. چىلىمغا كۆك تاماكىنى چىڭداپ بېسىپ ئاچچىق - ئاچچىق شورايتتى. ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. ئۇ يانتوقايغا قېچىپ كېلىۋېلىپ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ قار - يامغۇر يېغىپ تۇرىدىغان سەت گۆلىيىشلىرىدىن، نەشتەردەك تىل - ئاھانەتلىرىدىن، تۈگىمەس ئالۋاڭ - سېلىق، جەرىمانىسىدىن، قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھاشار ئەمگەكلىرىدىن قۇتۇلغان بىلەن، مانا ئەمدى يەنە شۇ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ سەۋەبىدىن تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان شېرىن، ھەيۋەتلىك شان - شەرەپلەرنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بېسىمى ئۇنى يەنە ھالسىرىتىپ قويغانىدى. شۇنچە كەڭرى يانتوقاي جاڭگاللىقى ئۇنىڭغا تار كېلىۋاتاتتى. مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ بۇ يەردىنمۇ تېز يوقال دەۋاتاتتى.

— خۇش خەۋەر! ئۇلتۇرماي تېز قوپسىلا، قاۋۇز ئاخۇن. بۇ دۆرەم مېھمانلارنىڭ كاتتىسى كېلىدىغان بولدى.

ناخشاخۇن شۇجى سېمىزلىكتىنمۇ ياكى ئالدىراپ ماڭغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ھاسىراپ كەتكەنىدى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان مىس رەڭ، گۆشلۈك چىرايىدا ئاجايىپ بىر خۇشاللىقنىڭ شولىسى ئەلەڭگىيتتى. ئۇ قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىپادىسىز قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، رەنجىگەننى قىلىپ يەنە سۆزلىدى:

— شۇنچە يەردىن دوپپامنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي پالاقلاپ كەلسەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ تۇرىلىيا قاۋۇز ئاخۇن. مۇنداق ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ قويمىلا ئەمدى.

— سورىمىسامۇ مېھماننىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ

كەلگەنلىكلىرىنى دېدىلىغۇ شۇجى، — دېدى قاۋۇز ئاخۇن خۇشياقمىغان هالدا.

— بۇ دۆرەمقى مېهمانلىرى ئۇنچە كىچىك چاغلاپ كەتمىسىلە، قاۋۇز ئاخۇن. مېهمان ئۈرۈمچىدىن كېلىدۇ. ئاڭلاۋاتاملا قاۋۇز ئاخۇن، ئۈرۈمچىدىن. ئەمدى بۇ يانتوقاي جاڭگىلىغا ئۈرۈمچىلىك ئەزىز مېهمانلارنىڭمۇ ئايىغى تېگىدىغان بولدى دېسىلە، — ناخشاخون شۇجى خۇددى كوچىدىن بەش موچەن پارچە پۇل تېپىۋالغان كىچىك بالىدەك قىن - قىنىغا پاتماي سۆزلەۋاتاتتى، — ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان مېهمانىنىڭ دەرىجىسىنى بىلمىدىم. ئەمما، ۋىلايەتتىن ۋالىيلار، ناهىيىدىن هاكىملار هەمراھ بولۇپ بىللە كەلگۈدەك. بولسىلا، ۋاقىت قىس، دەرهال تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ. مېهمانلار ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە ئۇدۇل يانتوقايغىلا كېلىدىغان بوپتۇ. هازىردىن باشلاپ تېز، پۇختا تەييارلىق قىلمىساق، كاتتىلارنىڭ ئالدىدا سۇنۇپ قالىمىز.

مېهمان كەلسە يانتوقاي مۇشۇ شۇ، كۆل ئەينا. . .

— هەي. . .ي. . . نېمە دېگەنلىرى بۇ قاۋۇز ئاخۇن؟ — دېدى ناخشاخون شۇجى قاۋۇز ئاكىنىڭ تەنە ئارىلاش گېپىنى بۆلۈپ، — ئۇنداق دېمىسىلە. ئۇلار شۇنچە ئۇزاقتىن كېلىدىغان كاتتا باشلىقلار تۇرسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ چىقساق ياخشى بولماس.

— مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار دەيلا، شۇجى. كۆل بىلەن قوتاننىڭ ئەهۋالى سىلىگە ئايان، — قاۋۇز ئاكا شۇنداق دېدى - دە، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا تاماكىنى چىڭداپ بېسىشقا باشلىدى. ناخشاخون شۇجى قاۋۇز ئاكىنىڭ قولىدىكى چىلىمنى تارتىۋېلىپ، ئاچچىق - ئاچچىق قىلىپ ئىككىنى شورىدى. ئاغزى - بۇرنىدىن يەڭدەك ئىس پۇرقىراپ چىقتى.

— سىلىمۇزە بارغانسېرى پىخسىقلىشىپ كېتىپ بارىلا جۇمۇ، قاۋۇز ئاخۇن، — دېدى ناخشاخۇن شۇجى چالا ھىجىيىپ، — مېھمانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. ماڭا قايىلسىلا، ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش بىر ئامالىنى قىلمامىلا ئەمدى.

ناخشاخۇن شۇجىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ قاۋۇز ئاكا بىر ئاز يۇمشىدى.

— قانچىلىك مېھمان كەلگۇدەك؟

— مەنمۇ تازا بىلىپ بولالمىدىم. ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان ئۇ مېھمانغا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن بولۇپ ئاز دېگەندە ئوتتۇز - قىرىقچە ئادەم ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغۇ دەيمەن. ئەللىك كىشىلىك تەييارلىق قىلساق بولامدىكىن.

— ئېغىلدا ئاشۇ موزايلىق ئىنەكمدىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى، — دېدى قاۋۇز ئاكا، — ئۆتكەن قېتىم مېھمانلارغا قوشقا قاتقۇدەك بولغان تورپاقنى سېتىپ، پۇلىغا شەھەردىن بېلىق سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا يانتوقاينىڭ بېلىقى دەپ كاۋاپ قىلىپ بەردۇق. ئالتە ئاي يازدىن بېرى مېھمان كۆتۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىقىمىز پەقەتلا ئوخشىمىدى. تاغاردا ئاشلىقنىڭ تايىنى يوق. پىلانىمدا ئاشۇ موزايلىق ئىنەكنى سېتىپ، پۇلىغا ئاشلىق سېتىۋېلىپ قىشتىن چىقىۋالارمىز، دەپ ئويلىغانىدىم...

— ھەر نېمە قىلسىلا بىر ئامالىنى قىلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىرايلىق چىقسىلا. قالدى گەپنى كېيىن دېيىشەيلى. قىشتا، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان نامرات ئائىلىلەر قاتارىدا قوتقۇزۇش ئاشلىقىدىن جىقراق ھەل قىلىپ بېرەي. قانداق دەيلا، ئاشۇنداق قىلسامغۇ بولار؟

قاۋۇز ئاكا گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىغا گۆلەيدى:

www.uyghurkitap.com

— سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن، قاۋۇز ئاخۇن. بىر ئېغىز گەپ قىلمامىلا ئەمدى.

قاۋۇز ئاكا شۇجىنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرىگە شۇنداقلا قارىدى ــ دە، ئاستا پىچىرلىدى:

— مەيلى، بېلىق كاۋپىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي ئەمما مېهمانلارغا هاراق قۇي دېسىلە، ئۇنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايمەن. موزايلىق ئىنەكنىڭ پۇلى هەرقانچە بولسىمۇ، بېلىق كاۋپىغا ئاران چىقىشىدۇ.

— بوپتۇ ــ بوپتۇ، شۇنداق قىلسىلا، ئۇلار چوڭ شەهەرلەردە ئالىي رېستورانلاردا هاراق ئىچىپ كۆنۈپ قالغان ئادەملەر. بۇ جاڭگاللىقتا هاراق ئىچمەن دەپمۇ تۇرۇۋالماس. «توشقان تېرىسىمۇ ئۈچ كۈنلۈككە چىدايدۇ» دەپتىكەن. چىدايلى قاۋۇز ئاخۇن. مېنىڭ بىلىشىمچىمۇ سىلى يۇرتتىن بۇ جاڭگالغا قېچىپ كەلگەندە ئېشەك هارۋىلىرىغا يوتقان ــ كۆرپىلىرىنى بېسىپلا كەلگەنغۇ دەيمەن. يانتوقايغا كېلىپ كۆلنىڭ تەييار بېلىقىنى تۇتۇپ ساتتىلا، باج ــ سېلىقسىز يەر تېرىدىلا. شۇنچىۋالا ۋەج ــ دۇنيا، يۈز ــ ئابرۇي تاپتىلا. بىز تېخىچە سىلىدىن يانتوقايدىن ئاچقان بىنامىنىڭ، بېلىق باققان كۆلنىڭ، مال ــ چارۋا باققان يايلاقلارنىڭ ئىجارىسىنى، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك هەق ــ سېلىقلارنى سۈرۈشتە قىلمىدۇق. نەچچە يىلدىن بېرى هاشار ــ ئەمگەككە قاتناشمىدىلا، بۇنىڭمۇ هېساب ــ كىتابىنى قىلىشمىدۇق. قالدى گەپنى سىلى ــ بىز تىلىمىزنى ئۇقۇشىدىغان مۇسۇلمان خەق بولغاندىكىن ئالدىرىماي قىلىشىۋالارمىز. ماقۇل ئەمىسە، مەن كەتتىم. تەييارلىقتا تېزرەك تۇتۇش قىلالا.

ناخشاخۇن شۇجى كەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئېغىز گەپلىرى قاۋۇز ئاكىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى. ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي ئۇزاق ئويلاندى.

چىلىمنىڭ سەيخانىسىنى ئىككى قېتىم يەڭگۈشلىدى. تاماكىنىڭ ئاچچىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. «هازىرغۇ موزايلىق ئىنەكنىلا ساتارمەن. ئەمما، قىشچە يېگىلى ئاشلىق تاپالمىسام قانداق قىلارمەن. كەنتتىكىلەر بەشتە كاپالەتلەندۈرىلىدىغان نامراتلار قاتارىدا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئالسام، خەقلەر زاڭلىق قىلىپ كۈلمەسمۇ؟ ناۋادا ناخشاخۇن شۇجى بايام گېپىنى قىلغان سىلىقلارنى ھېسابلىسا، ئۇنىڭغا نېمىنى تۆلەپ بېرەرمەن؟ . . ئەقىللىق ئىت ئىگىسىگە ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ، دەپتىكەن ئەڭ ياخشىسى. . . »

* * *

ناخشاخۇن شۇجى بۈگۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇردى. يېڭى بادام دوپپىسىنى، ھېيتلىك شىم ـ چاپىنىنى كىيدى. چاپىنىنىڭ بېلىنى يېڭى تاۋار بەلۋېغى بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئاندىن بىر قىسىم كەنت كادىرلىرىنى، دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كەنت يوللىرىنى سۇ چېچىپ، پاكىز تازىلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. . . موتسىكلىتىنى ئوت ئالدۇرۇپ، يانتوقايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئاچچىق شور پۇراپ تۇرىدىغان توپىلىق يولدا موتسىكلىت كەينىدىن بوراندەك توپا ـ چاڭلارنى توزۇتۇپ، سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى. ناخشاخۇن شۇجى بولسا، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان مېھمانلارغا، ۋالىيلارغا ئۆزىنىڭ قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا باشلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى، يانتوقاينىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئالدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قاۋۇز ئاخۇن ئائىلىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە

رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ قانداق جاپا تارتقانلىقىنى، چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزگەنلىكىنى قانداق سۆزلەپ بېرىش ھەققىدە قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز كاتاڭ يولدا موتسىكىلىتنىڭ سىلكىنىشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىيالىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتاتتى. ۋالىيلارنىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ماختاشلىرى قۇلىقىدا تۇۋۇپ يېقىملىق ناخشىدەك جاراڭلايتتى. . .

ئۇ ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە يانتوقايغا يېتىپ كەلدى ـ دە، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. يانتوقايدا ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. قاۋۇز ئاكا بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئازغىنە لاقە ـ لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز غايىب بولغانىدى.

— ۋاي خۇدايىم ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

— ناخشاخۇن شۇجى شۇلارنى دېدى ـ دە، بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

* * *

جاڭگالنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسى. ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن قومۇشلۇقتا قاۋۇز ئاكا ئىشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ باراتتى. ھارۋىدا ئايالى، بالىلىرى ئولتۇراتتى. ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان موزايلىق ئىنەك پۇشۇلدىغىنىچە ھۆرۈنلۈق بىلەن كېتىپ باراتتى. ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى قومۇشلۇقتا يەرگە چوڭقۇر پېتىپ، يىڭىدىن ئەگرى ـ بۈگرى ئىزلارنى قالدۇراتتى. قاسىم ئاخۇننىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئىزلارغا خىيالچانلىق بىلەن تىكىلگەنىدى. قاۋۇز ئاكا ئىشەكنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ بالىلىرىغا چۆچەك

ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى:

— . . . بىلىقچى بەكمۇ نامرات ئىكەن. كۈندە دەريادىن تۇتقان بېلىقى بىلەن بالىلىرىنى باقىدىكەن. بىر كۈنى بېلىقچى دەرياغا تولۇقبىر كۈن تور تاشلاپ ئاران دېگەندە بىر تال بېلىق تۇتۇپتۇ. بۇ بېلىقنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پادىشاھتىن ئازراق ئىنئامغا ئېرىشىشنى ئويلاپتۇ ـ دە، شۇ ھامان ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بېلىقنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپتۇ. بېلىقنى قوبۇل قىلىپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا ئىنئام قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نامرات بېلىقچى يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ، باياشات، خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ. بالىلىرىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بوپتۇ. . .

1997 ـ يىل، 14 ـ نويابىر، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاھ، قىزلار

يىگىتلەردىن تۆت ـ بەشىمىز بىر يەرگە كېلىپ قالدۇقمۇ بولدى. تەبىئىي ھالدا پاراڭنىڭ تېمىسىنى قىزلار ئىگىلەيدۇ. كىمنىڭدۇر يۈرگەن ياكى ئايرىلىپ كەتكەن قىزى ھەققىدە ياكى قىزلارنىڭ كىيىنىشى، گىرىم قىلىشى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، پەزىلىتى ھەققىدە ۋە ياكى قىزلارغا بولغان قاراشلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىشىمىز. مۇنازىرلىشىمىز. بۇ بىزدەك ئەر يىتىپ قالغان يىگىتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكىمىز بولسا كېرەك. بىر چاغلاردا چوڭلارنىڭ «ئاغزىدىن خەنزۇ خەقتىن تۆت ئەر كىشى بىر يەرگە كەلسە قورساق پارىڭىنى سالىدۇ، بىز ئۇيغۇر خەقتىن تۆت ئەر كىشى بىر يەرگە كېلىپ قالسا خوتۇن پارىڭى سالىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. بۇ ھەقىقەتەن راست گەپكەن. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتساممۇ بالىلىقىم بىلەن خوشلىشىپ، بالاغەتكە يەتكىنىمدىن تارتىپ قىزلارنى ئويلىدىم، قىزلارنى خىيال قىلدىم، قىزلارنى چۈشىدىم، تەڭتۇشلار بىر يەرگە كەلسەك قىزلارنىڭ پارىڭىنى قىلدۇق. قايسى بىر قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانلىقىمىزنى، كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋالغانلىقىمىزنى، كېلىشتۈرۈپ ئىككى ئېغىز گەپ ئېيتىۋالغانلىقىمىزنى داڭلىنىپ، مەغرۇلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشتۇق. قىزلار بىلەن ھاياتنىڭ تاتلىق، مەخپىي لەززەتلىرىنى سۈرۈپ چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدۇق. قىزلاردىن پارىڭىمىز، خىياللىرىمىز ئارقىلىق ھۇزۇر ئالدۇق، بارا ـ بارا چوڭ بولدۇق، ئەنە ئاشۇ تاتلىق خىياللىرىمىز،

چۈشلىرىمىز رېئاللىققا ئايلاندى. قىزلار ئوغۇللۇق دەۋرىمىز بىلەن خوشلاشتۇرۇپ بىزنى ئەرگە — ھەقىقى بىر ئەرگە ئايلاندۇردى. ئۆزىمىزنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇردى، بىلدۇردى. يەنە شۇنىڭدىمۇ قىزلارنى تېما قىلغان پاراڭلىرىمىز توختاش تۇگۇل تېخىمۇ بەك ئاۋۇپ كەتتى. شۆلگەيلىرىمىزنى ئېقىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشتۇق. سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ شېرىن، تاتلىق خىياللار قاينىمىغا يەنە غەرق بولدۇق.

مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بىر پاراڭلار تەبىئىي ھالدا باشلاندى.

— ھە، ئاغىنىلەر تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار. ئەجەب تاماكىنىڭ ئىسلىنى چېكىدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ، ئاخشام بىر كېچە خىش تىزىپ ئويدانلا[1] غوس قوپاغان ئوخشىمامسەن. ئىشخانىلىرىمىز قوشنا بولغاندىكىن بىزگىمۇ مانداق بىر ھايىت دەۋېتىڭلا ـ ھە!

— سەندىن نېمە ئاياتتىمەۋە ئاداش، بۈگۈن ئاخشامۇ ئوينىماقچى، خالىساڭ سېنىمۇ باشلاپ باراي، ئاز دېگەندە بىرەر مىڭنى يانچۇققا سېلىۋالغاچ بارارسەن.

— ھەببەللى، ما گېپىڭلا ئوغاۋالچىلىققا ياردى مانا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق سورۇن بولسا بىللە بارايلى. ھەي، شۇ نەرسىنىڭ مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى. ئويناپ قالساق كېچىچە ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن. كۈندۈزى خىزمەت خۇش ياقمىغان. ھېلىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمى «قىما» بولۇپ قاپتىكەن. ناۋادا «قىل» دېگەن بولسا قانچىلىك بولۇپ كېتەرمىز كىن.

— نەچچە مىڭ كويغا كالتەكلىنىپمۇ تويمىدىڭلا ـ ھە ئاداش شۇ قىماغا.

---

① قىش تىزىپ — ماجاڭ ئويناش دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

— ئاڭلىدىڭلارمۇ ئابدۇللا چويۇن بىلەن روشەن قورچاقنىڭ تويى بولغۇدەك.

— نېمە؟ ئاشۇ روشەن قورچاقنىڭما؟ يائاللا ئاشۇ نەرسىگىمۇ ئەر چىقىپتۇ ـ دە! چويۇن ئاداشقا يېپىشقان ئوخشىمامدۇ ئۇ يەر يېلىمى.

— ياق، چويۇن ئاداش ئۆزى يېپىشۋاپتۇدەك.

— ھەرقاچان تويلۇقى ئەرزان چۇشىدۇ، جىق چىقىم تارتمايلا توي قىلىۋالىمەن دەپ يېپىشقاندۇ ئۇ پىخسىق ئاداش، شۇڭا باكاغا چويۇن دېمەيمىز ـ دە، ئۇنى.

— ھەي، ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى گېپىگە قاراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدىكەن، تويىنىڭ گېپى بولسىلا ئابدۇللا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتى. قىزلارنى چېكىپ تاللاپ تۇرۇپ، توغاچتەك بىر نېمىسى بار قىزلار بىلەن توي قىلىمەن دەپ پو ئاتاتتى. ئەمدى كېلىپ قىز تېپىلمىغاندەك ئاشۇ روشەن قورچاق بىلەن. . . .

— شۇنداقمۇ دەيسىلە، ئايالالر دېگەننىڭ ھېيلىسى تولا خەق. روشەن قورچاقمۇ بوش نەرسە ئەمەس. چويۇن ئاداشنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغاندۇ ھەرقاچان.

— بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ.

— خوتۇن كىشى دېگەنزە. . . .

— ئۆز ۋاقتىدا قىزلارنى مەندەك چوڭ بىلىدىغان ئادەم يوق بولغىيتتى. قىزلار بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ قالسام ئەتىرەيتتىم. ئۇلارنى خىيال قىلساممۇ سۇر بېسىپ، يۈرىكىم پوكۇلدايتتى. توي كېچىسى قانداق قىلارمەن دەپ غەم يەيتتىم. ھېلىقى پاتەم داڭ بىلەن مەستچىلىكتە بىر كېچە بىللە يېتىپ ئوغۇللىقىمنى يوقاتقاندىن كېيىن بۇنداق نەرسىلەر كۆزۈمگە چۈمۈلىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئاغىنىلەر «ئاق كېچە» گە بېرىپ بىر ئاخشام ئويناپ

كەلمەمدۇق.

— داڭلىغۇدەك نېمىسى بار ئۇ يەرنىڭ، ساپلا دادۇيجاڭ، شۇجىلار بىلەن خوتۇن تالىشىپ...

— هازىر پەيزى بوپ كەتتى دېيىشىدىغۇ. لوبىنى خېلى يامان ئەمەس نەرسىلەردىن يەتتە ـ سەككىزىنى خوتەندىن ئەپكەپتىمىش، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا «ئاق كېچە» نىڭ پارىڭى.

— بارساق بارايلى، زېرىكىپ تۇرغاندا ئوييناپ كەلمەمدۇق.

— هازىر رېستوران، قاۋاقخانىلارغىمۇ ئەركىشىدىن خوتۇن كىشى كۆپ كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇغۇ تاڭ.

— غېرىب ـ سەنەم، تاھىر ـ زۆھرە، رابىيە ـ سەئىدىنلەردەك ھەقىقىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يوق بولۇپ كەتتىغۇ هازىر.

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، مۇھەببەت ئوچۇن جېنىنى پىدا قىلىدىغان قىزلار هازىرمۇ تېپىلىدۇ.

— ۋاي تاڭەي، بۇ گەپكە مەن ئىشەنمەيمەن جۇمۇ.

— مەنمۇ ئىشەنمەيمەن.

— ئىشىنىڭلار ئاغىنىلەر، — دېدى باياتىن بىرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئەنۋەرجان سۆز قىستۇرۇپ، — قىزلار سىلەر دېگەندەك ئۇنداق ئەمەس. مەن سىلەرگە بىر پارچە خەت كۆرسىتەي، بۇ بىر قىزنىڭ بىر ئاغىنەمگە يازغان خېتىكەن، ئوقۇپ باقاي دەپ ئېلىۋالغانتىم. سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي.

— قېنى ئۇ خەت، ئېلىڭلا ئوقۇپ باقايلى.

ئەنۋەرجان ئىشخانىسىدىن بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇ هامان خەتكە ھەممەيلەننىڭ نەزەرى ئاغدۇرۇلدى. خەت مەكتەپ باللىرىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنىڭ قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، تولا ئوقۇلغانلىقتىن كىرلىشىپ، قاتلانغان يەرلىرى قىيىلىپ كەتكەنىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا «ساڭا ئاشىق

www.uyghurkitap.com

قىزچاقتىن» دېگەن چىرايلىق ئىمزا قويۇلغان بولۇپ، ئاشۇ ئىمزانىڭ ئۈستىگە قىزلارنىڭ لەۋ سۈرۈخ سۈرگەن كالپۇكىنىڭ ئىزى خۇددى تامغىدەك بېسىلغانىدى.

— پاھ بۇيەرگە لەۋنىڭ ئىزىنى چۈشۈرۈپتۇمۇ نېمە؟

— ھە شۇنداقكەن، لەۋنىڭ ئىزىكەن.

— پاراڭ سالماڭلار، خەتنى ئوقۇيلى.

ئەنۋەرجان خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى:

گۈل ئېچىلدى تەزىم بىلەن بۇلبۇلغا قاراپ،
جاۋابسىز قالارمۇ بۇ خېتىم ئېتىبارسىز قاراپ.

پاھ، شائىرمۇ نېمە ئۇ قىز. شېئىر بىلەن باشلاپتىغۇ بۇ خەتنى.

— ھاي قوشۇق سالماي ئاڭلىغىنا، خەتنى ئوقۇۋەر ئەنۋەر.

ئەنۋەرجان خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

سۇلتان (كەچۈر ئىسمىڭنى سۇلتان دەپ ئۇدۇللا ئاتاۋەردىم) بۇ خەتنى كۆرۈپ بەلكىم ھەيران قالارسەن. ئەسلى سەن بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشەي دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، جۈرئەت قىلالمىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن قىزلىق غورۇرۇم يول قويمىدى. گەپ - سۆز قىلماي يۈرۈۋېرىشكە يۈرىكىم چىدىمىدى. ئۆتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن تاپىنلىق ئىچىدىلا كۆيەي دېدىم - دە، ئاخىر بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ خەتنى قانچىلىك غەيرەت بىلەن يېزىۋاتقىنىمنى پەقەت بىر ئۆزۈملا بىلىمەن، سەندىن ئۈمىدىم خېتىمنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىققىن.

سۇلتان مەن سېنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىمەن. چۈنكى، بىز دائىم يولدا ئۇچرىشىپ قالىمىز. دەسلەپتە ساڭا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىگەنىدىم. كۆزۈمگە چېلىقىپ قالساڭ «يەنە ئاشۇ

بالا» دەپلا قويالتتىم. بارا - بارا كۆزلىرىم ئادەملەر تۇپىدىن سېنى ئىزدەيدىغان، بىرەر قېتىم يولدا سېنى ئۇچراتماي قالسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان ئىزدىگەن مۇھىم نەرسەمنى تاپالماي قالغاندەك تىت - تىت بولىدىغان بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىن ئاشۇ ئورۇق، ۋىجىك گەۋدەڭ، ۋېلسىپىت پىدالىنى تېز - تېز تېپىشلىرىڭ، ئۇچرىغانلىكى قىزلارنىڭ چىرايىغا يەۋەتكۈدەك بولۇپ تەكشى قاراشقا ئۈلگۈرىدىغان قوي كۆزلىرىڭ، يىگىتلەرگە خاس شەھۋانىي قاراشلىرىڭ نېرى كەتمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزۈمنىڭ سەزمىگەن ھالدا ئەتىگىنى ئىشقا بەش - ئون مىنۇت بۇرۇنراق مېڭىپ كوچا دوقمۇشىدىكى قاتناش بەلگە چىرىغى يېنىدا ساقلاپ تۇرىدىغان، سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولۇمنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. سېنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كېلىشىڭنى كۈتۈش مەن ئۈچۈن ھەم ئازابلىق، ھەم خۇشاللىق بىر ئىش. سەن كېلىپ بولغۇچە ۋۇجۇدۇم تۈگىمەس زىددىيەتلەر بىلەن تولاتتى. «ئۇ مېنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ مېنى سۆيەرمۇ؟ سۆيگۈمنى قوبۇل قىلارمۇ؟ مۇشۇنداق سەۋدايىلارچە ساقلاپ تۇرغىنىمنى بىلەرمۇ؟ ئاھ، خۇدا، مېنى بۇ ئوتتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرساڭچۇ؟...» كاللامدىكى بۇ تۈگىمەس تالاش - تارتىشلارنىڭ باش - ئاخىرى يوق ئىدى. خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتىم. مەندىكى كۆيۈك ئوتىنى ساڭىمۇ سېلىشنى تىلەيتتىم. سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ بولالماي بەخت - تەلىيىمگە ئۆزۈمچە پال سالاتتىم: ھازىردىن باشلاپ ۋېلسىپىتلىق ئوتتۇز ئادەم ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولغۇچە سۇلتان كەلسە چوقۇم مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيمەن. كەلمىسە بارماق چىشلەپ قالىمەن دەپ ئويلايتتىم - دە، ۋېلسىپىتلىقلارنى ساناشقا باشلايتتىم. يىگىرمىدىن كېيىنكى ساناق ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. يۈرىكىم دۈكۈلدەپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالغۇم كېلەتتى.

ۋېلىسىپىتلىقلارنىڭ كەلمەي تۇرۇشىنى، ساناق ئوتتۇزغا بېرىپ بولغۇچە سېنىڭ كېلىپ قېلىشىڭنى تىلەيتتىم. گاھى ۋاقىتلاردا ساناق يىگىرمىدىن ئېشىپ بولغۇچە كېلىپ بولاتتىڭ. مەن دەرھال ساناقنى توختىتىپ، دىدارىڭغا قاراپ ئۆلگۈرۈپ بولغۇچە لىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتىڭ. كەينىڭدىن ھەسرەت بىلەن قاراپ قالاتتىم. ساقاللىرىڭنىڭ ئۆسۈپ قالغانلىقى ياكى كىيىملىرىڭنىڭ كىرلىشىپ قالغانلىقى كۆزۈمگە شۇنداقلا چېلىقاتتى. لېكىن، سەن پەرۋاسىز، تولىمۇ پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتەتتىڭ. يولۇڭغا سەۋدايىلارچە تەلمۈرۈپ تۇرغان مەندەك بىر قىز مەۋجۇت ئەمەستەك دىققەت قىلىپمۇ قويمايتتىڭ. سېنى كۆرۈپلا ۋۇجۇدۇمدا گۈررىدە پەيدا بولغان خۇشاللىق تۇيغۇلىرى شۇ ھامان شىپپىدە غايىب بولاتتى. يۈرىكىمدە قايتىدىن يىغا يامىشاتتى. ئاچچىق ھېسلارغا تولاتتى. گاھى ۋاقىتلاردا ۋېلىسىپىتلىقلاردىن ئوتتۇزى ئۆتۈپ ساناق ئەللىككە توشقاندىمۇ كەلمەيتتىڭ. شۇ ھامان كاللامنى ھەر خىل ئەندىشىلىك ئوي - خىياللار ئىگىلەيتتى. «ئاغرىپ قالغاندىمۇ؟ بىرەر ھادىسە بولۇپ قالغاندىمۇ؟» دەپ پۇت - قولۇمدا جان قالمايتتى. لېكىن، دەرھاللا مۇشۇنداق قاملاشمىغان شۇم خىياللارنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم. خۇدادىن ساڭا ئامانلىق، سالامەتلىك تىلەيتتىم. كۆز چانىقىم لىققىدە ياشقا تولاتتى. ئازاب - ھەسرەت ئىلكىدە يەنە ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. «بايامقى ۋېلىسىپىتلىقلار بەك تېز ئۆتۈپ قالدى. بۇ ھېساب ئەمەس، پىيادە ئادەملەردىن ئەللىكى ئۆتۈپ بولغۇچە سۇلتان كەلمىسە ئاندىن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولىمەن» دەپ پىيادىلەرنى ساناشقا باشلايتتىم. ساناق توشۇشقا ئاز قالغاندا كۆزۈمنى يۇمۇۋالغۇم، پىيادىلەرنى قەستەنگە كۆرمەسكە سالغۇم كېلەتتى. قىرىقىنچى ساناقتىن كېيىن كەلگەن پىيادىلەرگە شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كېتەتتىم. ئۇلارنى

ئىچىمدە قارغايتتىم، تىللايتتىم. شۇ چاغدىمۇ كەلمىسەڭ تاغدەك مۇڭ، ھەسرەتلەرنى يۇدىگىنىمچە ئىدارەمگە قاراپ ماڭاتتىم. ۋۇجۇدۇم دەريا - دەريا ياشلارنى تۆكەتتى. سېنى كۆرۈش قانچىلىك ئازابلارغا دۇچار قىلسا، كۆرمەسلىكمۇ مېنى يەنە شۇنچىلىك قىينايتتى، يىغلىتاتتى.

يىراقتىن كۆرسەملا قەددىڭنى ئى يار،
ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەپ كېتىدۇ.
سېنىلا باشلىغاچ قەلبىم تۆرىگە،
يۈرىكىم ھاياجان بىلەن سوقۇپ كېتىدۇ.

سۇلتان مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، كاللاڭدا «بۇ قىز زادى كىمدۇ؟» دېگەن سوئال پەيدا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، سەن ھەرقانچە ئويلانساڭمۇ مېنى ئەسلىيەلمەيسەن. چىرايىمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيسەن. چۈنكى، بىز كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرغان بىلەن، سەن بىرەر قېتىم ماڭا تەپسىلىيرەك تىكىلىپ قاراپ باققان ئەمەس. سېنىڭ كۆزلىرىڭ، ئاشۇ چىرايلىق، شوخ ئەمما بىپەرۋا كۆزلىرىڭ ھېچقاچان بىرلا قىزنىڭ چىرايىغا ئۇزاقراق تىكىلىپ قادالغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭگە ئۆچ. ئاھ، ئاشۇ بەڭۋاش، شوخ، ئاچ كۆز، بىپەرۋا كۆزلىرىڭنى ئۆزۈمگىلا قارىتالىغان، بويسۇندۇرالىغان بولسام - ھە! كۆزلىرىڭ ماڭا ئىككى - ئۈچ سېكۇنت ئارتۇقراق قارىغان، تىكىلگەن بولسا يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كېتەرمىدى ياكى كۆزلىرىڭدىن چاچرىغان ئۇچقۇندا گۇررىدە ئوت تۇتۇشۇپ، ۋۇجۇدۇم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتەرمىدى؟ مەيلىتتى. كۆزلىرىڭنى ئۆزۈمگە قارىتالىغان، بويسۇندۇرالىغان بولسام ئېرىپ كەتسەممۇ، كۆيۈپ كەتسەممۇ مەيلىتتى. ھېچقانداق ئارمىنىم قالمايتتى.

مەن شەنبە، يەكشەنبىگە بەك ئۆچ بولۇپ قالدىم. چۈنكى، بۇ دەم ئېلىش كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن سەن ئىشقا بارمايسەن. ئەتىگىنى يولدا ئۇچرىشىش، سېنى كۆرۈش پۇرسىتى بولمايدۇ، سېنى كۆرەلمەي قالىمەن. قولۇمدىن كەلسە ئىدى. بۇ ئىككى كۈننى كالېنداردىن چىقىرىۋەتكەن بولار ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ قاتناش بەلگە چىرىغى يېنىدا كۈن - كۈن ساقلايمەن. لېكىن، سەن كەلمەيسەن، پۈتۈن شەھەرنى سەۋدايىلارچە ئىزدەپ چىقىمەن. ئىسمىڭنى ئۈنسىز تولۇلايمەن. نەدە، كىمنىڭ قېشىدىلىقىڭنى پەرەز قىلىمەن. بۇنداق پەرەز - قىياسلارنى قىلىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق. چۈنكى، كاللامغا ياخشى پەرەز، ياخشى قىياسلار كەلمەيدۇ. ئۆزۈمنى يوقىتىپ ساراڭ، تەلۋە بولۇپ قالىمەن. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ قانغۇچە يىغلايمەن. گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ. يېقىندىن بېرى خېلىلا ياداپ قالدىم. خىزمەتداشلىرىم «ئورۇقلاپ، تېخىمۇ زىلۋا بولۇپ قاپسىز. پىگورىڭىز تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. قانداق دورا قىلىپ مۇشۇنداق ئورۇقلىدىڭىز؟ دەپ بېرىڭ، بىزمۇ ئورۇقلايلى» دېيىشىدۇ. ئۇلارغا نېمە دەيمەن. ئازاب، ھەسرەت يەۋاتىمەن دەيمەنمۇ؟ دورا يېمىدىم، دېسەم ئۇلار پەقەتلا ئىشەنمىدى. ئىلگىرى ئورۇقلاش ئۈچۈن خېلى كۆپ ھەرىكەت قىلغان، ھەر خىل دورىلارنى يېگەن، چارە - ئامالىلارنى قىلغانىدىم. لېكىن، پەقەتلا ئۈنۈمى بولمىغانىدى. مانا ئەمدى ئورۇقلىۋېدىم قىلچىمۇ خۇش بولمىدىم. قەلبىمدىكى ھەسرەتلىرىمنى ئازراقمۇ يەڭگىللىتەلمىدى.

سۇلتان، ھەر قېتىم ئىسمىڭنى ئاتىغىنىمدا ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەيدۇ. گۈلخان بولۇپ يانىدۇ. بەلكىم سەن سۇلتان، مەن بۇ خەتنى چەكسىز سېغىنىش ئىلكىدە يېزىۋاتىمەن. سەن ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانسەن؟ بەلكىم

دوستلىرىڭ بىللە ھاراق ئىچىۋاتىدىغانسەن. ھاراقنىڭ كەيپىدە كۆڭلۈڭنى رام قىلىۋالغان قايسى بىر قىز ئۈستىدە شېرىن خىيال سۈرۈۋاتىدىغانسەن. مەن ھاراق ئىچىشنى ئوغۇللارنىڭ ئەرلىك بەلگىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايمەن. ھاراق ئىچىش خۇدا سىلەر ئوغۇللارغا نېسىپ قىلغان ئەڭ چوڭ ئامەت. چۈنكى، سىلەر نۇرغۇن ئازابلىرىڭلارنى، دەرد ـ ھەسرەتلىرىڭلارنى ھاراق بىلەن يەڭگىللىتىسىلەر. لېكىن، بىز قىزلار ئۇنداق قىلالمايمىز. خۇدا بىزگە يىغلاشنى، ياش قۇرۇمايدىغان بىر جۈپ كۆزنى نېسىپ قىلغانىكەن. شۇڭا، سىلەر ئوغۇللارغا شۇنداق ھەۋەسىم كېلىدۇ. سۇلتان، بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ مېنى تازىمۇ بىر يولدىن چىقىپ كەتكەن قىز ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالما. مەن سىنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنمەن، سېنىڭ ھەممە قىلىقىڭنى، خۇي ـ ئادەتلىرىڭنى ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك. بۇ مېنىڭ مىزانىم.

سۇلتان بىر قىزنىڭ بىر يىگىتكە بۇنداق خەتنى يېزىشى ئاسانمۇ؟ يىگىتلەرگە سېنى ياخشى كۆرىمەن دەپ سۆيگۈ تەلىپى قويۇشى ئوڭايمۇ؟ بۇ تەرەپلەرنى سەنمۇ ئوبدان چۈشىنىسەن. ساڭا بولغان مۇھەببىتىم، سۆيگۈم مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. غەيرەت، كۈچ ئاتا قىلدى. سۇلتان مەن ھازىر سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا قانداق بىر قىز سۈپىتىدە گەۋدىلىنىۋاتقاندىمەن؟ ساڭا. ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم ئوبرازىمنى ھەرگىزمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەير، خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. ناۋادا مېنىڭ بۇ سۆيگۈ تەلىپىمنى ئويلىشىپ بېقىشنى، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىساڭ، كېلەر ھەپتە ئىشقا ھېلىقى ئاق رەڭلىك بوغما چاپىنىڭنى كىيىپ بارغىن، چاپاننى بىر ھەپتە تولۇق كىيىشىڭ كېرەك. ناۋادا ئاشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە قارارىڭ

ئۆزگىرىپ قالسا، چاپىنىڭنى ئالماشتۇرۇۋەتسەڭلا ماڭا شۇ كۇپايە. ئاشۇ بىر ھەپتە سىڭىنىڭ ئۆيلىنىشىگە تولۇق ۋاقىت چىقىدۇ. بۇ خەتكە ھازىرچە ئىسمىمنى يېزىشنى خالىمىدىم. ۋاقتى كەلگەندە ھېلىقى خەتنى يازغان قىز مانا مەن بولىمەن دەپ ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن ھەم ئىسمىمنىمۇ ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن.

ساڭا ئاشىق قىزدىن.

××× - يىل، × - ئاي، × - كۈنى.

ئەنۋەرجان خەتنى ئوقۇپ تۈگىتىشى بىلەن ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق قاپلىدى.

— تازىمۇ شېرىن - شېكەر گەپكە ئۇستا بىرىنىمە ئوخشايدۇ.

— ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالغان سەت بىر قېرى قىزمۇ تېخى.

— پاھ، ئادەمنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتكۈدەك يېزىپتا خەتنى.

— قىزلار دېگەنزە...

— ھە، ئەنۋەرجان ئاغىنىڭىز ھېلىقى قىز بىلەن كۆرۈشتىمۇ قانداق؟

— بىلمىدىم، — دېدى ئەنۋەرجان شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ. ئۇ ئاداش مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئاق بوغما چاپىنىنى كىيىپ يۈرۈيدىغۇ؟

— نەتىجىسىنى كېلەر ھەپتە بىلىمىز دەڭلا.

— ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

— ئالدىرىما توي باغىقى ئەكېلىپ بېرىمەنمۇ تېخى

— ھەي...ي، ماڭىمۇ ئاشۇنداق قىزدىن بىرەرى كۆيۈپ قالسىچۇ.

— قاچانغۇچە بويتاق ئۆتەرمىز ئاغىنىلەر.

خىزمەتداشلىرىم جىمىپ قېلىشتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى ئۇلار ھازىر تونۇشىدىغان ياكى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزلارنى خىيال قىلىشىۋاتاتتى. قىزلار ھەققىدە تاتلىق، شېرىن ھېسسىياتلارغا چۆمۈۋاتاتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى ئەختىيارسىز ئۇنلۇك پىچىرلاپ تاشلىدى:

— ئاھ، قىزلار! . . .

1997 ـ يىل، 25 ـ ئاپرېل، يەكەن.

# ساخاۋەتلىك قار

ئۆز نەپسىدىن كەچسە باشقىلارنى خۇش قىلغىلى بولىدۇ.

— ئانامنىڭ تەربىيەتلىرىدىن

بامدات ۋاقتىدىن باشلاپ ياغقان قار بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئادەمنىڭ كۆزىگە سانسىزلىغان كۆمۈش توزۇندىلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. قىش كىرگەندىن بېرى ياغقان بۇ تۇنجى قار پۈتكۈل قارادۆڭ يېزىسىنى ئاپئاق لىباس بىلەن چۈمكىۋەتكەنىدى. قار مۇشۇ ھالەتتە يېغىۋېرىدىغان بولسا كەچ كىرگۈچە ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك يېغىشتا گەپ يوق ئىدى.

يېزا باشلىقى خۇرۇم چاپىنىغا مەھكەم قىمدالغىنىچە جىپىنىڭ دېرىزىسىدىن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاق چېچەكلەرگە قاراپ تاتلىق خىياللارغا غەرق بولغانىدى...

«... بۇ قار دەل ۋاقتىدا ياغدى. يېزا تەۋەسىدىكى ئون بەش مىڭ مودىن ئارتۇق كۆزگى بۇغداي قىشتىن ئۆتۈشۈپ كەتمەي چىقىۋالىدىغان بولدى. دېمەك، بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشتا گەپ يوق. قىشتا قار كۆپ ياغسا، يازدا سۇ كۆپ بولىدۇ. سۇلا بولسا دېھقانچىلىقتىن نېمە غەم. ياغە قار توختىماي ياغ...» — يېزا باشلىقىنىڭ خىيالى شۇيەرگە كەلگەندە يۈرىكى بىردىنلا قارتتىدە قىلىپ كەتتى، يولنىڭ چېتىدىكى دېھقان ئۆيلىرىگە ئەندىكىپ نەزەر تاشلىدى. پاكار - پاكار لاي تاملىق دېھقان ئۆيلىرىنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن

كۆكۈچ ئىس ئاپئاق قار توزۇندىلىرى ئارىسىدا تېزلا سىڭىپ كېتىپ باراتتى. يېزا باشلىقى يەنە خىيالغا كەتتى، — دېھقانلارنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ، ئوزۇق - تۈلۈك ئەھۋالى قانداق بولغىيدى؟ قار مۇشۇنداق ياغىۋېرىدىغان بولسا يېزا تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار، نامرات ئائىلىلەرگە تەس بولىدۇ. دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى كۆرۈش كېرەك. . . »

يېزا باشلىقى جىپنى توختىتىپ، چۈشۈش ئۈچۈن بىر قولىدا جىپنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاچ شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى.

— سىز دەرھال ئورگانغا[1] بېرىپ يەتكۈزۈڭ. بارلىق رەھبىرى كادىرلار ئۆزلىرى نۇقتىدا تۇرغان كەنتلەرگە بېرىپ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرنىڭ، تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇللارنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ئەھۋالىنى تەكشۈرسۇن. دېھقانلار قىشلايدىغان ئۆيلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنىمۇ تەكشۈرسۇن. چۈشتىن كېيىن دەل سائەت تۆتتە ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايمەن. كىمدەكىم بۇ خىزمەتكە سۇسلۇق، بىپەرۋالىق قىلسا مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىغاننىڭ سىرتىدا، بىر ئايلىق مائاشى جەرىمانىغا تۇتۇلىدۇ.

يېزا باشلىقى يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى دېھقان ئۆيلىرىگە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئالدىغا قاراپ ئىلدام - ئىلدام يۈرۈپ كەتتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان قاما قۇلاقچىسى، خۇرۇم چاپىنىنىڭ مۆرىلىرى ئاپئاق قار توزۇندىلىرى بىلەن بىزەلدى. يېزا باشلىقى كۆزلىگەن ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى شاراقلاتتى. ھەمساتتىلا ئۆينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ كورۇەك جۇۋىغا يۆگىنىۋالغان بىر

---

[1] ئورگان — يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنى دېمەكچى.

بوۋاي ھاسسىسىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ كەلدى ـ دە، دەرۋازىنى ئېچىپ، دەرۋازا تۈۋىدىكى «قار ئادەم» گە تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە ئەلى ئاكا، تونۇيالمايۋاتامدىلا مېنى؟ — دېدى يېزا باشلىقى بوۋايغا كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ.

— ھوي ئەسلىدە تۇراخۇن يېزا باشلىقكەنغۇ بۇ، — بوۋاي دەرھال ئېسىگە كەلدى ـ دە، يېزا باشلىقىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ قىستى، — ياشانغاندا ئادەمنىڭ كۆزى ئاجىزلاپ قالىدىكەن يېزا باشلىقى، قاردا سىلىنى دەماللىققا تونۇيالماي قاپتىمەن، قېنى ئۆيگە چىرىلى.

ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. تۈڭلۈككە يېپىپ قويغان يالتىراقنىڭ ئۈستىنى قار كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، تەلپەكنىڭ ئورنىدەك يەر ئاقۇش كۆرۈنەتتى. لېكىن، بۇيەردىن ئۆي ئىچىگە ھېچقانداق يورۇقلۇق چۈشمەيتتى. يېزا باشلىقى چاقمىقىنى ياندۇرۇپ، مورا ئوچاقنىڭ قېشىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە بوۋاي مورا ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى جىن چىراغنى ياندۇردى. شۇ چاغدىلا يېزا باشلىقىنىڭ كۆزىگە ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئېلېكتىر لامپا چېلىقتى.

— توك توختاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى يېزا باشلىقى كۆزىنى لامپىدىن ئۈزمەي.

— نەدىكىنى، — دېدى بوۋاي ئوچاقتىكى چوغنى كۆسەي بىلەن كوچىلىغاچ، — ئۆينىڭ توك سىمىنى ئۈزگۈزۈۋەتتىم.

— نېمىشقا شۇنداق قىلىلا ئەلى ئاكا؟ — دېدى يېزا باشلىقى ئەجەبلىنىپ، — توك چىراغ دېگەن بەلەن ئەمەسمۇ؟ جىن چىراغقا قارىغاندا يورۇق ئولتۇرىلا.

— ئوغۇ شۇنداقتى، — دېدى بوۋاي ئوچاقتىكى چوغنى بىرنەچچىنى پۈۋدىۋەتكەندىن كېيىن، — ئەمما پۇلى بەك قىممەتكەن كاساپەتنىڭ. ئىككى ئاي ياقسام كەتتىنىڭ توك

باشقۇرغۇچىسى ئاتمىش كويلۇق توك كۆيەپتۇ دەيدۇ. ھەيرانلىقتا بېشىمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. يانچۇقۇمدا نەدە ئۇنچىلىك جىق پۇل باردەيلا. كاتەكتىكى كۈن ئاشۇرمايلا كاكىلاۋاتقان ئىككى مېكىيىنىمنى توك ھەققىگە ھېسابلىدىم دەپ ئېلىپ كەتتى. شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا بىرەر يىلدا ئۆي ـ ۋاقىنىمۇ توك پۇلىغا ھېسابلاپ بېرىپ تالادا قالىدىغان چېغىم بار. شۇنىڭ بىلەن توك سىمىنى ئۈزگۈزۈۋەتتىم.

يېزا باشلىقىنىڭ چىرايىغا سۇسقىنە قىزىللىق يۈگۈردى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنى قىرتاق تۇيغۇلار قاپلىدى. «ئىسىت، ئىزا تارتماي بىزنىڭ قارادۆڭ يېزا جىن چىراغتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى. ئېلېكتر لامپىسى ياقمىغان بىرمۇ ئائىلە قالمىدى، دەپ پونى دۆڭ ئېتىپ، مەيدەمنى كېرىپ يۈرۈپتىمەن تېخى. يېزىنىڭ تەرەققىياتىنى يازغىلى چىقتىم دېگەن ھېلىقى مۇخبىر ئاداشمۇ مەن نېمە دېسەم شۇنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئىككى كۈن يېزا بازىرىدا ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ، قوسۇققا چىلىنىپ يېتىپ، گېزىتكە خەۋەرنى قاتۇرۇپ يېزىپ قاراپ ئولتۇردى. ھېچ بولمىسا شۇ ۋاقىتىدا ئەھۋال شۇنداقمۇ شۇنداق ئەمەس جۇرسىلە بىر تەكشۈرۈپ باققىلى دېگەن بولسا، ئېلكتر چىراغنى تارتىپ قوياپ مۇشۇنداق جىن چىراغ يېقىپ يۈرگەنلەرنى ۋە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بۇرۇنراق بىلىۋالار ئىدىم. قايسى بىر كۈنى گېزىتتىن:

«مەكتەپ دېگەن يۇرتتا،
كويزا دەيدۇ چوكىنى.
ئىككى يېرىم كوي ساتىدۇ،
بىر كىلوۋات توكىنى.»①

---

① بۇ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ شېئىرى.

www.uyghurkitap.com

دېگەن قوشاقنى ئوقۇپ راسا كۈلۈپتىمەنۇ لېكىن بىزنىڭ قارادۆڭدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بارمۇ، يوقمۇ؟ دەپ ئويلاپ باقماقتىمەن. دېھقانلىرىنىڭ ياۋاش، نادان دەپ شۇنداقمۇ قارا باستۇرغان بارمۇ ئەمدى، خەپ قېنى . . .»

— توختاپ قاللا ھە يېزا باشلىقى؟ — دېدى بوۋاي ئوچاققا تاشلىغان بىر تۇتام كېۋەز شادىسىغا سەرەڭگە ياققاچ.

— ياق، توختىمىدىم، — دېدى يېزا باشلىقى خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ. ئۇ ئوچاقتىكى تۇتاشماي تۇتەپ تۇرغان شادىنى پۈۋلەۋاتقان بوۋايغا قاراپ چاقچاق قىلدى، — ساقاللىرى ئۆكلىنىپ كەتمىسۇن يەنە ئەلى ئاكا، ئۆيلىنىۋالسىلا دېسەم تازا كۆڭەلشمىدىلە. مانا ئەمدى سوغۇق يوتقاندا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ تازا قېنىالغانلا ھەرقاچان.

— شۇنى بىر دېمەملا يېزا باشلىقى، — دېدى بوۋاي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوتتەك چاقناپ كەتكەندى، — ئۆيلەنگۈم بار لېكىن ئېپىدە بىر لايىق يوق، بولسىغۇ ھازىرلا. .

— ھازىر پونى دۆك ئاتقانلىرى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە ھۆددىسىدىن چىقالماي يامانلىتىپ قاراپ ئولتۇرالمىكىن؟

— ئېگىكىمدىكى ساقال، يۈزۈمدىكى قورۇقىقا قالاپ ئادەمنى ئانىي تاپمىسىلا شاگجاگاي. خىلى مەن ـ مەن دېگەن ياش باللادىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق مېنىڭ. ئۇنداق خىمىيۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغداينىڭ لەگمىنىنى يەپ چوڭ بولغان ئوغال باللاغا ئوخشمايمەن جۇمۇسىلا.

بوۋاينىڭ ئاخىرقى بۇ چاقچىقىدىن يېزا باشلىقى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، — دېدى يېزا باشلىقى كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، — راستىنىلا ئۆيلىنىش نىيەتلىرى بولسا ۋاقتىدا ئۆيلىنىۋالسىلا. مانا مەن ئەلچى بولۇپ يوللىرىنى

ماڭىمەن. بۈگۈن سىلىنىڭ قاشلىرىغا كېلىشىمدىكى مەقسەت،— دېدى يېزا باشلىقى ئەسلى مەقسىتىگە كۆچۈپ،— قىشلىق قالايدىغان ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشاي دېگەنتىم.

مەندەك بىر قېرىنى ياد ئەتكەنلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت يېزا باشلىقى. خۇدا مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلسۇن ئىلاھىم،— دېدى بوۋاي هاياجانلىنىپ،— راست گەپنى قىلسام ئاق ئۆيىنىڭ ئاش - نېنىنى كۆرمىگىلى بىرەر ئايدىن ئاشتى. ئۆيدە قىشتىن چىقىشىمغا يەتكۈدەك قوناق ئۇنۇم بار. قاپاقتا بىرەر جىڭدەك يېغىمۇ بار. ئاق ئۇندا تاماق ئەتمىگەندىكىن ياغمۇ لازىم بولمايدىكەن. ئەمما، زە قالىغۇلۇقتىن خىجالىتىم بار. كېۋەزنىڭ شادىسىنى تېجەپ قالىسام بىرەر ئاي يېتەر دەيمەن. يېزا باشلىقى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى.

— قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىچۇ؟

— قىشلىق كىيىمدىن غېمىم يوق يېزا باشلىقى. تەلپىكىممۇ خېلى يېڭى تۇرىدۇ. جۇۋام بىلەن ئۆتۈكۈمنى خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسە يەنە بەش يىل كىيگۈچىلىكى بار.

— ئۇنداق بولسا قالىغۇلۇق بىلەن ئاش - ئوزۇقتىن خاتىرجەم بولسىلا، بۇ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە يېزىلىق هۆكۈمەتتىن هەل قىلىپ بېرىمىز.

رەھمەت يېزا باشلىقى، ۋۇي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋاللىغۇ، جىندەك ئولتۇرۇپ بەرسىلە ئوچاقنىڭ ئوتىمۇ تۇتاشتى ئەينا. بىر چۆگۈن چاي قاينىتاي،— دېدى بوۋاي يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— رەھمەت، چاينى سىلىنى ئۆيلەپ قويغاندىن كېيىن قوشناچىمنىڭ قولىدىن ئىچەرمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە بولغان چاغ. سىرتتا قار لەيلىدەپ چۈشۈۋاتاتتى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىكى مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيىۋاتاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىپ كەتكەنىدى. يېزا باشلىقى كادىرلارنىڭ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرقايسى كەنتلەردىن ئېنىقلاپ كەلگەن ئەھۋاللاردىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى.

«پوتكول يېزا تەۋەسىدە ئوتتۇز - كۆمۈر قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بىر يۈز يىگىرمە ئالتە، ئوزۇق - تۈلۈك قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بىر يۈز قىرىق سەككىز، خەتەرلىك ئۆيدە قىشلايدىغان ئائىلە ئون ئۈچ، قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى غەملىيەلمەيدىغانلار سەككىز يۈز ئون يەتتە نەپەر. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېزا مالىيىسىگە تايىنىپ ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىچە بىر ئامال تاپقىلى بولماسمۇ؟ قاراپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. مەسىلىنى ئېنىقلىغانكەن تېزدىن ھەل قىلىش چارىسى تېپىش كېرەك. . .»

يېزا باشلىقى تاماكا چېكىش ئۈچۈن قولىنى تاماكا قېپىغا ئۇزاتتى، قاپ قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ تاماكا ئىزدىدى، شۇ ھامان كۆزى تارتمىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر باغلام پۇلغا چۈشتى. قولىنى پۇلغا چاققانلىق بىلەن ئۇزاتتىيۇ لېكىن پۇلنى دەماللىققا تارتمىدىن چىقىرالماي ئويلىنىپ قالدى. بۇ ئون مىڭ يۈەن پۇل تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال ناھىيىدە ئېچىلغان يىللىق خىزمەت خۇلاسە يىغىنىدا، قارادۆڭ يېزىسى پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار

بولغانلىقى ئۈچۈن يېزا باشلىقىغا بېرىلگەن مۇكاپات پۇلى ئىدى. بۇ پۇلنى يېزا باشلىقى ئۆزى خەجلىسىمۇ بولىۋېرەتتى. باشقا يېزىلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ مۇكاپات پۇلىنى ئۆزى خەجلەيتتى. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ئىدى. بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئەمما، يېزا باشلىقى يىغىندىن قايتىپ چىقىپ، بۇ مۇكاپات پۇلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. چۈنكى، يېزىنىڭ بىر يىللىق پاختىچىلىق خىزمىتىدە يېزىدىكى باشقا رەھبىرى كادىرلارنىڭمۇ تۆھپىسى بار ئىدى. بۇ كۆز يۇمۇۋالغىلى بولمايدىغان پاكىت ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆزىلا ئىگىلىۋېلىشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى چىدىمىدى. يېزىدىكى باشقا رەھبىرى كادىرلارغىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بولسا، خۇددى ئالدىدىكى تەييار ئاشنى خەقكە بېرىپ قويغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قورسىقى ئاغرىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل توختىتالماي تارتىمىسىغا سېلىپ قۇلۇپلىۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بۇ پۇل يەنە ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قىلىۋېدى، كالللىسى يەنە زىددىيەتلەر قايىنىمىدا قوچۇلدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ ئۇنچە ئۇزاق باش قاتۇرۇپ كەتمىدى. بۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىشتا ئانچە قىينىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئاخىر ۋۇجۇدىدىكى نەپسى شەيتانىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى.

«. . . شۇنداق قىلىش كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — بۇ پۇل ئاشۇ دېھقانلارغا مەنسۇپ. ئۇلار ئالتە ئاي ياز ئېتىز - قىر بويلىرىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئىشلىدى. بىز نېمىنى بۇيرۇساق شۇنى قىلدى. يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى بەردى. ھەتتا تىل دەشنام

www.uyghurkitap.com

ئىشتتى، جەرىمانە تۆلىدى. ئاشۇ تۆلەنگەن بەدەللەر ھېسابىغا مەن شەرەپ سەھنىسىگە چىقتىم. بۇ شان ـ شەرەپنى ئاشۇ دېھقانلار قولۇمغا تۇتقۇزدى. شۇڭلاشقا، بۇ مۇكاپات پۇلىنى ئاشۇ مېھنەتكەش دېھقانلار ئىلىشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ ئىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقى نېسۋىسى...»

يېزا باشلىقىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. تارتمىدىكى بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە قويۇن يانچۇقىدىكى ھەممە پۇلنى ئېلىپ ساناپ چىقتى. بۇ پۇللار ئىككى يۈز تۆت يۈەن ئاتمىش يۇڭ چىقتى. ئۇ ئەمدى ئىشخانىدىكى كادىرلارغا دادىل قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— يولداشلار، يېزىمىز تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات دېھقانلارنى قىشتىن بىخەتەر، خاتىرجەم چىقىرىش ئۈچۈن بىز رەھبىرى كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى باشلامچىلىق بىلەن كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئون مىڭ كوي پۇلنى ئىككى كۈن ئاۋۋال ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئۆتكەن بىر يىللىق پاختىچىلىق خىزمىتىدە ئىلغار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ماڭا مۇكاپات قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىككى يۈز تۆت كوي ئاتمىش يۇڭ بولسا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي پۇلۇم. مەن بۇ پۇللارنى يېزىمىزدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىئانە قىلىمەن. باشقا يولداشلارنىڭمۇ بۇ ئىشنى ئاكتىپ قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«ئۇلگىنىڭ كۈچى چەكسىز» دېگەن بۇ سۆزنى جۇڭگودىكى قايسى بىر ئەرباب ياكى قايسى بىر دانىشمەننىڭ ئېيتقانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، شۇ دەقىقىدە بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ھەقىقەتنى ئىسپاتلانماقتا ئىدى.

— مېنىڭ يانچۇقۇمدا ئىككى يۈز كوي باركەن.

— مەندە بىر يۈز يەتمىش كوي باركەن.

— مېنى يۈز كوي دەپ خەتلەپ قويسىلا. ئۆيگە بېرىپلا ئەكەپ بېرىمەن.

— مەن يۈز كوي . . .

— مەن سەكسەن كوي . . .

— مەن ئون كوي . . .

— . . . . . .

يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى مالىيە كاسسىرىنىڭ ئالدىغا يۈز يۈەنلىك، ئەللىك يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك پۇللار خۇددى قاردەك يېغىۋاتاتتى. سىرتتا بولسا قار چۈشۈۋاتاتتى. ھەئە، سىرتتا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

1998 ـ يىل، يانۋار، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈكۈل ئادرېسى

# تەمەگەرلىك كومېدىيىسى

— نېمە، نېمە؟ ئىئانە دەمسىزا؟ ۋاي ـ ۋوي نېمانچە تولا ئىئانە بۇ، مائارىپقا ئىئانە دەۋاتقان، ھېلى ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلارغا ئىئانە دەۋاتقان، ھېلى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ياردەم دەۋاتقان. ھازىر بىر ئايلىق مائاشىم ئائىلەمنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىگە يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. رەنجىمەڭ، مەن بىر تىيىنمۇ ئىئانە قىلالمايمەن.

ئۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن بۇنىڭدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى مۇشۇ شەھەردە ئۆمۈر سۈرگەن ئاخىرقى ياشاپ مول مەنىۋى مىراس قالدۇرغان ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئىئانە توپلىغىلى كەلگەن قىزنىڭ گېپىنىڭ شىخىغا قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ بىر پاتمان دادلىدى. قىز ئۇنىڭ مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك سۆزلىرىگە زورىغا كۆلۈمسىرىدى ـ دە، يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بۇ قېتىمقى ئىئانە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ مىللىتىمىزنىڭ ...

— بولدى قىزچاق، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، مىللەت ئۈچۈن دېمەكچىغۇ سىز؟ ھازىر تىلەمچىلەرمۇ مىللىتىنى، قان قېرىنداش ئىكەنلىكىنى شىپى كەلتۈرۈشۈپ تىلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ئەپچىل چارىنى تىلەمچىلەر سىلەردىن ئۆگەندىمۇ ياكى سىلەر تىلەمچىلەردىن ئۆگەندىڭلارمۇ؟

— نېمانچە سېسىق سۆزلەيلا! — قىز پەش قېقىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

* * *

— شۇنداق ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كېتىدىغان مەبلەغنى كۆپرەك توپلاش ئۈچۈن شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن كېلىشتۇق. ئون سومدىن ئەللىك سومغىچە ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسمىلىكى تېلۋىزوردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەللىك سومدىن يۈز سومغىچە ئىئانە قىلغانلارنى سۈرىتى بىلەن تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرىمىز.

ئۇ ھېلىقى قىز كىرىپ كەتكەن ئۇدۇلدىكى ئىشخانىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قالدى. «پاھ، ئىسمىمنىڭ تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنىشى، سۈرىتى تېلېۋىزور ئېكرانىدا يەنە كېلىپ پۈتكۈل شەھەردىكى نەچچە ئون مىڭ دانە تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈشى، تېخى دىكتور قىزچاقنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرگە تونۇشتۇرۇشى نېمە دېگەن ئالىي شەرەپ ـ ھە!»

ئۇ بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى شەھەر بويىچە چاقىرىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ، سۈرىتى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇشۇ يىغىن ئەھۋالىنى خەۋەر قىلغان ۋاقىتىدا غىل ـ پاللا كۆرۈنگەن ۋە ئۈچ ـ تۆت كۈن قانغۇچە ھۇزۇرلانغانىدى. بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى ئەلۋەتتە. ئۇ قېتىمدا سۈرىتى تېلېۋىزور ئېكرانىدا لىپلا قىلىپ كۆرۈنگەن بولسا، مانا ئەمدى يىگىرمە ـ ئوتتۇز سېكۇنت ھەتتا بىر ـ ئىككى مىنۇت كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئېكراندا كۆرۈرمەنلەرگە كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ. دىكتور ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئاتاقلىق ئالىمنىڭ مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا يۈز سوم ئىئانە قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئاھ! بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈش ـ ھە!

ئۇ ئەنە شۇلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، يانچۇقىدىن

ئوغلىغا ۋىلىسىپىت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئۈچ يۈز سوم پۇلدىن يۈز سومنى مەردلىك بىلەن ئايرىدى.

* * *

ئۇ، ئىدارە بويىچە پەقەت بىر ئۆزىنىڭلا يۈز سوم پۇل ئىئانە قىلغانلىقىدىن ماختاندى. خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىيۇ كىردى. ھەرقانداق پاراڭنى ئاتاقلىق ئالىمنىڭ مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ يۈز سوم ئىئانە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتەتتى. ئىشقا ماڭغاندا، ئىشتىن چۈشكەندە شەھەر كوچىسىدىكى كىشىلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن قارايتتى، كۈلۈمسىرەيتتى. «بىلىپ قالىسىلەر، ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە تېلېۋىزوردا كۆرۈنسەم، ھازىرقىدەك پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتمەي، ئېگىلىپ سالام قىلىدىغان، يىراقتىن ھۆرمەت بىلەن كۈلۈمسىرەيدىغان بولىسىلەر...» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر «ئەتە - ئۆگۈن» دىن بىر نەچچىسى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلغىلى، سۈرەتكە ئالغىلى پەقەتلا كەلمىدى. ئەمما، ئۇ ئاشۇنداق بىر كۈنىنىڭ ھامان كېلىشىنى كۈتۈپ، شېرىن ئارمانلار قوينىدا ئۆزىنى بەزلەيتتى.

* * *

بۈگۈن ئۇ تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىشقا يولۇقتى. ھەممە كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئۆزى تەمە قىلغان تېلېۋىزور ئېكرانىدىن تېپىۋالدى. چۈنكى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا تاماشابىنلارغا ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرماستىن، ھېلىقى ئىئانە توپلاشقا كەلگەن قىز



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. دىكتور تاماشابىنلارغا ئۇنى تونۇشتۇرماستىن، ھېلىقى قىزنى مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ ئىئانە توپلىغان دەپ تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.

— ھۇ ئالدامچى جومباق! تېخى ھىجىيىپ كېتىشلىرىنى مانا ساڭا!

ئۇ غەزەپتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى. شۇڭلاشقا، ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتى ئېكرانغا تولۇپ چىقىشى ھامان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قولىدىكى چاي ئىچىۋاتقان ئىستاكاننى تېلېۋىزور ئېكرانىغا قارىتىپ زەربە بىلەن ئاتتى.

1991 ـ يىل، 12 ـ ئىيۇل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خىيال ۋە چۈش

. . . خالىدەمنىڭ پەلتوسىدىن رەيھان پاناقمۇ سېتىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ كىيگەن پەلتوسى ياراشقان بولسا قانچىلىك غادىيىپ ماڭاتتىكى سەت دوڭغاق سۆگەت. مارجان پاپا بىلەن باھار كاۋىنىڭ پوچتىدىن كەلگەن پۇل چېكىنى ئېلىپلا سىنىپتىن غايىب بولغىنىغا قارىغاندا، ئۇ ئىككىسىمۇ چوقۇم ھېلىقى پەلتودىن ئالغىلى كېتىشتى. ۋاي قوۋۇرغامەي، قانچىلىك قاملاشقان چىراي ۋە پىگورىغا كىيىم تاللاپ يۈرۈيدىغاندۇ ئۇ ئىسكەتلىكى يوق نامرات چىرايلار. . . «ھۆسنارىخاننىڭ توققۇز كۆڭلىكى بار، بىر كۆڭلەكچىلىك ھۆسنى يوق» دېگەن ماقال ئەجەب راستىكىنا. كىيىم - كېچەكنىڭ ئىسىلىنى سېتىۋالغان ھېساب ئەمەس، جايلاپ - ياراشتۇرۇپ كىيەلىسە ھېساب. كىيىم - كېچەكمۇ چىراي، ئۇستىخانغا بېقىپ يارىشىدىغان نەرسە. . . دەرھال ئۆيگە خەت يازاي. تېزدىن ئىككى يۈز سوم. . . ياق - ياق، ئۇ بەك ئاز بولۇپ قالغۇدەك ئۈچ يۈز سوم ئەۋەتىپ بېرىڭلار، جىددىي لازىم بولۇپ قالدى دەي، خەپ ئاشۇ دامكەشلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام. . .

— گۈزەل! ھاي گۈزەل!

گۈزەل خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ساۋاقدىشى نۇرمەمەتنى كۆردى - دە، ۋۇجۇدىغا بىر خىل تاتلىق سېزىم تارالدى. غەمكىن چىرايىدىن يۇمشاققىنا كۈلكە بالقىدى. دەردلىك يۈرىكى ھاياجانلىق دۈكۈرلىدى.

— مەڭ، سىزنىڭ خېتىڭىز كەن.

— رەھمەت، ئاۋارە . . .

گۈزەلنىڭ «رەھمەتــــــى» تۈگەپ بولغۇچە، نۇرمەمەت كەينىگە بۇرۇلۇپ بولغانىدى. ئۇ گېپىنىــــڭ داۋامىـــــنى قىينىلىپقىنا غورىتىدە يۇتۇۋەتتى ـ دە، يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن قاراپ قالدى. خەت ئۇنىڭغا ئۆيدىن كەلگەنىدى. ئۇ كونۋېرتنى ئېچىپ خەتكە كۆز يۈگۈرۈتتى.

«قەدىرلىك قىزىم، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن. ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟

. . . قىزىم، ئاز بولسىمۇ پوچتىدىن ئەللىـــك كوي ئەۋەتتىم، تېجەپ خىراجەت قىلغاچ تۇرغىن. داداڭنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ قېلىپ . . .»

گۈزەل خەتنىڭ ئايىغىنى ئوقۇمايلا، نازۇك بارماقلىرى بىلەن مىجىپ پۇرلىدى ـ دە، تىرناقتەك ـ تىرناقتەك قىلىپ تىتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىــقىقىـــدە ياشقا تولغانىدى.

* * *

چوڭ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسى. قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاپئاق بوينىغا تىزىق ـ تىزىق مەرۋايىـــتلارنـــى ئاسقان، چۆچۈرىدەك قۇلىقىغا ئالتۇن ھالقا سالغان، ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق ئەڭ مودا كۆڭلەك كىيگەن گۈزەل ئىمپورت قىلىنغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرىدۇ. قېشىـــدا ساۋاقدىشى نۇرمەمەت، ئۇنىڭ قولى رولدا بولغىنى بىلەن كۆزى گۈزەلگە ئاشىقانە تىكىلگەن. گۈزەلنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن خۇشاماتكويلۇق بىلەن ھىجايماقتا. گۈزەل بۇلارغا پەرۋاسىـز ھالدا مەغرۇرانە ئولتۇرىدۇ. ئەنە كوچىدا پىيادە كېتىپ بارغان

www.uyghurkitap.com

رەيھان پاناق ئۇلارنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. پىكاپ كاتتا سودا سارايىنىڭ ئالدىدا توختىدى. گۈزەل سودا سۇئايىن كۆڭلى تارتقانلىكى، كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكى قىممەت باھالىق، ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ـ كىچەك، زىبۇزىننەتلەرنى سېتىۋالماقتا. پۇلنى غازاڭدەك سورۇپ خەجلىمەكتە. ئەنە مارجان پاپا بىلەن باھار كاۋا ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرىشىدۇ. . نۇرغۇنلىغان قىز ـ يىگىتلەرگە تولغان ھەشەمەتلىك تانسا زالى. پەرىزاتلاردەك ياسانغان گۈزەل زالغا كىرىش بىلەن ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ قىلىشتى، ئەنە قىزلارنىڭ كۆزلىرىدە ھەسەت ئۇچقۇنلىرى، يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلمەكتە. زال ئىچىدە شوخ، جۇشقۇن دىسكو مۇزىكىسى ياڭرىماقتا. ئەنە گۈزەلنى ساۋاقدىشى نۇرمەمەت تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ پىرقىرىماقتا. ھەممىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن تىكىلگەن. ئۇ بەخت، خۇشاللىق ئىلكىدە قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىدىن پۈتكۈل تانسا زالى جاراڭلاپ كەتتى.

— گۈزەل، گۈزەل كۆزىڭىزنى ئېچىڭ — كىمنىڭدۇر تۇرتۇپ ئويغىتىشى بىلەن گۈزەل چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، ئەتراپىغا ئۇندەرەپ نەزەر تاشلىدى. ئۆزىنى ھېلىقى ھەشەمەتلىك تانسا زالىدا ئەمەس، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى چېتىپ قۇراشتۇرغان ئالتە كىشىلىك كارۋات قويۇلغان، توخۇ كاتىكىدەك تارغىنە مەكتەپ ياتىقىدا كۆرۈپ، يۈرىكى ھەرە چاقىقاندەك پىژژىدە ئېچىشتى. ئۇنىڭغا رەيھان پاناق گۇمانسىراپ قاراپ تۇراتتى:

— چۈش كۆرگەن ئوخشىمامسىز؟

رەيھاننىڭ سورىغان بۇ سوئالىغا ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بايام كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئەمەس رېئاللىق بولۇشىنى نەقەدەر

ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! بىراق رېئاللىق ئۇنىڭ شېرىن خىيالىغا مەسخىرە ئارقىلىق جاۋاب بەردى. گۈزەل بىر ئاز ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن مەيدىسىگە چىڭ تېڭىۋالغان دەپتەرگە ھەيران بولۇپ قارىدى. توۋا، دەپتەرنىڭ ۋارىقى «پۇل، پۇل» دېگەن خەت بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كىم يازدىكىنە؟ ئاخشام ئۇ كارۋاتقا چىقىپلا، ئۆيىگە ئۈچ يۈز سوم پۇل ئەۋەتىڭلار دەپ خەت يازماقچى بولغانلىقىنى غىل ـ پال ئېسىگە ئالدى ـ دە، يۈرىكى پىچاقتا كەسكەندەك ئېچىشتى. گۈزەل يوتقىنىغا بېشىنى چۈمكىدى ـ دە، ئاۋۋال ئۆكسۈپ، ئاندىن ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يوتقىنىنىڭ بىر قول پاتقۇدەك يىرتىقى خۇددى ئىگىسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھىجىيىپ تۇراتتى.

1990 ـ يىل، 18 ـ يانۋار، يەكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ۋەسىيەت

— خۇداغا شۈكرى، ھەممىسى بولسا ئۆيدىكەنسىلە، ئولتۇرىۋەرمەي چاققان ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، تەييارلىق قىلايلى.

— ھوي، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمانچە ئىت قوغلىغان گاچىدەك پالاقلاپ كەتتىڭ ياكى بىرەرى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپتىمۇ يا؟

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانلا، مېھماندارچىلىققا تەييارلانمايمىز، دوختۇرخانىغا تەييارلىنىمىز.

— دوختۇرخانىغا نېمىشقا بارىمىز؟

— يائاللا، سىلىنىڭ مۇشۇ ئەزمىلىكلىرىدىن جاق تويدۇم. دوختۇرخانىغا سىلىنىڭ ئانىلىرىنى يوقلىغىلى بارىمىز.

— نى . . . نېمە. . . دېدىڭ؟ مېنىڭ . . . ئا. . . نامنى؟ بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى جەمىلە. سەن ئەزەلدىن ئانامنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كېلىشنى خالىمايتتىڭغۇ؟ چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. راست گەپ قىلىۋاتىمەن. چاققاق بولسىلا، بولمىسىلا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز.

— نېمە دېدىڭ؟ ئانامنىڭ كېسىلى. . .

— شۇنداق، شۇنداق، ئانىلىرىنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ماڭا دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستۇم يەتكۈزدى. قېنى، تېزرەك ماڭايلى.

— ياق، توختا جەمىلە، بىز ئانامنى ئىككى ئاينىڭ ياقى

بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ بارماي، مۇشۇنداق ۋاقىتتا يوقلاپ بارساق قانداق بولىدۇ.

— تازا جايىدا بولىدۇ. ياﺋاللا، سىلىنىڭ بۇ ئەقىللىرىنى هازىر تېزرەك بېرىپ ئانىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىسىلە، ئۇ چاغدا چوڭ ئۆي ۋە ئۇنىڭ ۋەجى ئىنىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟ شۇڭا دەرھال بېرىپ ئانىلىرى قالدۇرغان ۋەسىيەتنى قوللىرىغا ئېلىۋېلىشلىرى كېرەك. ماڭا قارىسىلا، كېسەلخانىغا كىرگەندە، ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ راسا يىغلىسىلا، ماقۇلما؟!...

* * *

— ئاھ ئانا... ھە... ھە... مەندەك بىچارە ئوغلۇڭنى يالغۇز تاشلاپ كەتتىڭغۇ... ھۇ... ھۇ... مېنى غېرىب قالدۇرۇپ... ھۇ... ھۇ...

— بۇ ئادەم ئەجەب يىغلاپ كەتتىغۇ رەھمەتلىك موماينىڭ نېمىسى بولغىيتتى؟

— ئوغلىمىش، چوڭ ئوغلىكەن.

— نەدىكى چوڭ ئوغلى بولسۇن. موماينى ئىككى ئايدىن بېرى ھېلىقى يىگىت يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىدىمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ئەمما مەن موماينىڭ ئۆز ئاغزىدىن چوڭ ئوغلىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئاڭلىغان، نېمىشقىدۇر بۇ ئادەم رەھمەتلىك موماينى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىغانىدى.

— ئەمىسە ھازىر نېمىگە كەپتۇ؟

— ھە. . ي سىڭلىم، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. بەلكىم . . .

— ئاكا، جېنىم ئاكا، سەنمۇ كېلىدىكەنسەن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئانام گېپېڭنى تولا قىلىپ، مانا ئاخىر كېتىپ قالدى. سەن . . .

— ئانامنىڭ مېيتى نەدە؟ مەن بىر. . .

— هوي ئادەم. مەيەرگىرەك كەلسىلە، قولاقلىرىغا ئىككى ئېغىز گېپىم بار.

— ھە، نېمە دەيسەن؟

ياﺋاللا، سىلىنىڭ مۇشۇ ئەقىللىرىنى . . . بولسىلا. ئىنىلىرىدىن ئانىلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى سورىماي، ئۆي - جاي، مۈلۈك ھەققىدە قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى سورىسىلا. كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمايلى يەنە.

— ھە راست، بۇ گېپىڭمۇ توغرا، شۇنداق قىلاي. . . ئۇكام مەيەرگە كېلە، ساڭا دەيدىغان كىچىككىنە گەپ چىقىپ قالدى.

— نېمە دەيسەن ئاكا؟

— ھە. . . ھە. . . ئانام بىرەر ۋەسىيەتمۇ قالدۇردىمۇ؟

— قالدۇردى.

— ئاله، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

— ئاكا، ئاۋۋال ئانامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى، ئاندىن كېيىن . . .

— قېيىنىنىم، ئاۋۋال ۋەسىيەتنى چىقارسىلا، ئاكىلىرى بىر كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن ئاخىرەتلىكنىڭ تەييارلىقىنى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھە. . . چىقارسىلا.

— قانداق سىڭلىم، ئۇلارنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى ئەمدى بىلگەنسىز.

*    *    *

— ئوھ. . . تاس قالدۇق - دە، ئۇتتۇرۇۋەتكىلى.

شۇنى دېمەمسەن ئوبدان خوتۇن، سەن راستىنلا ئەقىللىق جۇمۇ!

— قاپىقىمنى ھۆرپەيتىپ جىم تۇرمىغان بولسام، تاس قالتى ئىنىلىرى دېگەن تۆمۈر تىرناق ۋەسىيەتنامىنى بەرمەي قويغىلى. سىلىنىڭزە مۇشۇ بوشاڭلىقلىرى قاچان تۈگە، ھە، قېنى ۋەسىيەتنامىنى ئاچسىلا، كۆرۈپ باقايلى، نېمە دەپ يېزىلىپتىكىن؟

— ھە، مانا. ئاۋۋال ئۆزۈڭ كۆرۈۋال.

— ئەلۋەتتە ئاۋۋال ئۆزۈم كۆرىمەن ـ دە، ۋەسىيەتنامىنى قولىمىزغا چۈشۈرۈۋالغاندىكىن، قانداق قىلىمىز دېسەك شۇنداق قىلالايمىز. ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ زېمىنىنىڭ ئۆزىنى ساتساقمۇ يىگىرمە مىڭ كويغا يارايدۇ دېگەن گەپ. قانداق ھا... ھا... ۋايجان! ۋاي خۇدايىم، ئىسست ـ ئىسست ... بۇ ... بۇ ...

— ھوي جەمىلە ساڭا نېمە بولدى؟ كۆزۈڭنى ئاچە... ۋەسىيەتنامىنى بىر كۆرۈپلا ھوشۇڭدىن كەتتىڭغۇ؟

— چا... تا... ق... بول... دى... ئا... ئىنىلىرى دېگەن خوتۇن زېمىننى سېتىپ پۇلىغا داۋالىنىپتۇ. بۇ ۋەسىيەتتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئېشىپ قالغان قەرزلىرىنى سىلىنىڭ تۆلەشلىرىنى بۇيرۇپ يازغان ھۆكۈمى بار ئىكەن.

— ھە... نېمە دېدىڭ؟!...

19991 ـ يىل، ماي، يەكەن.

* * *

# پۇل

جاھاندارچىلىق دېگەن پۇل بىلەنلا ئوخشايدىغان نەرسىمىكىن ياكى بۇ جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پۇل ئۈچۈنلا تۇغۇلغانمىكىنتاڭ ھېچ بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ مەن ئۇچراتقانلىقى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رادارىدەك ئۆتكۈر سېزىمچانلىقىقا ئىگە كۆزلىرىنىڭ پۇلنى كۆرگەندە ئاچ كۆزلۈك بىلەن چەكچىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

شۇڭلاشقىمىكىن، كاللامغا ئۇزاقتىن بېرى شۇ پۇل توغرىسىدا ئاجايىپ بىر ئەسەر يېزىش خىيالى كېلىۋالدى. «پۇل — ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكۈزگۈچى قۇدرەتلىك ئىلاھ! دەپ يازىمەن، — پۇل ئۈچۈن ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكىدۇ. قېرىنداشلىقتىن كېچىدۇ. ئار - نومۇس، ئەدەپ، ئەخلاقنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىدۇ؛ مەيلى ئەمەلدار، مەيلى سودىگەر، مەيلى مەدىكار، مەيلى قاسساپ، مەيلى ناۋاي... مەيلى كىم بولسۇن، پۇلنى كۆرگەندە ۋىجدان لۇغىتىدىن ‹ئىنساپ›، دەيدىغان سۆزنى چىقىرىۋېتىدۇ. مەسىلەن، سىز گەزمال سانقۇچى خېنىمغا سەپسېلىڭ. كۆزىڭىزگە ‹مۇلايىم› كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ كەتكەن قوللىرىنىڭ ئەپچىللىكىنى ئىشقا سېلىپ، تۈيدۈرمايلا ھەر مېتىردىن تۆت - بەش سانتىمېتىر رەختنى ئوغرىلاپ قالىدۇ. قاسساپ ئاغىنە تارازىدا كەم بەرگەننى ئاز دەپ ‹ئەركەك قوينىڭ گۆشى!›، دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، سىزگە ئۆچكە گۆشىنى جىڭلاپ بېرىدۇ. ئەمەلدارنىڭ قېشىغا

سوۋغا ـ سالامسىز داد ئېيتىپ بېرىپ بېقىڭچۇ. قۇرۇق گەپنى ئاڭلىسا ئۇلارنىڭمۇ چىرايى پۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ھەي پۇل، ھەي پۇل! . . . »

بىر ھەپتە ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ، پۇل توغرىسىدىكى ئەسىرىمنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم. تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆز قولۇم بىلەن ئاپىرىپ تاپشۇرماقچى بولۇپ، ئەتىسى ئورنۇمدىن سەھەر تۇردۇم ـ دە، ساقال ـ بۇرۇتۇمنى كۆڭۈل قويۇپ قىرىپ، بىر كۈن ئاۋۋال دەزماللاپ قاتۇرۇپ قويغان كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئانام ئۆيدە بىر چىمدىممۇ ئۇن قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ قالدى.

«ئاپلا، تازا قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ئىش بولدى ـ دە» دەپ ئويلىدىم. ئانامنىڭ گېپىنى يىرگىنىم كەلمىدى. قېرىشقاندەك ۋېلىسىپىتىمنىڭمۇ يېلى قاچقانىكەن. ئۇن خالتىسىنى ئۆزۈمدىن يېرىم مېتىر نېرى قىلىپ، چىمدىپ تۇتۇپ ئۇن ماگىزىنىغا قاراپ ماڭدىم.

ماگىزىندىن قىرىق كىلوگىرام ئۇننى ئېلىپ، ئەمدىلا خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغاي دەپ تۇراتتىم. «ئۇكام، ئۇنىڭىزنى مەن ئاپىرىپ بېرەيمۇ؟» دېگەن غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە خىرقىرىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز ئىگىسىگە نەزەر سالدىم. ئالدىمدا ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان، چىرايى شاپتۇل قېقىدەك قورۇلغان بىر ئادەم ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ كەلگۈدەك قىل ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ سۆلتىمنى كۆرۈپ ئۇننى ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ماڭمايدىغانلىقىمنى پەملىدىمۇ، جاۋابىمنى كۈتمەستىن، قولىدىكى ئارغامچىنى يەرگە ئىككى قات قىلىپ سېلىپ، ئۇننى ئۈستىگە ياتقۇزۇپ تېڭىشقا باشلىدى.

چاقىرتقۇزماي ئۆزى كەلگەن بۇ ھامالغا خالتىنى نېرىدىن تۇتۇپ پۈتكۈزۈپ قويۇپ، تۇرۇشلۇق كوچىمىزنىڭ ئىسمىنى

ئېيتىپ بەردىم. نەزىرىمدە بۇ ئادەممۇ ئوخشاشلا پۇلنىڭ قۇلى ئىدى. دوقمۇشتىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، نېمىشقىدۇر بىر نەرسىنىڭ باھاسىنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە شاللىرىنى چاچرىتىپ، ھېلىلا سوقۇشۇپ قالىدىغان خورازلاردەك بازغىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىگە كۆزۈم چۈشتى - دە، ئالدىمدا ئۇننى يۈدۈپ كېتىۋاتقان مۇنۇ ئادەم بىلەن ئىش ھەققىنى كېلىشىۋالمىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم. بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولدى. ئۇننى ئۆيگە يەتكۈزۈۋېتىپلا «پالانى كوي بېرىسەن» دەپ گۆشۈيۈپ تۇرۇۋالسا نېمە دېگىلى بولىدۇ.

— ئۇننى ئاپىرىپ بەرگەنگە قانچە پۇل ئالىلا؟ — دېدىم، ئالدىراپ ئۇنىڭغا يېتىشىپ بېرىپ.

— بەش - ئالتە موچەن بەرسىلە بولا، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.

«ھەر ھالدا ئىنساپ بىلەن گەپ قىلدى» دەپ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى. شۇنداق بولسىمۇ!

— بەش - ئالتە موچەن دېگەن مۇجمەل گەپنى قويسىلا، بەش موچەن بېرىمەن دەپ تالىشىپ قويدۇم.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ.

ئۆيگە ھېچ يېرىمنى ئۇن قىلماي، دېگەن ۋاقتىمدىن خېلىلا بۇرۇن كېلىۋالدىم. خۇشاللىقىمدىن ھامالغا بىر كوي بېرىۋەتمەكچى بولدۇم. پۇلنى ساناۋاتقىنىمدا كاللامدىن «كىم بىلىدۇ، بۇمۇ بىر شۇنداق بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالغان كاززاپمۇ تېخى.» دېگەن خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى - دە، قولۇمغا ئېلىپ بولغان بىر كوي پۇلدىن ئۈچ موچەننى ئايرىپ قېلىپ، «بوپتۇلا نامەردلىك قىلماي، يەتتەموچەن بېرەي، شۇنىڭدىمۇ ئىككى موچەن ئوشۇق بەرگەن بولىمەن» دەپ يەتتە موچەن پۇلنى ھامالغا سۇندۇم. نېمىشقىدۇر، پۇل تۇتقان قولۇم بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

— خاپا بولماي. مۇشۇ ئۇننى تايىنلىق كۆتۈرۈپ ئاشخانىغىلا جايلاشتۇرۇۋەتسىلە، دېدىم.

هامىمال كەتتى. ئەسىرىمنى ئېلىپ مەنمۇ يولۇمغا ماڭماقچى بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ تۇرۇپلا قالدىم. قارىسام، هامىمال مەن ئارتۇق بەرگەن ئىككى موچەن پۇلنى ئۇن خالتىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپتۇ. . . ئاشۇ پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى موچەن پۇلغا قاراپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا پاتتىم - دە، پۇل توغرىسىدىكى ھېلىقى ئەسىرىمنى تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپىرىشتىن يالتايدىم.

1989 - يىل، ئاۋغۇست، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# ئۆچۈر تېلېۋىزورنى

كۆڭۈل ئىزدەش ئادەمگەرچىلىك جۈملىسىدىن دەمسىزا؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. كۆڭۈلچەكلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ئىنسان پەزىلىتىنىڭ تىپىك ناماياندىسى. سۇلتانوف ئەنە ئاشۇنداق تولىمۇ «كۆڭۈلچەك» ئادەم.

قاراڭ، بۈگۈنكى بۇ چوڭ يىغىندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىدى. ئەنە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى تېلېكامېرانى ئۆشنىسىگە ئېلىپ، يىغىن زالىغا كىرىش بىلەنلا ئۇ باشقىدىن روھلاندى. بېشىدىن بادام دوپپىسىنى ئېلىپ پاك - پاكىز تۇرسىمۇ قايتىدىن توپىسىنى قېقىپ، بېشىغا چىرايلىق قوندۇردى. گالستۇكىنى تۈزەشتۈردى. كاستۇمىنىڭ ياقىسىنى ئوڭشىدى. پاكىز قىرىلغان ئېڭىكىنى ئاستا سىلاپ باقتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئىخلاس بىلەن قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن رەئىس سەھنىسىدىن ئاستا چۈشۈپ، زالنىڭ كۈتكۈچىلىرىنىمۇ بىرياقىقا قايرىپ قويۇپ، بىر ئىستاكان چاينى، مۇخبىرغا ھۆرمەت بىلەن تۇتتى. مۇخبىر چاينى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدىيۇ، ئەپسىزلىك ھېس قىلغان بولسا كېرەك، قېشىدىكى يىغىن ئاڭلىغۇچىغا «ئىلتىپات» قىلىۋەتتى. سۇلتانوف بولسا پەرۋاسىزلىق بىلەن تولىمۇ روھلۇق ھالدا تېلېكامېرانىڭ كۆزى توغرىلانغان تەرەپكە — يولىيورۇق بېرىۋاتقان رەھبەرنىڭ قېشىغا چاققانلىق بىلەن كېلىپ، قولىدىكى بىر ئىستاكان چاينى باشلىقنىڭ ئالدىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر ئىستاكان چاينىڭ قېشىغا قويدى. كامېرانىڭ كۆزى يىغىن ئاڭلىغۇچىلار تەرەپكە يۆتكەلدى.

سۇلتانوۋ يەنە بىر ئىستاكان چاينى ئاپىرىپ مۇخبىرغا تۇتتى. مۇخبىر بىزارلىق بىلەن ئىستاكاننى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر يۇتۇم ئوتلاپمۇ قويماستىن يەنە بىرەيلەنگە «ئىلتىپات» قىلىۋەتتى. كامېرانىڭ كۆزى ئايلىنىپ كېلىپ سۆزلەۋاتقان رەھبەرگە يەنە توغرىلاندى. سۇلتانوف يەنە بىر ئىستاكان چاينى رەھبەرنىڭ ئالدىدىكى ھورى كۆتۈرلۈپ تۇرغان ئىككى ئىستاكاننىڭ قېشىغا قويدى. . .

سۇلتانوف تولىمۇ تېتىك ئىدى. قىلغىلى ئىش تاپالماي بىر چەتتە ئەسنەپ ئولتۇرغان كۈتكۈچىلەرگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. كېلەتتى مۇخبىرغا بىر ئىستاكان چاي تۇتاتتى. باراتتى سۆزلەۋاتقان رەھبەرنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكان چاي قۇياتتى.

قاراڭ، سۇلتانوف نېمىدېگەن كۆڭۈلچەك، ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ـ ھە! بىرى رەھبەر — كاتتا باشلىق، يەنە بىرى مۇخبىر — ئادەتتىكى خىزمەتچى. سۇلتانوف بولسا ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ئوخشاش كۆڭۈلنى ئىزدەيتتى. مۇخبىرنىڭ مانچىنچى ئىستاكان چايىنىمۇ بىر يۇتۇم ئوتلاپ قويماستىن، باشقا بىرىگە بېرىۋەتكەنلىكىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. رەھبەرنىڭ ئالدىغا مانچە ئىستاكان چاينىڭ قاتار تىزىلىپ كەتكىنىگە قاراپمۇ قويمايتتى، زېرىكمەيتتى، تېرىكمەيتتى، كېلەتتى مۇخبىرغا چاي تۇتاتتى. باراتتى رەھبەرنىڭ ئالدىغا چاي تىزاتتى.

يىغىن تۈگىشى ھامان سۇلتانوف ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيگە يۈگۈردى. تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كەلدى. تېلېۋىزورنى ئاچماقچى بولدىيۇ سائەتكە قاراپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. تېخى تېلېۋىزور باشلاشقا يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاي ئىچكەچ گېزىت كۆردى. پات ـ پات سائەتكە قاراپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى. بىلىكىدىكى سائەتكە ئىشەنچ قىلالماي ئايالىدىن سائەت سورىدى. ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقتى. بالىسىنىڭكىنى سورىدى ئوخشاش چىقتى. گېزىت كۆردى، سائەتكە قارىدى، سائەت سورىدى. نىھايەت ئۇ

بىلىكىدىكى سائەتكە ئوتتۇز قېتىم قارىغاندا ۋاقىت توشتى. تېلېۋىزورنى ئاچتىيۇ چىرايىنى تۈردى. تېلېۋىزوردا مەملىكەت خەۋەرلىرىنى باشلىغانىدى. گېزىتتىكى تېلېۋىزىيە پراگراممىلىرىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىغا قارىدى. سۇلتانوف تەقەززا بولۇۋاتقان يەرلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىغا يەنە يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىدى. گېزىتنى مەجبۇرىي قولىغا ئالدى. يەنە سائەتكە قارىدى. يەنە . . . ئاخىر يەرلىك خەۋەرلەر پروگراممىسى باشلاندى. ئەنە بۈگۈن سۇلتانوف قاتناشقان يىغىننىڭ خەۋىرى چىقىشقا باشلىدى. سۇلتانوف كۆزىنى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ئۈزمەيتتى. ئېكراندىكى سۈرەتلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن قارايتتى. قارىغانسېرى چىرايى قارىداپ بورۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيەتتى. پۇش ـ پۇش تىناتتى. تىت ـ تىت بولاتتى. يەنە ئۈمىدلىنىپ تېلېۋىزور ئېكرانىغا نەزەر تاشلايتتى، غەزەپلىنەتتى. ئەلەم بىلەن ئۇھسىناتتى. ئاخىر يەرلىك خەۋەرلەر تۈگەپ، تېلېۋىزىيە تىياترى باشلاندى. سۇلتانوف چوڭقۇر بىرنى تىندى ـ دە، دىۋانغا لەسسىدە يۆلەندى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا غوتۇلدىدى:

— خۇشامەتچى، ھەممىسى خۇشامەتچى، كۆرمەمدىغان ھېلىقى سولتەك مۇخبىرنىڭ يۈزسىزلىكىنى، باشقىلارنى ئۈچ ـ تۆت قېتىملاپ سۈرەتكە ئاپتۇيۇ بىراق مەن . . . خەپ ئادەمگەرچىلىكىنى بىلمەيدىغان سەندەك سولتەك مۇخبىرنى . . .

— سىزمۇ ئاشۇ يىغىنغا قاتناشقانمىدىڭىز دادا؟

سۇلتانوف بالىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. بىرھازا پۇشۇلداپ تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بومبا پارتلىغاندەك ۋارقىرىدى:

— ئۆچۈر تېلېۋىزورنى!

1990 ـ يىل، 25 ـ ئىيۇن، يەكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شوپاڭ كۇچۇكى

بۆلۇم باشلىقى بۇگۇنمۇ ئىشخانىسىغا توپتوغرا قىرىق بەش مىنۇت كېچىكىپ كەلدى ـ دە، ئاغزىنى زاڭقىـــدىن قاس چىكەتكۇدەك يوغان ئېچىپ راسا بىرنى ئەسنىۋالغاندىن كېيىن ئىشخانىسىدىكى ئۇچ كىشىلىك دىۋانغا يانپاشلاپ خورىكىنىـــى باشلىدى.

— تاك ـ تاك ـ تاك ...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى ئۇنىڭ خورىكىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئىشىك يەڭگىل چېكىلىشتىن ئېغىر ئۇرۇلۇشقا ئۆتتى.

— گۇم ـ گۇم ـ گۇم ...

بۆلۇم باشلىقى خېلى تەستە ئويغاندى ـ دە، ئورنىدىن تۇرماي زەردى بىلەن ۋارقىرىدى.

— ئىشىك ئوچۇق!

ئۇ تاتلىق ئۇيقۇسىغا ھالاقىت بەرگەن بۆلۇم خىزمەتچىسى غالىبقا نەشتەردەك تىكىلدى.

— نېمە ئىش؟

— بۇ ئۆزلىرى تۇنۇگۇن بۇيرۇغان ماتېرىياللارنى يېزىپ تەييارلاپ بولدۇم. كۆرۈپ تەستىق سىلىۋەتكەن بولسىلا...

— شۇ ئىشمىدى؟ ھازىر پەقەتلا مىجەزىم يوق، يېرىم كېچىگىچە ئىچىشىپتىكەنمىز، چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ. بېشىم ھازىرغىچە ئاغرىپ تۇرىدۇ. ھازىر دوختۇرغا بارىمەن چۇشتىن كېيىن ئەكىر.

www.uyghurkitap.com

— ئىدارە باشلىقى سۆيلەۋاتىدۇ. ئەتە ـ ئەتىگەن ۋىلايەتكە ئېلىپ بارىدىكەن. شۇڭا، چۈشتىن كېيىن بىسىپ، بىر نەچچە نۇسخا تەييارلىمىساق بولمايدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ چۈشتىن كېيىن كىرمەمسەن.

بۆلۈم باشلىقى ئۇيقۇسىزلىقتا قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

چۈشتىن كېيىن ھېلىقى ماتېرىيالنى كۆتۈرۈپ، بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىغا كەلگەن غالىب، ئىشىكنىڭ مەھكەم تاقالغانلىقىنى كۆرۈپ، ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئىشتىن چۈشكىچىمۇ بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىغا كېلىپ قويمىدى.

* * *

تۈن نىسبى بولغاندا قاۋاقخانىدىن ئالىتاغىل تولۇلىشىپ چۈۋىلىشىپ چىققان مەستلەرنىڭ قاتارىدا بۆلۈم باشلىقىمۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان بوۋاقتەك تايتاڭلاپ مېڭىپ چىقتى ـ دە، كىملەر بىلەندۇر ئەتە كەچتە جۇغلىشىدىغان قاۋاقنى دېيىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆيىنى نىشانغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ ئۇزاق ماڭمايلا بىر نېمىگە پۇتلىشىپ، ھارۋىدىن چۈشۈپ كەتكەن تاغاردەك گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى. دەل شۇ چاغدا كوچا يۈزىدىكى ئۆيىدىن بىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يوندا چېلەكنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ئايال چىقتى.

يۇندىنى ئاۋۇ يەرگە تۆكۈۋەت، — دېدى بىرى يەنە بىرىگە، — ئاۋۇ يانقان ئىت ئوخشايدۇ. يۇندىدىكى ئاش، يۇقىنى يالىسا نەپى ئۆتۈلىدۇ.

بۆلۈم باشلىقى ئۆزىگە چاچرىغان يۇندىدىن چۆچۈپ

ئويغاندى ـ دە، ئىككى ئايالنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

— بۇ ئىت ئەجەبمۇ قاشاڭكىنا. بېشىغا يۇندا چاچرىسىمۇ مىدىرلاي دېمەيدۇ.

— بەلكىم ئەتىدىن بېرى ئاشخانا ـ شوپاڭلاردا يۇندا يالاپ، قارنىنى تويغۇزۇۋالغان بولسا كېرەك. شوپاڭ كۈچۈكلىرى ئاشۇنداق قاشاڭ، ھۇرۇن كېلىدۇ. جۇر چىرىپ كېتەيلى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۆلۈم باشلىقى قايتىدىن سەگەكلەشتى. گەرچە قېشىدا ھېچكىم بولمىسىمۇ، خۇددى مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىشتىنى چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيى تەرەپكە كالاڭپاي دەسسەپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا پەقەت «شوپاڭ كۈچۈكى» دېگەن سۆزلا جاراڭلايتتى.

1991 ـ يىل، 19 ـ مارت، يەكەن.

www.uyghurkitap.com

# قۇيرۇق

## 1

سەھەر تۇمانلىق. يۇندا چىچىۋەتكەندەك تۇتۇق ھاۋا قەلەندەرنىڭ جەندىسىدەك رەزگى كۆرۈنەتتى. سېمونت رەستىلەر، كۇنلۇكسىمان ئۆسكەن مەنزىرە دەرەخلىرى، گۇللۇكلەر، ئېگىز بىنالاردىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. قەيەرلەردىندۇر بىقسىغان گەندە پۇرىقى كېلەتتى. كادىرلار، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار خۇددى ھاشار چۇمۇلىلىرىدەك تەرەپ - تەرەپكە چېپىشاتتى. تىجارەتچىلەر خېرىدارسىز دۇكان - يايمىلىرىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تەلمۈرۈپ تىلەمچىلەردىن ئۆتە تەمەدا ئولتۇرۇشاتتى. شۆھرەت يول چېتىدىكى بىنالارنىڭ لەمپىسى ئاستىدا يەشىك ۋە گېزىت پارچىلىرىنى ئاستىغا سېلىۋېلىپ ياتقان، تېخىچىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان ئىككى - ئۈچ مۇساپىرغا ئېرەنسىزلىك بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋىكىدىلا سۇنايلىنىپ ياتقان ئايالغا چۈشتى. ئايالنىڭ كۆڭلىكى بېلىگىچىلىك تۈرۈلۈپ قالغان بولۇپ، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يالىڭاچ ئىدى. خالتىلىشىپ قالغان ئورۇق يوتىسى، قويۇق تۈك باسقان ئاراچلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۆھرەت ۋېلىسىپىتىنى تورمۇزلاپ سۇرئەتنى ئاستىلاتتى. ئايالنىڭ ئوچۇق يېرىگە ئىختىيارسىز ئىككى - ئۈچ قېتىم نەزەر تاشلىدى. «ھېلىقى داۋاملىق بېكەت ئەتراپىدا سۆڭگىچىنى

يەرگە سۇركەپ مېڭىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئايال شۇ ئوخشايدۇ. ئەجەب مىدىرلىماي ياتىدۇ يا؟ ئۆلۈپ قالمىغاندۇ، قايسى شورى قۇرغۇر كۆڭلىكىنى ئاشۇنداق ئۆرۈپ قويغاندۇ؟ بېرىپ ئانىسىنىڭكىگە قارىسىچۇ خۇمسىلار...»

— هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپسەنغۇ، ئاغىنە، مۇھىم نەرسىگە كۆزۈڭ چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟

شۆھرەت دولىسىغا ئۇرۇلغان شاپىلاقتىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. يېنىدا خىزمەتدىشى نىجات بىر پۇتى بىلەن يەر دېيىنىپ، بىر پۇتىنى ۋېلىسىپىتقا ئارتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شۆھرەت نىجاتنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرىنى تېزلا چۈشەندى. ھودۇقۇپلا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھېلىقى ئايالغا يەنە نەزەر تاشلىدى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان بولسا كېرەك، بىرنى كېرىلىۋېلىپ ياتقان جايىدىلا ئولتۇردى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سىيرىلىپ چۈشۈپ يوتىلىرىنى ياپتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىرەر يىلدىن بېرى سۇ دارىمىغان يۈزىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۆھرەت ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، مەقسەتسىزلا غۇدۇڭشىدى:

— نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھانغا، شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ساپلا تىلەمچى ـ مۇساپىرلار قاپلاپ كېتىپ بارىدىغۇ تاڭ؟!

— تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى، ئاغىنە، — دېدى نىجات مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ، — ئىلگىرى خېلى ئوبدانلا ھاللىنىپ قالغان دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى، شەھەرگە چىرىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئەجەب ـ ھە.

— سەۋەبىنى تولۇق بىلمىدىم. يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاغىنە بالىلارنىڭ دېيىشىچە، دېھقانلار تېرىپ، يىل بويى

پەرۋىش قىلىپ ساتقان كېۋىزنىڭ پۇلى، ئەتىيازدا كېۋەز تېرىش ئۈچۈن يەرگە سالغان مەبلەغنىڭ پۇلىغا چىقىشى قىلمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بوران، قۇرغاقچىلىق ۋە ھەرخىل نامۇۋاپىق ھەق - سېلىق، جەرىمانىلەر ئۇلارنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇلار شەھەردە تىلەپ تاپقان پۇللىرى بىلەن گەدىنىدىكى سېلىق - قەرزلەرنى تۆلەيدىكەن.

دېھقانلارغا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئەمدى. ھۆكۈمەت ۋاقتىدا تەدبىر قوللانسا بولاتتى بۇ ئىشقا.

ئۇلار سۆزلەشكەچ تۆت كوچىنىڭ كېسىشىش ئېغىزىغا كېلىپ قالغانىدى. ئارقىسىدىن سوزۇپ - سوزۇپ ئاڭلانغان زەردىلىك ماشىنا سىگنالىدىن دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. ئوتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئالىي دەرىجىلىك قىزىل پىكاپ ئۇلارنىڭ بېقىنىدىنلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىلا يىگىتنىڭ كۆزى پىكاپقا ۋە پىكاپ ئىچىدىكى گىدىيىپ ئولتۇرغان مەنسەپدارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

— باشلىق بولسا ئىش مۇشۇنداق كاتتا مانا. خىزمەتكىمۇ پىكاپ بىلەن بارىدۇ، ئۆيىگىمۇ پىكاپ بىلەن كېلىدۇ. يەنە ئالىلقاندافتۇر بېرىپ - كېلىشلەرنىڭ ھەممىسى پىكاپ بىلەن - ھە، ئەمدى بىلدىم. شۇڭا، ئۇلار كوچا - كويلاردىكى تىلەمچى - مۇساپىرلارنى كۆرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ ھال - كۈنىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ دەيمىز. مۇشۇ باشلىقلارغا شوپۇر بولغانلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسىكىن دەيمەن. ئەتىگىنى باشلىقنى خوتۇنىنىڭ قوچىقىدىن تارتىپ ئاچىقىپ كەتسە، ئاخشىمى تەڭ كېچىلەردە يەنە خوتۇنىنىڭ قوچىقىغا تاشلاپ بېرىپ بولغۇچە، باشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولىمەن دەپ، خۇددى ئەركە - تايتاڭ كىچىك بالىنى بازار ئويناتقىلى ئېلىپ چىققان ئادەمدەك ھېرىپ ھالى قالمىغۇدەك.

— بىزگىمۇ قاچان ئاشۇنداق پىكاپ بىلەن خىزمەتكە بېرىپ ـ كېلىدىغان زامانلار كېلەر ـ ھە، ئاغىنە.

ئىككى يىگىت بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

— سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى، ياخشى ـ يامان كۆرگەن چۈشۈڭلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىۋېتىڭلار، ھاجىتىم بالىلىرىم.

ئۇلاردىن ئون نەچچە قەدەمچە نېرىدىكى يول بويىدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئوشۇقىدىن تۈگەللا كېسىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىكى پارچە پۇللار دۆۋىلەنگەن داستىخانغا خۇددى مال ئەۋرىشكىسى قويۇپ قويغان تىجارەتچىدەك قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارىچە توۋلاۋاتاتتى.

— كېچىدىن سادىر پالۋاننى چۈشەپ قاپتىكەنمەن، — دېدى نىجات ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ يانچۇقىدىن پارچە پۇل ئىزدەۋاتقاچ، — چۈشۈمدە سادىر پالۋان باياندىاي سىپىلىنى پارتلىتىپ، ھۇررا توۋلاپ قىلىچىنى پۇلاڭلاتقىنىچە سېپىل ئۈچىگە چىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك. مېنىڭمۇ بۇ سەپكە شۇنداق ئۈتەك قوشۇلغۇم كەلدىيۇ، شۇ ھامان كاللامغا: «ناۋادا جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن» دېگەن خىيال لىپپىدە كېلىپ، ئىككىلىنىپ بولۇپ قاراپ تۇرغۇدەكمىشمەن. شۇ ئەسنادا پۇتۇمغا بىر نەرسە يۆگىشىپ قالغۇدەكمىش. شۇنداق قارىسام، ئۇ نەرسە كۆزۈمگە بىردەم چارىلان بولۇپ، بىردەم تۆمۈر زەنجىر بولۇپ كۆرۈنگۈدەك. ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇ نەرسىدىن پۇتۇمنى پەقەتلا ئاجرىتالمىغۇدەكمەن. بىردىنلا سۈر بېسىپ، بىراۋلاردىن مەدەت تىلەپ ۋارقىراۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر ئادەم قېشىمدا پەيدا بولۇپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپلا پۇتۇمغا يۆگىشىۋالغان ھېلىقى چارىلانغا، ھېلى تۆمۈر زەنجىرگە ئوخشايدىغان نەرسىنى ئۈزۈپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكۈدەك. بۇ ئادەم كىمدۇ دەپ شۇنداق

قارىسام، ئۇ سادىر پالۋان ئىكەن. ئۇ ماڭا ھومىيىپ تۇرۇپ:
«خوتۇن كىشىنىڭ ئىشتىنىنى پۇتۇڭغا يۆگىنىشۋالسىمۇ ۋارقىراپ ـ جارقىرايسەنغۇ، ئۇكا. نەرلىك يىگىت سىپتىلىك. ئەركەكتەك بول، ئادەمنىڭ روھىنى قورۇندۇرماي. شۇڭىمۇ قولۇمدىكى قىلىچنى بېرىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن» دەۋاتقۇدەك. شۇنداق سىنچىلاپ قارىسام، پۇتۇمغا يۆگىنىشۋالغىنى راستىنلا ئاياللارنىڭ ئىشتىنى ئىكەن. نومۇس ۋە خىجىلچىلىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. بىر چاغدا قارىسام قېشىمدا سادىر پالۋان يوق. ئەمما، ھېلىقى ئىشتان يەنە چاريىلانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ، قورقۇنچتىن ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

— يىلان چۈشىگەنگە قارىغاندا، ئايالىڭ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى شۆھرەت نىجاتنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ.

نىجات دوستىنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىدىن سۆيۈنۈپ «ئىنشائاللا» دېدى ـ دە، قولىدىكى پارچە پۇلنى تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا تاشلىدى.

## 2

ھاۋا تۇتۇق بولغاچقىمۇ بىنانىڭ تەسكەي تەرىپىگە جايلاشقان بۇ ئىشخانا ئىچى تولىمۇ غۇۋا ئىدى. كېچىچە چىققان بوراندا ئىش شىرەسى، ئورۇندۇق، ماتېرىياللار بىر قەۋەت توپا ـ چاڭغا كۆمۈلگەنىدى. شۆھرەت ئۈستەل سۈرتىدىغان خامىنى داستىكى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ غودۇرىدى:

— ئەجەب زېرىكتىم بۇ بوراندىن. ھاۋارايىنىڭمۇ مەسلىھەتى قالمىدى. يىلدىن ـ يىلغا بوران تولا چىقىدىغان بولۇپ قالدىغۇ. بۈگۈنى سۈرتۈپ قويسا، ئەتىسى يەنە بىر ئىلىك

قۇم - توپىنىڭ ئاستىدا قالغان.

— بۇ قانچىلىك ئىشتى دەيسەن، ئاغىنە،— دېدى نىجات ئىشخانا ئىچىگە سۇ چېچىۋېتىپ،— نەچچە كۈننىڭىزى چىققان بوراندا دېھقانلارغا قانچىلىك زىيان بولغاندۇ؟ بۇ زاماندا ھەممە نېمە دېھقانلار بىلەن قېرىشىۋاتامدىكىنتاڭ. بىچارە خەقكە بىردەم ئارامچىلىق يوق. يا كالىدەك قىلغان ئەمگىكىنىڭ تۈزۈك ھەق - ھالاۋىتىنى كۆرمىگەن، يىل ئاخىرسىدا يېتىم بالىدەك بارماق چىشلەپ قالغان. . .

— نىجات! سىزنى ئىدارە باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ!

كارىدوردىلا ئاڭلانغان بۇ چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ نىجات قولىدىكى نەرسىلەرنى جايىدىلا قويدى - دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھە، شۆھرەت ئۇكا، دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىز ياخشى ئۆتكەندۇ؟

— كەلسىلە، غالىب ئاكا،— شۆھرەت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەن خىزمەتدىشىنى ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋانغا تەكلىپ قىلدى،— قەدىر ئەھۋال. ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن ماجاڭ ئويناپ، پىۋا ئىچىپ دېگەندەك. ئەجەب بۇ كۈنلەرنىڭ مەززىسى قالمىدىغۇ، غالىب ئاكا. كۈن بويى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرساڭ تېخى زېرىككەن. تانسخانا - رېستورانلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشكە تېخى پۇلۇڭ يەتمىگەن. ھۆكۈمەت يا مائاشنى جىقراق ئۆستۈرۈپ بەرمىدى.

— شۇنى بىر دېگىنە، ئۇكا. گاھى ئويلاپ كېتىمەن، ھېچ بولمىغاندا ھۆكۈمەت مائاشنى ئۆستۈرۈپ بەرمىسىمۇ، مۇشۇ ھاراق دېگەن نەرسىنى ھەقسىز قىلىپ، خۇددى سۇغا ئوخشاش ئۆيلىرىمىزگە تۇرۇبا بىلەن كېلىدىغان قىلىپ تۇرۇبىلاشتۇرۇپ تارتىپ بەرگەن بولسا، قانداق پەيزى بولاتتى - ھە! ھوي نىجات بالا تېخىچىلا ئىشقا كەلمىدىمۇ نېمە؟

www.uyghurkitap.com

— كەلگەن. ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتىكەن. يېرىم سائەتچە بولدى، ھېچ چىرەيي دېمەيدىغۇ بۇ ئادەم.

غالىب بىر تال تاماكىنى شۆھرەتكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇردى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، نىجات ھەققىدىكى ھېلىقى گەپلەر راست ئوخشىمامدۇ؟

— قايسى گەپنى دەيسىز؟

— سىزمۇ ئاڭلىغانسىز ھەرقاچان، — غالىب دىمىغىنى قىرىپ تۇرۇپ بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نىجاتنى سىلەرنىڭ بۆلۈمگە مۇئاۋىن باشلىقلىققا ئۆستۈرەرمىش، دېگەن گەپلەر خېلىلا كەڭرىغۇ.

— راستتىنلا خەۋرىم يوقكەن، — شۆھرەتنىڭ يۈزى ياللىدە قىزاردى. ۋۇجۇدىنىڭ بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى.

— بۇغۇ ئەجەبلەنگۈدەك گەپمۇ ئەمەس، — غالىب قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نىجاتمۇ خېلىلا قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا، تۇغۇلغان كۈنۈم، ھېيت پەتىسىنىڭ چالىسى، باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئەل - ئاغىنىلەرگە چاي بەرگەنتىم، دېگەن باھانىلەر بىلەن ئىدارە باشلىقىنى بىر نەچچە قېتىم رېستورانغا چاقىرىۋالغان بولدى. شۇڭلاشقا، ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ. كىم بىلىدۇ، كىشى تۇيماس باشقا باردى - كەلدىلىرىمۇ بارمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ. بىلىم - سەۋىيە، قابىلىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ قالسا سىز ھەرگىز نىجاتتىن قېلىشمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىڭلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش. ئوقۇش تارىخىڭلارمۇ، كەسپىي ئۇنۋانىڭلارمۇ، خىزمەت ستاژىڭلارمۇ ئوخشاش. سىياسىي قىياپىتىڭلارغا

كەلسەك، سىز تېخى كاندىدات پارتىيە ئەزاسى. نىجات بولسا. . .

— ئۇمۇ پارتىيىگە ئۆتۈشكە ئىلتىماس يېزىۋاتىدۇ، — دېدى شۆھرەت مەيۈس ھالدا.

— قاچاندىن بېرى؟ — جىددىي قىياپەتتە سورىدى غالىب.

— بەش - ئالتە ئايچە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

— ھەببەللى، توغرا پەرەز قىپتىمەن مانا، — غالىب ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تەمەننا قويغاندەك مەغرۇر گىدەيدى، — بەش - ئالتە ئاينىڭ ئالدىدىلا بۇ بۆلۈمدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئورنى بوشىغان ئەمەسمۇ؟ دەرھاللا ئۆزىگە سىياسىي دەسمايە جۇغلاشقا كىرىشىپتۇ - دە، ھەي . . . بۇ نىجاتنىڭ قورسىقىدىمۇ خېلىلا چوتۇرى بار ئىكەن جۇمۇ. بەلكىم ئۇنىڭغا بۇ ئەقىلنى ئىدارە باشلىقى ئۆگەتكەندۇ، ھەرقاچان.

— نىجاتنىڭ ئىدارە باشلىقى بىلەن ئۇنچە يېقىنچىلىقى باردەكقۇ قىلمايدۇ، — دېدى شۆھرەت گۇمانسىرىغان ھالدا، — ئادەتتە ئولتۇرۇش - قوپۇشىمىز داۋاملىق بىللە. ئىچ سىرلىرىمىزنى ئاياشقان ئاغىنىلەردىن ئەمەس بىز.

— خاتالىشىۋاتىسىز شۆھرەت ئۇكا، — دېدى غالىب تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — بۇنداق ئىشلارنى مۇددىئا ئەمەلگە ئېشىپ بولغۇچە دوستىنىڭلا ئەمەس، خوتۇنىدىنمۇ، ئاشنىسىدىنمۇ سىر تۇتقۇلۇق. بۇ دېگەن بىرەر ۋاق تاماقنىڭ ياكى بىرەر - ئىككى يۈز كوي پايدىنىڭ ئىشى ئەمەس، ھوقۇق ئىشى، ھوقۇق! مەنسەپدار بولۇشنى ئويلىمايدىغان كىم بار ھازىر. نىجات بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېقىنچىلىقىدىن تازا گۇمانلىنىۋاتىسىز - ھە! ئېسىڭىزدە باردۇر، ئۆتكەندە نىجات قەشقەردىن كەلگەن ئاغىنىلىرىمگە چاي بەرمەكچىدىم، ھەمراھ بولۇشۇپ بېرىڭلار دەپ «كارۋان» رېستورانىغا چاقىرىۋالدىغۇ. سىزغۇ باشتىلا تەڭشىلىپ قاپتىكەنسىز. سورۇن ئاخىرلاشقىلى تۇرغاندا كىچىك تەرەت

قىستاپ ھاجەتخانىغا چىقتىم. كۆرمەمسىز بۇ كارامەتنى، نېمىنى كۆردۈڭ دېمەمسىز، ئىدارە باشلىقى بىلەن نىجات يانمۇيان ئۆرە تۇرۇشقان پېتىچە شارقىرىتىپ سىيگىلى تۇرۇپتۇ. باشلىق بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خىرىلداپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ. ئويلاپ بېقىڭ؟ ئۇنىڭ باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى شۇنچىۋالا يېقىن بولمىسا، باشلىقنىڭ ئالدىدا كوركىرىتىپ بەخىرامان جىغىيالامتى؟ قۇلىقىڭىزنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋېتىپ يۈرۈڭ، ئۇكا. مەست موللام بىلەن گاس موللامنىڭ گېپى بىر.

شۆھرەت جىملا ئولتۇرۇپ كەتتى. گەدەنلىرىگىچە قىزاردى. ئارقىمۇئارقا ئۇلاپ ئۈچ قېتىم تاماكا چەكتى.

— سىزمۇ ھەرىكەت قىلىپ بېقىڭ، ئۇكا، — دېدى غالىب شۆھرەتنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆيۈنگەن ھالدا، — قاراپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ يۈرمەڭ يەنە.

— ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئىدارە باشلىقىغا چاي بېرىپ، ھە ـ ھۇ قىلىپ يۈرسەم قاملاشماس، — دېدى شۆھرەت ئىرادىسىز، ئىشەنچسىز ھالدا.

— كىم سىزگە ئىدارە باشلىقىغا چاي بېرىڭ دەپتۇ، — دېدى غالىب ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىدارىدە باشلىق دېگەن بىرلىمىتى. نىجات ئىدارە باشلىقىغا يۆلەنگەن بولسا يۆلىنىۋەرسۇن. بىز ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىغا يۆلىنىمىز. ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسىڭىزلا مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك بۇ تاجنى كىيىشىڭىزدە چوقۇم گەپ يوق، — ئۇ شۆھرەتنىڭ جىملا ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭ، ھايت دېسىڭىزلا راۋۇرۇس بىر سورۇن ھازىرلاپ ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىنى باشلاپ بېرىشقا مانامەن ياردەملىشىمەن. ئۇ قېرىپ قالغان بولسىمۇ خېلىلا ئىشقى ھەۋەسى بار ئادەم. ھاراق بىلەن يەپ ـ ئىچىپلا ئولتۇرىدىغان سورۇن قىلماي، ماندافراق بىر سورۇن ھازىرلايدىغان بولساق ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭغا تارتىدۇ.

## 3

«تولۇنئاي قاۋاقخانىسى» نىڭ ماڭلىيىغا ئېسىپ قويغان زىننەت چىراغلىرى ئاي قاراڭغۇسىدا پاھىشىلەردەك كۆز تاشلاپ لاپ قىلىپ يانسا، لاپ قىلىپ ئۆچەتتى. قاۋاقخانە ئىچى زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى كەنتلەرنىڭ شۆجى ـ دېھقانلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ھەر قايسىلىرى ئۆز تائىپىلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. زىيالىيلار تائىپىسىدىكىلەرنىڭ بەدىۋى چاقچاقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن غۇلجا ئادىتىدىكى كۇلكە قاۋاقنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىن ئەكس سادا قايتۇرسا؛ سودىگەرلەر تائىپىسىدىكى ھاجىملارنىڭ ئاق ھاراقتىن يامان بولىدۇ، دەپ قېچىپ ئىچكەن قىزىل ھاراقلىرى ماي تەپچىرەپ تۇرغان سىپسىلىق يۈزلىرىنى ئەڭلىك ئەتكەندەك قىزارتىۋەتكەندى. قىزىل ھاراقنىڭ كەيپىگە پايلىماي چەككەن نەشىلىرى قاۋاقنىڭ ئىچىنى مەززىلىك كەندىر پۇرىقىغا تولدۇرۇۋەتكەندى. شۆجىلاردىن تەشكىللەنگەن دېھقانلار تائىپىسى بولسا ئەرزان باھالىق، يۇقىرى گرادۇسلۇق ئاق ھاراقتىن خېلىلا كەيىپ بولغان بولۇپ، بىر نەچچىسى قېشىدىكى دۇتتارچى چوكاننىڭ ناخشىسىغا جور بولۇپ ناخشا توۋلاشسا، يەنە بىر نەچچىسى سورۇنغا ئالايىتەن ئەكەلدۈرۈۋالغان، تۇرقىدىن يا قاۋاقخانىنىڭ كۆتكۈچىسىگە، يا پاھىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان، چىرايلىرىدىن خېلىلا كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا بولۇشىغا گىرىم قىلىشىۋالغان، ھاراق تەسىرىدىن خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان چوكانلار بىلەن بىردە ئۇسسۇل ئوينىسا، بىردە تانسا ئويناپ، قاۋاقخانىنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. دۇتارچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چوكاننىڭ ئاۋازى ناخشىسىغا جور بولۇۋاتقان مەستلەرنىڭ ئارىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

شىيەنجاڭنىڭمۇ دەردى بار،
شۇجىنىڭمۇ دەردى بار.
بۇ جاھاننى ئاقتۇرساڭ،
دەردى يوقلار نەدەر بار.

دەردىڭنى ئېيتاي دېسەڭ،
بېيجىڭ دېگەن شەگە بار.
ئويناپ - كۈلۈپ ياشاي دېسەڭ،
قاۋاق دېگەن يەرگە بار. . . .

ناخشا قاۋاقخانىنىڭ تام - تورۇسلىرىدىن ھالقىپ يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. شۆھرەتلەر قاۋاقخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خاس خانىدا سورۇن تۈزگەندى. ھەر خىل قورۇمىلار، ئۇسسۇلۇقلار، ھاراق - تاماكىلار تېزلا كەلتۈرۈلدى. شۆھرەت بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، تەخسىگە بىر جۈپ رومكا قويدى - دە، تۇنجى رومكىنى ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى. ھاراق ئەمدىلا ئىككى ئايلىنىپ تۇرۇشىغا سورۇنغا ئوتتۇرا بويى، ماڭلاي تەرەپتىكى قىزىل بويېۋالغان چېچىنى ئاياللارنىڭ چاچ پاسونىغا مايىلراق قىلىپ كۆپتۈرۈپ ياسىۋالغان، سۇسراق ئەمما كۆڭۈل قويۇپ قىلغان گىرىملىرىنى قىردۇرغىلى ئىككى - ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ، يەنىلا كىرپىكنىڭ تىكىنىدەك ئۆسۈپ چىققان ساقال - بۇرۇتلىرى چاندۇرۇپ تۇرغان، بوينىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن زەنجىرى قاپقارا بوينىدا كىرلىشىپ جارىبىدارلىقىنى يوقاتقان بىر يىگىت

ئايالالارغا خاس ناز ـ كەرەشمە بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، شۆھرەتكە ئالاھىدە كۆز تاشلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ۋۇي، چىرايلىق شۆھرەتجان، كەم قالغان نەرسىلەر بولسا بۇيرۇماملا مۇنداق. كۆڭلىلىرى ئۇزۇنىسىنى تارتامدۇ، قىسقىسىنىمۇ؟ ئېقىنى تارتامدۇ؟ قارىسىنىمۇ؟

— بىلىسەڭغۇ بىزنى، — شۆھرەت يىگىتكە پوخورلۇق بىلەن، — سوراپ تۇرماي مانتا ئەچىر، مانتا.

— ۋىيەي، ماۋۇ ئاجاقنىڭ مانتا دەپ كېتىشلىرىنى. مانتا يېيەلىگۈدەك ماغدۇرۇڭ بارمۇ سەن لاتا غىلاپنىڭ. جېنىڭغا چۇشلۇق گەپ قىلە، ئادەمنىڭ چىشىەي قوۋۇرغىسىنى ئەگمەي، — دېدى يىگىت قاش ـ قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — نەچچە كۈندىن بېرى زەدەك يەيمەن دەپ توۋلاپ يۈرىدىغان ئادەم بۈگۈن ئەجەب مانتا دەپ كېتىپتا.

يىگىت گەپنى بەكمۇ يۇمۇرلۇق تۇستە، ئايالالارغا خاس ئاۋاز ـ ھېسسىياتلىق خۇلقتا ئېيتاتتى. سۆزلەۋېتىپ قول ـ بارماقلىرىنى قىزلاردەك نازاكەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى. قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى يېرىم توسۇۋالاتتى. سورۇندىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. شۆھرەت چاقچاققا چىدىماي قىزاردى، قاپىقى تۈرۈلدى. ھەدەپ چاقچاق قىلىۋاتقان يىگىتنى غەزەپ بىلەن سىلكىشلىدى:

— ماڭ، ماڭەۋاخەنەك، تولا چىشىمغا تەگمەي.

— ۋىيەي ئادىشىم، ئۇنداق دېمەڭ، — يىگىت قىلچىمۇ خاپا بولمىغاندەك قىلاتتى. سۈرمە تارتىۋالغان كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى، — ھەر ئىككىلىمىز ئوخشاش. بىر باش زەدەكنى تەڭ تالىشىپ يېگىنىمىز ئېسىڭىزدىن شالاققىدە چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ.

سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆھرەتمۇ بۇ كۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ مەجبۇرىي ھىجايدى. دېمىسىمۇ ئۇ قانچە

تېرىككەنسېرى ھېلىقى يىگىتنىڭ شۇنچە گەپتە چۈشۈرۈپ زاڭلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— بولدى، چاقچاقلىرىڭنى ھېلى يەنە قىلىپ بېرەرسەن، — دېدى شۆھرەت مۇرەسسە قىلىپ، — خانئاچاڭغا (قاۋاق خىزمەتچىلىرى ئايال خوجايىنىنى خانئاچا دەپ چاقىرىدۇ،) باشتىلا دەپ قويغان، قىزلاردىن بەش - ئالتىنى چىگۈزۈپ بەرگىن.

— خوش غوجام، — دېدى يىگىت سورۇندىكىلەرگە نازلىق كۆز قىسىپ قويۇپ، — مۇشۇ سورۇندىكى سىلىدىن باشقا ئەركەكلەرگە بىردىن قىز توغرىلىسام بولىدىغۇ ھەرقاچان.

سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— قانداق قىلساڭ قىلىپ تولا ۋىتىلدىماي قىزلىرىڭنى باشلاپ چىرە ئاداش، — دېدى شۆھرەت بىر خىل تەئەددىي بىلەن.

— ماڭا قاراڭلا ئاغىنە، — دېدى غالىب يىگىتنى توختىتىپ قولىدىكى بىر رۇمكا هاراقنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — ئەتىگەندىن بېرى خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ مەست بولۇپ كەتكەنلىرىنىڭ لازىمى يوق. مەست بولۇپ قالمىغانىراق قىزلاردىن باشلاپ چىرەسىلە. تۇتۇڭلا، ماۋۇ بىر رۇمكا هاراقنى ئىچىۋېتىپ ئاندىن چىقىڭلا.

— ھۇ، ۋايجان! — يىگىت رۇمكىنى لېۋىگە شۇنداقلا تەگكۈزۈپ نازلىق بىرنى ئىڭرىدى. ئارقىدىنلا لەۋلىرىنى تۇمالاشتۇرۇپ ھىجايدى، — ھەر قېتىم ئىچىمگە بىرنەرسە چىسە چىديالماي قالىمەن خۇددى . . .

يىگىتنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. يىگىت بىگىز بارمىقىنى غالىبنىڭ رۇمكا ئېلىش ئۈچۈن ئۇزاتقان بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ تۇرۇپ قۇرۇقدالغان رۇمكىنى بەردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىمۇ

سورۇندىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆلدۈردى. كۆلكە سادالىرى ئىچىدە يىگىت نازاكەتلىك قەدەملەر بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

هايال ئۆتمەي سورۇنغا ئاچچىق تەر. ئىچمال ئەتىر ـ يۇز مايلارنىڭ كۆڭۈلنى ئايىنىتىدىغان پۇرىقىنى ئېلىپ بەش ـ ئالتە قىز كىرىپ كەلدى. قىزلاردىن ئۇچى چېچىنى پۇتۇنلەي قىرقىل، بىرى ماڭلاي تەرىپىنى قىرقىل، قالغان قىسمىنى سېرىق بويىغالغانىدى. يەنە بىرىنىڭ قاپقارا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىلمىغىچە چۇشۇپ سويلاپ تۇراتتى. باشقا توت نەپەر قىزغا قارىغاندا بۇ قىزنىڭ سۇس گىرىم قىلغان چىرايى گۆڭگا چىراغ يورۇقىدا بولاقتىكى ئاي شولىسىدەك نازغىيتتى. ئۇ شۆھرەت بىلەن كونا تونۇش بولسا كېرەك، ئۇدۇل شۆھرەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يىگىتنىڭ دولىسىغا پاققىدە شاپىلاقلاپ چاقچاق قىلدى:

— ئۇكىمەي، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

قىزنىڭ نازاكەتلىك كۆلكىسى بىلەن تەڭ توغاچتەك لەۋلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك چىشلىرى ماراپ چىقتى. خۇمالىق كۆزلىرىنىڭ تېگىگە بىر خىل مەغرۇرلۇق يوشۇرۇنغانىدى.

سورۇن بىردىنلا ئۆرە ـ تۆپە بولدى. باشقا قىزلارمۇ ئۆزلىرى خالىغان ئەرلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. هاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر سورۇن ئەھلى ئەدەبتىن چىققانىدى. قىزلار بىلەن قىچىقلىشىش، يوتا يانپاش سىلاش ھەتتا لەۋلىمە قىلىشلار يۇز بېرىشكە باشلىدى. قىزلار تولىمۇ ئەركىن، غەمسىز، ھاياسىز ئىدى. ئاغزىنى ئاچسىلا گىلاستەك لەۋلىرىدىن ئەرلەرمۇ ئاغزىغا ئېلىشتىن ئۇيۇلىدىغان بەدبۇي چاقچاقلار تۆكۈلەتتى. شۆھرەت باشلىقنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قالغىنىنى بايقىدى. باشلىق ھاراقنىڭ كەيپىدە خۇمارلاشقان قىيسىق كۆزلىرىنى قىزلارغا شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىپ ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. شۆھرەتنىڭ كاللىسى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. توغرا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. «نەچچە مىڭ كويلاپ پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلىگەن بىلەن، باشلىقنىڭ دىتىغا ياققۇدەك بىرەر ئىش قىلالمىساڭ، ھەممە پالاقلاشلىرىڭ بىر تىيىن». ئۇ تونۇگۈن غالىبنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. بېقىنىدىكى ئۇزۇن چاچ قىزنىڭ قولىقىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

— ياق، بولمايدۇ، خالىمايمەن! — دېدى قىز شۆھرەتنىڭ پىچىرلاشلىرى تۈگمەستىنلا بېشىنى سىلكىپ كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۇنداق دېمىگىن، ماقۇل دە، ئۆتۈنۈپ قالاي،— دېدى شۆھرەت يېلىنغان ھالدا پىچىرلاپ،— شۇنداق قىلساڭلا ھاياتىمدا ماڭا ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغان ئادەم بولۇپ قالىسەن.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىل، شۆھرەت،— دېدى قىز قاتتىق تەلەپپۇزدا پىچىرلاپ،— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاياللىنى قويۇۋېتىپ سىنى ئالىمەن دېدىڭ. نىكاھىمغا ئالالماي قالسام ۋاقىتتىن ئېلىپ چىقىۋېلىپ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن، تۇرمۇشىڭدىن خەۋەر ئالىمەن دېدىڭ. بۇ گەپلىرىڭگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ لېكىن ھەرقانداق تەلىپىڭگە ياق دېمىدىم، قانداق ۋاقىتتا كەلسەڭ رەت قىلمىدىم. بىلەمسەن، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم ئۈچۈن، ماڭا غورۇرلۇق، ۋىجدانلىق ئەركەكتەك تەسىر بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. يەنە شۇنداق دەپ مېنى بىر ئۆمۈر ئالدىساڭمۇ سەندىن قىلچىلىك رەنجىمەيمەن. لېكىن، بۇنداق پەسكەش تەلەپنى ماڭا دېمە. ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق ۋىجدانسىز بولمايدىغان.

— مېنى نېمە دەپ تىللىساڭ تىللا. لېكىن، بۇ ئىشقا ماقۇل دە. بىرەر مىڭ كوي ھەق ئالىمەن دېسەڭمۇ مەيلى. بۇ مېنىڭ ئىستىقبالىمغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، — شۆھرەتنىڭ پىچىرلاشلىرى يىغلامسىرىغاندەك ئاڭلىناتتى.

— ياق دېدىم، ياق، — دېدى قىز كەسكىنلىك بىلەن. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن خورلۇق، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى، — ئۇنداق سېسىق پۇلۇڭنى پۇل دېسە ئىت - ئېشەكتىن يانمايدىغان رەسۋالارغا بەر. قارىسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك ئۇنداق سەت قېرىغا قۇچىقىڭدىكى قىزنى سايە قىلىشتىن نومۇس قىل، نومۇس. يىگىت دېگەن ئۇنداق ماز بولمايدىغان.

«قارىسىدە» تەگكەن تەستەك زەربىدىن قىزنىڭ زۇۋانى ئۆچتى. چىرايلىق كۆزلىرىدىن پاللىدە ئوت چاقنىدى. ئالمىدەك مەڭزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قالدى. شۆھرەتنىڭ چىرايى سەت پۈرۈشكەنىدى. ئۇ قىزنىڭ تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزىگە قاراپ تىل سالدى:

— سەن جالاپنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى. بىلمەيدىغان جالاپماۋاسەن، ھالىغا باقماي دەۋاتقان گەپلىرىنى.

قىز ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، سورۇندىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

— ھە، شۆھرەت، گېپىڭگە كىرمەيۋاتامدۇ؟ نېمانچە ئالدىرايسەن سورۇن تۈگىمەستە، قىز بالا دېگەننى ئاستا - ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈرىدىغان گەپ.

شۆھرەت ئۆزىگە ئەجەبلىنىش نەزەرىدە تىكىلگەن كۆزلەر ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، سىرتقا ماڭدى.

قىز قاۋاقنىڭ خوجايىنى — ئۇزۇن، شادىپاچاق، چىرايى قويغان ئۆپكىدەك ئاپئاق، سۇۋارى ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋال-غان، قولاق - بويۇنلىرىغا ئاتىنىڭ تاقىسىدەك ھالقا ۋە زەنجىر،

www.uyghurkitap.com

بىلەك ـ بارماقلىرىغا قوش ـ قوش ئالتۇن بىلەزۈك، ئۈزۈك سېلىۋالغان، كۆرۈنۈشىدىن تولىمۇ ھاكاۋۇر ئايالنىڭ قېشىغا شۇمشىيىپ ئولتۇراتتى. شۆھرەت ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھە، شۆھرەتجان، ئەجەب ئاچچىقىڭ كېلىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى ئايال خوجايىن خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

— ماۋۇ جالاپنىڭ چوكچىلىقىنى دەيمىنا، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ، — دېدى شۆھرەت قىزغا دۆۋەيلەپ.

— نېمە بولۇشقانتىڭلار. ئەجەب گېپىڭلارنىڭ ئۇچى بىلەن بېغىنى ئۇقالماي قالدىمغۇ؟

— باشقا گەپقۇ يوق. باشلىقنىڭ سەل كۆڭلىنى ئېچىپ قوياي دېگەن مۇددىئايىم بار ئىدى. ماۋۇ جالاپنى باشلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرغىن دېسەم، پەقەتلا ئۇنىمايۋاتىدۇ. نەچچە پۇل ئالساڭ بېرەي دەپمۇ باقتىم. شۇنچە يالۋۇرساممۇ ھەلەلەك ـ شەلەلەك دەپ چىشىمغا تېگىۋاتىدۇ دەيمەن. ياش ـ قىرى دەپ كەتمىسىمۇ، بەربىر جالاپقۇ ئۇ. ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پەس!

— شۆھرەت، ئاغزىڭنى بۇزما جۇمۇ. بىكار مەن ئاغزىمنى بۇزىدىغان بولسام چىرايلىق گەپ چىقمايدۇ.

— كاپىلدىما قانجىق! — ئايال خوجايىن قىزنىڭ ئاغزىغا بىر تەستەك سالدى، — خېرىدارلارنى داۋاملىق سەنلا خاپا قىلىسەن. جىقراق پۇل تېپىپ ياخشىراق كۈن كۆرسەڭ ئۆزۈڭگە كۆرەرسەن ھەرقاچان.

— ماڭا ئۇنداق پۇلنىڭ كېرىكى يوق. كۆڭلۈم كۆتۈرمىگەن ئىشنى قىلىپ، پۇلغا ۋىجدانىمنى، غۇرۇرىمنى تېگىشمەيمەن...

— تۈفى جالاپ! — ئايال قىزغا غەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈردى، — ماۋۇ جالاپنىڭ ۋىجدان، غورۇر دەپ كېتىشلىرىنى

تېخى. سەن بۇ قاۋاقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن دەپ قالغان ئوخشىمامسەن. يوقال! هازىرلا لاقا ـ لۇقلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىنى بىكارلا. هۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا!

## 4

كېچە. شۆھرەت هاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى باشلىقنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا ئايالىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. ئايالى يامانلاپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى. ئۇ ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە قېيناتىسىنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى.

«باراي، بېرىپ ئۆزۈمنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولىدىغانلىقىمنى ئېيتاي. قېنى ئەمدى ئۇنىڭ نازلىنىپ ئۆيگە كەلمىگىنىنى بىر كۆرەي. بىلىپ قويسۇن، ئېرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن، هازىرچە مۇئاۋىن، يەنە بىرەر يىل ئۆتسە جىق بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى. ئىشنىڭ يولىنى، ئېپىنى ئوبدانلا بىلىپ قالدىم. كېيىنچە ئىدارە باشلىقى ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭ مەنسەپدار بولۇشىمدىمۇ گەپ يوق. مەسىلە، ئۆزۈمنىڭ بۇگۈنكىدەك پەيتنى تاللاپ تۇرۇپ، ئىشلارنى جاي ـ جايىدا قاملاشتۇرۇپ، باشلىقلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىشىمدا. هىم، نىجاتنىڭ كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى كۆرۈمەنغۇ تېخى. رەنجىمە، نىجات ئاغىنە، هازىرچە تۇرۇپ تۇر. كېيىنچە مەن ئىدارە باشلىقى بولغاندا، مەكتەپتىكى چاغلاردا ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى قايتۇرۇش يۈزىسىدىن بولسىمۇ سېنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا چوقۇم ئۆستۈرىمەن» . شۆھرەت شېرىن خىياللار ئىلكىدە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا يول بويىدىكى داڭگالغا پۇتلاشتى ـ دە، پالاققىدە يىقىلدى. لېكىن، بىريەرلىرى ئانچە قاتتىق

ئاغرىمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى چالا-بۇلا قاقتى. ئايالى ئېسىگە كېلىپ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. «خەپ، سەن قانجىقنى، ئۆيگە بىر ئەكېلىۋالاي قېنى، كۆرسىتىمەنغۇ تېخى. كېيىنچە ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالسام . . . بولدىلا، بۇ كېچىدە يول مېڭىپ، ساڭا يالۋۇرۇپ يۈرۈيدىغان ئادەتتىكى ئادەممىدىم مەن. بىلىپ قوي خوتۇن. مەن دېگەن ھازىر مۇئاۋىن بولۇم باشلىقى! ئىززىتىمدىن چۈشۈپ ئالدىڭغا يالۋۇرۇپ بارمىسامۇ، بۈگۈن - ئەتە باشلىق بولغىنىمنى ئاڭلىساڭ، ئالدىمغا ئۆزۈڭ يالۋۇرۇپ كېلەرسەن ھەرقاچان. ئاتا - ئاناڭمۇ: ۋاي شۆھرەتجان بالام، خاپا بولمىسىلا، سەۋەنلىك قىزىمىزدىن ئۆتۈپتۇ، دەپ كېلەمدۇ تېخى . . .»

شۆھرەتنىڭ ئايالىنى ئېلىپ كېلىشتىن بىردىنلا رايى قايتتى. كوچا چىراغلىرى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەملەر خېلىلا شالاڭلاپ قالغان بولۇپ، بىرە - بىر موتسىكلىت ياكى ۋېلسىپىتلىقلار ئالدىراش ئۆتۈپ تۇراتتى. شۆھرەت ئالدى تەرەپتىكى چىراغ يورۇقىدا ۋېلسىپىتقا تايىنىپ تۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ تۇرمايلا ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسقىرتتى. بۇنداق ئىسقىرتىشقا ئۇ خېلىلا ماھىر ئىدى. شۆھرەت پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە قىزنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ھە، خېنىم، تۇرۇپ قاپلىغۇ؟ قانداق، ھەمراھ بولايمۇ؟ خاتىرجەم بولسىلا، باھاسىدا . . .

شۆھرەتنىڭ گېپى تۈگىمىگۈچە، ئېڭىكىگە تەگكەن مۇشتتىن ئارقىسىغا داراڭڭىدە ئۈچۈپ كەتتى.

— سەن خۇمسىلارنىڭ دەردىدىن بىرەر خوتۇن كىشى يالغۇز ماڭالامدۇ بۇ يولدا . . .

شۆھرەت تېپىپ - پەشۋالار ئارىسىدا خىمىرە دەك چەيلىنىۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ بىراۋنىڭ كېلىپ ئۆزىنى بۇ

رەھىمسىز دۇمبا ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تىلىدى، خېلىلا ئۈمىدلەندى. بارا - بارا تاياقنىمۇ سەزمىدى.

... ئىدارىنىڭ چوڭ يىغىن زالى. ئىدارىدىكى ھەممە خىزمەتچى تولۇق يىغىلغان. رەئىس سەھنىسىدە ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتار ئولتۇرۇشىدۇ. مانا ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقى مىكروفونغا ئاغزىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ شۆھرەتنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنى رەئىس سەھنىسىگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. شۆھرەت ئەتراپىغا مەغرۇر نەزەر سالدى. ئەنە نىجات پۇرقىرىتىپ تاماكا چەككىنىچە شۈمشىيىپ ئولتۇرىدۇ. شۆھرەت سەھنىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. تۇيۇقسىز زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆھرەت خۇدۇكسىرەپ ئەتراپىغا قارىدى. زالدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بەك ئالاقزادە بولدى. تۇيۇقسىز ساغرىسى تەرەپنىڭ بىنورمال بولىۋاتقانلىقىنى سېزىپ دەرھال كەينىگە قارىدى. ئاھ، نېمە كارامەت بۇ! بىر تال قۇيرۇق، قۇيرۇق بولغاندىمۇ ئىتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر تال قۇيرۇق ئىشتىنىنى تېشىپ چىققان بولۇپ بارغانسېرى ئۇزىراۋاتاتتى. شۆھرەت قۇيرۇقىنى دەرھال تۇتۇۋالدى. بىراق، مەسخىرە ساداسى ئىچىدە قۇيرۇق تېخىمۇ بەك ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى شۆھرەتنىڭ يەردە سۆرۈلۈپ تۇرغان قۇيرۇقىغا دەسسىۋالدى. شۆھرەت قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىۋىدى، ئاۋازى سۆڭگۈچىگە تېپىك يېگەن ئىتنىڭ كاڭشىغىنىدەك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاۋازىدىن نومۇس قىلىپ دەرھال ئاغزىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن، قۇيرۇقى تېخىچىلا دەسسىلىپ تۇراتتى. قۇيرۇقىدىن كىرگەن ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە ۋارقىرىۋەتتى. ئاۋازى يەنە بايامقىدەكلا تېپىك يېگەن لالما ئىتنىڭ كاڭشىغىنىدەك

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى. ئۇ مەدەت تىلەپ ئەتراپقا قارىۋىدى، مەسخىرىلىك چىرايلاردىن باشقا ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىدىغان بىرمۇ چىراينى كۆرەلمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قېشىغا تونۇمىغان بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قىلىچ بار ئىدى. شۆھرەت شۇنداق قارىۋىدى ئۇنىڭ چىرايى بىردە نىجاتقا، بىردە سادىر پالۋانغا ئوخشاپ كەتتى. شۆھرەت قورقۇمسىراپ قىلىچقا قاراپ قويدى ــ دە، تولىمۇ تەستە ياردەم تىلىدى. لېكىن، ئاغزىدىن گەپ ئەمەس ئىتنىڭ قاۋىغىنىدەك بىر خىل ئاۋاز چىقتى. ھېلىقى بىردە نىجاتقا، بىردە سادىر پالۋانغا ئوخشايدىغان كىشى قولىدىكى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شۆھرەتنىڭ خەقلەر دەسسەپ تۇرغان قوۋزۇقىنى دەل كاسىسىنىڭ تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلىدى. شۆھرەت ئاغرىق ئازابىدىن شۇنداق قاتتىق كاڭشىپ كەتتىكى، يەردە نەچچىنى يۇمىلاپ كەتتى...

شۆھرەت سۇدا ياتقاندەك تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋەھىمە ئىلكىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنى يىغىن زالىدا ئەمەس، ئۆيىدە كۆرۈپ، بايامقى ۋەھىملىك ۋەقەلەرنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر ئاز خاتىرجەم بولدى. لېكىن، كاسىسى تېخىچىلا ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ۋەھىمە ئىلكىدە قولىنى ئاستا كاسىسىغا ئاپاردى. قولىغا ھاراق بوتۇلكىسى چىقتى. بۇ كېچىدىن ئۆيىگە كېلىپ ئىچكەن ھاراقنىڭ بوتۇلكىسى ئىدى. ئۇ مەستلىكتە بوتۇلكىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ھاراق بوتۇلكىسى يۇمىلاپ كېلىپ كاسىسىغا پېتىپ كەتكەنىدى.

شۆھرەت يۈزىنى چالا ــ بۇلا يۇدى ــ دە، ئۇدۇل ئىدارىسىغا قاراپ ماڭدى. تەڭ كېچىدە چىققان بوران توختىغان بولسىمۇ لېكىن ئاسماندىن توپا يېغىۋاتاتتى. ھاۋا ــ جاھان ساپسېرىق كۆرۈنەتتى. شۆھرەت كېچىدىن كۆرگەن غەلىتە چۈشىنى ئويلاپ غەمكىن كېتىپ باراتتى.

ــــ سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. ياخشى ــ يامان

كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىۋەتسىلە، ھاجىم بالام.

يول بويىدا قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئادەم ئۇشۇقىدىن تۆگەللا كېسىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىكى پارچە پۇللار دۆۋىلەنگەن داستىخانغا خۇددى مال ئەۋرىشكىسى قويۇپ قويغان تىجارەتچىدەك قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارچە تووۋلاۋاتاتتى. شۆھرەت ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا پارچە پۇل تاشلىدى.

5

شۆھرەت ئىدارىغا كەلگەندە خىزمەت بىناسى ئالدىدا بىر توپ خىزمەتداشلىرى غۇژمەكلىشىپ ھەدەپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. نىجات نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتاتتى. شۆھرەتنىڭ قۇلىقىغا نىجاتنىڭ: «سادىر پالۋان قىلىچى بىلەن شۇنداق بىر چاپقانتى» دېگەن سۆزلىرى چالا ـ پۇلا كىردى ـ دە، ۋەھىمىدىن يۈرىكى دۈكۈرلىدى. نىجاتقا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويىدى: «كېچىدىن كۆرگەن چۈشۈمنى قانداق بىلىپ قالدىكىنە؟ چۈشۈمدە كۆزۈمگە سادىر پالۋان بولۇپ كۆرۈنگىنى ئەسلىدە نىجاتكەن ـ دە. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سادىر پالۋاننى تولا چۈشەيدىغان بوپقالدىم، دەۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن كۆرگەن چۈشنى كېچىدىن ئۇمۇ كۆرۈپتىكەن ـ دە، خەپ، نىجات، ئۇزاق يىللىق ساۋاقداش ھەم يېقىن ئاغىنە تۇرۇپ، ئازراقمۇ بولسا يۈزۈمنى قىلماي، ماڭا قويرۇق چىقىپ قالغىنىنى خىزمەتداشلارغا يېيىۋېتىپسەن. توختاپ تۇر، كۈنلەر تېخى ئۇزۇن، كۆرۈسەن، كىم ئاخىر غىچە كۈلەلەيدىكىن، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان كۈنۈم ...»

— كېلىڭ شۆھرەت، بۇ خىزمەتدىشىڭىز بىلەن تونۇشۇپ

قويۇق، — پېشقەدەم بۆلۈم باشلىقى بىر چەتتە چاقچاقنى ئارىلاشماي پۇشۇلداپ تۇرغان شۆھرەتنىڭ خىيالىنى ئۇيۇقسىز بۆلىۋەتتى ۋە نىجاتلار بىلەن كۆلۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش بىر يىگىتنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، — ئىسمى قەيسەر، سىلەرنىڭ بۆلۈمگە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۆھرەتنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرى بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن قاتتىق سالغاندەك بولدىكى، قۇلاق - مېڭىسى ۋىڭىلداپ، ۋۇجۇدىغا مىڭلاپ پىچاق سانچىلغاندەك ئاغرىق كىردى. چىرايى ئاۋۋال تاتاردى كېيىن قىزاردى.

— تەڭ دېمەتلىككەنمىز، خىزمەتتە كۆپرەك ياردەم قىلارسىز، — دەپ ئۇزاتقان دوستانە قولنى شۆھرەت مەست - ئەلەسلەردەك تىترەپ تۇرۇپ چالا - بۇلا تۇتتى. يىغىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر كۆز چانقىنى سۈيۈق بىر پەردە توسىۋالدى. كۆز ئالدى غۇۋالاشتى. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى گىرىمسەن كۆرۈندى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىدە كىچىككىنە بىر ئۈمىد نۇرى پىللىدە چاقناپ ئۆتتى - دە، دەرھال خىزمەت بىناسىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم باستى. ئۇ تېخى ئۈچ - تۆت قەدەم چامدا - چامدىمايلا ئارقىسىدىن گۈرۈلدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇ ھامانلا خۇدۇكسىرەش ۋە ئالاقزادىلىكتىن كاللىسىغا چىدىغۇسىز بىر ئازاب ھۇجۇم قىلدى. چۈشىدىكى غەلىتە مەنزىرە كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشتى. قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە ئاستا ساغرىسىنى سىلاپ باقتى. . .

1998 - يىل، 16 - ماي، يەكەن.

www.uyghurkitap.com

## مودا

### 1

ئۇنىڭ ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمى بۇۋىنىيازخان ئىدى. ئۇ تېخنىكومغا ئوقۇشقا بارغاندىمۇ ساۋاقداشلىرىغا ئىسمىنى بۇۋىنىيازخان دەپ ئېيتىپ بەردى. تېخنىكومغا بېرىپ يېرىم يىل بولا ـ بولمايلا بىر قىسىم قىز ساۋاقداشلىرى رومال ـ كۆڭلەكلىرىنى تاشلىۋېتىپ يالاڭۋاشتاق، ئىشتانچاق بولۇۋېلىشتى. بۇ مودىغا خېلى كۆپ قىزلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەگەشتى. ئاشۇ ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدا بۇۋىنىيازخانمۇ بار ئىدى. «مېنىڭمۇ باشقىلاردىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق. باشقىلار قىلغاننى مەن قىلسام نېمە بوپتۇ» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

### 2

بىر كۈنى ساۋاقدىشى ئىلزابىتا ئۇنىڭغا شاڭخو ئارىلاش چاقچاق قىلدى.

— بۇۋىنىيازخان، نېمانچە مەتو چىراي ئىسىم بۇ، ئۆزگەرتىۋېتە ئاداش.

ئىلزابىتانىڭ بۇ تەشەببۇسى تېزدىنلا باشقا قىزلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

— شۇنداق قىل بۇۋىنىيازخان، ئىسمىڭنى ئۆزگەرتىۋەت.

— نېمانداق ئەخلەتخانىدىن تېرىۋالغاندەك كونا ئىسىم بۇ.

www.uyghurkitap.com

— مەدەنىيرەك، زامانىۋىيراق ئىسمدىن بىرنى تاپ.
— بولمىسا ئىسىم تېپىشقا بىز ياردەملىشەيلى.
ساۋاقداشلىرىنىڭ تەشەببۇسىغا بۇۋىنىسىيازخان دەسلەپتە ئانچە قايىل بولمىدى. سەل تېرىككەنمۇ بولدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئىسمىدىن بىردىنلا خىجىل بولدى. راستتە، ئىلزابىتامۇ ئەزان چىللاپ قويغان «ئىلنۇر» دېگەن شۇنداق چىرايلىق ئىسمىنى مەدەنىي ئاڭلانمايدىكەن، دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا شەرۋانەم ئىسمىنى شەكىلگە، تۇرسۇنىيازخان — تارۇغا، سائادەتخان — سونىتاغا ئۆزگەرتىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇ ئىسىم ئۆزگەرتىش مودىسىغا بىرمۇنچە قىزلار بەس - بەستە قېتىلدى. ئۇنىڭغىچە چاچ كېسىش مودىسى چىقىۋىدى، قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك تېقىمىدا ساڭگىلاپ تۇرغان چاچلىرىنى كېسىپ بۇدۇر قىلدۇرۇشتى. بۇۋىنىيازخانچۇ؟ تېخىچىلا شۇ كونا، مەتو ئىسىم بىلەن. توۋا، مودىدىن شۇنچىۋالامۇ كېيىن قالغان بارمۇ؟
بۇۋىنىيازخان دەرھاللا ئىسمىنى رۇخسارىغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزۈن ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى قۇلاق تۈۋىدىن كەستۇرۇپ بۇدۇر قىلدۇردى.

## 3

ئۇ چېچىنى بويىدى.
بۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققانىغا ئۈچ يىل بولغان مەزگىل ئىدى. ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدا باشقا قىزلارغا ئەگىشىپ مودا قوغلاشقان بولسا، ھازىر مەيلى كىيىنىش، مەيلى ياسىنىشتا بولسۇن ئىدارىسىدىكى، ھەتتا پۈتكۈل ناھىيە

بازىرىدىكى ئاياللارغا مودا تارانقۇچى — مودا باشلامچىسى ئىدى. شۇڭا، باشقا قىزلارنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى.

بۇگۈن ئىشقا كېلىپلا خىزمەتدىشى نادىرەنىڭ بويالغان ساپسېرىق چېچىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، قانداقتۇر بىر تۇيغۇدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئۇ تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئاياللار چېچىنى سېرىق بويايدىغان مودا چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىغان، ئۆزىمۇ بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە بۇ مودىنى باشلىماقچى بولۇپ تۇراتتى. مانا ئەمدى مۇنۇ ئىسكەتسىز نادىرەنىڭ چاچ بوياش مودىسىنى باشلىۋالغانلىقىنى قارىمامدىغان. رۇخسارىنىڭ ئالدىدا كىم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا بۇ ئاتىكاچىلىقنى.

ئۇ بۆلۈم مەسئۇلىدىن مىجەزىم يوق دەپ رۇخسەت ئالدى ـ دە، ئۇدۇل ساتىراشخانىغا چاپتى. ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرىغا سېرىق رەڭ شۇنداق سىڭگەنكى، كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى. ئۇ چېچىنى نادىرەنىڭ چېچىغا يوشۇرۇن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارام تاپتى.

لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەت ھەپتىلا ئارام تاپالىدى. نادىرە چېچىنىڭ سېرىق رەڭگىنى قىزىلغا — قارامتۇلراق قىزىلغا ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ رۇخسارى يەنە تۇرالماي قالدى. دەرھال ئۈرۈمچىدىكى ساۋاقدىشىغا تېلېفون ئېلىپ سورىۋىدى، تېلېفوندىن: «ھازىر ئۈرۈمچىدە چاچنى سېرىق بوياش مودىدىن قېلىپ، قىزىل بوياش مودا بولۇۋاتقانلىقى» ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى. بۇ ئۇچۇر ئۇنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. ئۇ تېلېفوننى قويدى ـ دە، ئۇدۇل

ساتىراشخانىغا چاپتى. ئۇ ئىشخانىغا كىلىپ چىچىنى نادىرەنىڭ چىچىنىڭ رەڭگىگە سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قىزىل بويالغان چاچلىرىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كىيىن كۆڭلى ئارام تاپتى. ئۇنىڭ ئۇنتاقاشتەك بويالغان قىپقىزىل چاچلىرى بىر پارچە يالقۇندەك كۆرۈنەتتى.

## 4

ئۇ بۈگۈن تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بىرىپ بىر قىسىم كۆڭلەك يوپكىلىرىنى ئۆزگەرتكەننىڭ سىرتىدا، ئىككى قۇر كۆڭلەك تىككۈزدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى دوستىدىن تىلىفون ئارقىلىق، ئۇرۇمچى ئاياللىرى ئارىسىدا ساغرىسىنى ئاران ياپقۇدەك قىسقا كۆڭلەك، يوپكا كىيىش مودا بولۇۋاتقانلىق ئۇچۇرىنى ئالغانىدى. ئۇنىڭ يوپكا، كۆڭلەكلىرىنى قىسقارتىپ ئۆزگەرتىش، يېڭى كۆڭلەكلىرىنىمۇ قىسقا قىلىپ تىكىپ بىرىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىگە كالۋا تىككۈچى ئۇستام خىلىلا كاجلىق قىلىپ تالاشقاندىن كىيىن ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى. ئەتىسى رۇخسارى تىككۈچى ئۇستامنىڭ ئۆزگەرتكەن، تىككەن كۆڭلەك، يوپكىلىرىنى ئۇزۇن كۆرۈپ يەنە قايتا قىسقارتقىلى سالدى. بۇ جەرياندا تىككۈچى ئۇستام بىلەن تاكاللىشىپ، قىزىرىشىپ قالغانمۇ بولدى. لىكىن، ھەر ھالدا ئۇستامنى دىگىنىگە كۆندۈردى.

مانا بۈگۈن قىسقا مودا كۆڭلىكىنى كىيىپ تويغا كەلدى ۋە نادىرەنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكنى كۆرۈپ، ئىچىدىن بىر توپ ئازغاننى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك بىئارام بولدى. چۈنكى، نادىرەنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكمۇ كالتە ئىدى. ساغرىسىنى ئاران يىپىپ تۇرغان كۆڭلەكتىن ئاپئاق، تولغان يوتىلىرى

مانامەن دەپ چىقىپ قالغان بولۇپ، خۇددى مەر - مەر تۇۋرۇكتەك پارقىرايتتى. «كالتە كۆڭلەكنىڭ مودا بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىپ قالدىكىنە سەت جۇمباق».

## 5

رۇخسارى چاچ بوياش بىلەن كالتە كۆڭلەك كىيىش مودىسىدا نادىرەدىن كېيىن قېلىپ ئىچى ئاداپ كەتتى. ئىدارىدىكى، ھەتتا پۇتكۇل ناھىيە بازىرىدىكى قىز - چوكانلار نادىرەنىڭ كىيىنىش، ياسىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلىشۋاتقاندەك، ئۆزى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقاندەك، پەقەت نادىرەلا پۇتكۇل ئاياللارنىڭ مودا يېتەكچىسى بولۇپ قالغاندەك بىلىنىپ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. «ياق، بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. نادىرەنى، پۇتكۇل ناھىيە ئاياللىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان يېڭى بىر مودا تېپىش كېرەك» . ئۇ ئۇرۇمچىگە بىرقانچە قېتىم تېلېفون ئېلىپمۇ يېڭى مودا ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى.

كاللا قاتۇرسا ئامال دېگەن تېپىلىدۇ، مودا ئىجاد قىلىشتا، مودا قوغلىشىشتا رۇخسارىغا تەڭلىشەلەيدىغان قىزلار تېخى تۇغۇلمىدى. شۇ كۈنلەردە ناھىيە بازىرىغا پاكىستاندىنمۇ ئەيتاۋۇر بىر دۆلەتتىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەن ئىككى - ئۈچ ئايال پەيدا بولۇپ قالغاندى. ئۇلارنىڭ پۇتكۇل بەدىنىنى قارا رەخت بىلەن ئوراپ، قارا كۆزەينەك تاقاپ يۈرۈشى رۇخسارىغا بەكمۇ غەيرىي، يېڭى تۇيۇلدى. «پاھ، مودا دېگەن مانا شۇ!» دېدى ئۇ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 6

خىزمەتدىشىنىڭ «ئەتىرگۈل» رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇغۇلغان كۈن چېيىغا رۇخسارى خېلىلا كېچىكىپ كەلدى. سەۋەبى، ئۇچىسىدىكى مودا كىيىمنى سورۇن ئەھلىگە تەڭلا نامايىش قىلىپ ھەيرەتتە قالدۇرۇش، نادىرەنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش ئىدى. ئۇ رېستورانغا دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە، بارلىق ئورۇنلار مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. ئوشۇقىدا سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان قارا پۈركەنجە كىيىپ، بېشىغا قارا رومال سالغان، قارا كۆزەينەك، قارا ماسكا تاقىغان زىلۋاغىنە بىر قىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. سورۇن ئىگىسى قىزچاق تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن بۇ مەدەنىي «روپاش»نى تونۇيالمىغان بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. رۇخسارى قارا پەلەي كىيىۋالغان بارماقلىرى بىلەن يۈزىدىكى قارا ماسكىنى قىيا ئاچتى. شۇ ھامان تەرەپ - تەرەپتىن «رۇخسارى، رۇخسارى ئىكەن» دېگەن كۇسۇرلاشلار ئاڭلاندى. رۇخسارىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئۇ غادايغان ھالدا سورۇن ئىگىسى كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ بۇگۈنكى ئۆزىنىڭ كىيىم مودىسىدىن قاتتىق پەخىرلەنگەنىدى. ئۆزىگە ھەيرانلىق، تەئەججۈپ ئىلكىدە تىكىلگەن كۆزلەرگە قارا كۆزەينەكنىڭ تېگىدىن مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قوياتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي تانسا باشلاندى. يىگىتلەر قىزلارنى بەس - بەستە تانسىغا تارتىشتى. لېكىن، بىرمۇ يىگىت رۇخسارىنى تانسىغا تارتمىدى. مانا، قىزلارنىڭ ھەممىسى تانسىدا، پەقەت رۇخسارىلا يالغۇز. ئۇنىڭ تانسا ئويىنىغۇسى كېلىپ تاپانلىرى

شۇنداق قىزىپ كەتتىكى. . . توۋا، بۇگۈن يىگىتلەر كور بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟

رۇخسارنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز تانسا ئويناۋاتقان قىزلار ئارىسىدىكى نادىرەگە چۈشتى، نادىرە بۈگۈن خانئەتلەستە تىزنى ياپقۇدەك قىلىپ بەل پۈرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان، قىزىل چىچىنى قايتىدىن قارا بوياپ، بىلەكتەك تومۇقتا ئىككى تال يالغان چاچ سىلىۋالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم پىرقىرىغاندا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بىلەن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى يەلپۈنۈپ توز قانىتىدەك نازاكەتلىك تۇسكە كىرەتتى. چىراغلارنىڭ سۇس نۇرىدا ھەسەن ـ ھۇسەندەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. ھەئە، باشقا قىزلارمۇ خۇددى نادىرەگە ئەگەشكەندەك چاچلىرىنى ئەسلى رەڭگىدە قارا بوياپ، يالغان چاچ سىلىۋېلىشقان بولۇپ، تامامى دېگۈدەك ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋېلىشقانىدى.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپسەن،
قاشىڭغا ئوسما قويۇپسەن.
يۈرەكىمگە ئوت يېقىپ،
ھەي ـ ھەي نادىرە. . .

رېستوراندىكى ناخشىچى يىگىتنىڭ بۇ ناخشىسى رۇخسارنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى.

تۇيۇقسىز بىر يىگىت رۇخسارىغا قاراپ كەلدى. رۇخسارى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۇنىمۇ تانسىغا تارتىدىغانلار چىقتىغۇ مانا. ئۇ تانسا ئويناشقا تەييارلىنىپ پەم بىلەن قارا پۈركەنجىسىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى. بىر قولىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان قارا ماسكىسىنى قايتىدىن تاقىدى.

— نېمانچە سەت كىيىنىۋالدىڭىز رۇخسارى، — يىگىت

ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ زاڭلىق ئارىلاش گەپ باشلىدى — خۇددى بۆۋىلەردەك. روپاش بولدىڭىزمۇ يە؟ روپاش بولدىمىغىن دەي دېسە رېستورانغا كەپسىز. ئەمەسمىكىن دېسە تېخى. تۇۋا، كىيىنىشلىرىڭىزگە قاراپ ئادەم تانىسغا تارتىشقىمۇ خىجىل بولىدىكەن. . .

رۇخسارى يەنە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا پەقەتلا چىدىمىدى. دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

كەچكى گۇگۇم قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان رۇخسارنىڭ كۆزىگە گۆردەك قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى ئاران تەستە تاپتى ـ دە، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. تېخى قىرىق ـ ئەللىك مېتىر ماڭا ـ ماڭمايلا بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ داراڭگىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئەسلىدە ئۇ قارا كۆزەينەك بىلەن مېڭىپ ئالدىدىكى ستولبىنى پەرق ئېتەلمەي ئۇسۇپ سالغانىدى. ئۇ ئەتراپىنىڭ ئۇنچە قاراڭغۇ ئەمەسلىكىنى، قارا كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈزۈك پەرق ئېتەلمەي تۈۋرۈككە ئۇسۇپ سالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتكەن قارا كۆزەينىكىگە نەپرەت بىلەن چەكچەيدى.

# كالا

## 1

ئۇ تۆگە دۆڭدىكى ھەرقانداق بىر كالىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئادەتتىكى بىر كالا ئىدى. پاچاقلىرى تومۇ، ئۇزۇن، تايغان قورساق، قۇيرۇقلىرى ئۇزۇن، يېلىنى چېتىگە پاتمىغۇدەك دەرىجىدە يوغان. بېشىدا قاشقىسى، دۈمبىسىدە ئالىسى بار. ! . ھەئە، بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆگە دۆڭ كەنتىنىڭ چارۋىچىلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا سىرلىق قەغەز بىلەن خۇشخەتچىلەپ يېزىپ، باشقا قائىدە ـ تۈزۈملەر قاتارىدا چاپلاپ قويۇلغان «تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ شاخ ـ شۇمبا بىلەن كالا بېقىش، كالىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى يىراق كەلگۈسى پىلانى» دىكى شەرتلەرگە تامامەن ئۇيغۇن تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ كالىسى بولۇپ، تۆگەدۆڭ زېمىنىدا ياشايمەن دەيدىغان ھەرقانداق كالىنىڭ چوقۇم دۈمبىسىدە ئالىسى بولۇشى شەرت. شۇڭلاشقا، تۆگەدۆڭ كەنتىدىن دۈمبىسىدە ئالىسى يوق بىرمۇ كالا تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ كالىنىڭ بولسا دۈمبىسىدە خېلى يوغان ئالىسى بولغانىنىڭ سىرتىدا بېشىدا قاشقىسى، قاپقارا قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا بىرتۇتام ئاپئاق چالىسى بار. خۇددى تەمسىللەردىكى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك. ھەئە، ئۇ تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ كالىسى بولۇشقا تېگىشلىك ھەرقانداق شەرتكە تولۇق چۈشىدۇ. ئۇنىڭ باشقا

ئىنەك كالىلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر لا يېرى، خۇددى ئەركەك قېرىنداشلىرى — بۇقىلارغا ئوخشاش بىر جۈپ ئۈچلۈك مۈڭگۈزى بار. شۇڭا، ئۇنىڭ بېشىغا قارىغان كىشى، بىر قاراشتىلا ئۇنى بۇقا ئوخشايدۇ دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. لېكىن، كەينىدىن قارىسا چېتىگە پاتماي قالغان چېلەكتەك يېلىنى مانامەن دەپ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ سۈتى ھەم ئاق، ھەم قويۇق، ھەم قايماقلىق بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر چېلەك سۈت بېرىدۇ. ئەگەر سېغىۋەرسە ئىككى چېلەك سۈت بېرىشىمۇ مۇمكىن. سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئايالى نۇر ئىمان قوشناچ ئۇنى بىر چېلەكتىن ئارتۇق ساغمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ تۆگەدۆڭدە كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ ھەرخىل جەرىمانە — سېلىقلىرىغا چىدىمىغان بىر قىسىم دودەن كىشىلەر ئۆكتە قوپۇپ: «بىز سېغىۋەرسە سۈت بېرىۋېرىدىغان سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئالا ئىنىكى ئەمەس» دېگەن گەپنى بىكارغا ئېيتىشمىغان. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۆگە دۆڭدىكى باشقا كالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئىلگىرى ھەقىقەتەن سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ كالىسى ئىدى. ئۇ سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئۆيلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان پاكار كۈمىلاچ تاملىق، ئۈستى شاخ — شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان ئېغىلدا يۆگىمەچ، چۈيگۈن، سۇلۇ، پىچان، قوناق شېخى قاتارلىق ئەڭ يۇمشاق ئوت — چۆپلەرنى يېگىنىدىن سىرت، ھەر كۈنى كەچ تەرەپتە كېپەك، قوناق ئۇنلىرىنى بولۇشىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بىر سېۋەت ئاق سامانىنىڭ ھەلپىنى يەپ خاتىرجەم ياشايتتى ۋە يېگىنىگە چۇشلۇق چېلەكلەپ سۈت بېرەتتى. «ئادەم قولاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن تەمسىلنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىغان بۇر ئىمان قوشناچ ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك ئۇنىڭ ئايىغىغا چوشەك تاشلاپ، ئېغىلنى قۇرۇقداپ تۇراتتى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا

تۆگەدۆگدىكى كاللارنىڭ ئەڭ بەختلىكى ئىدى.

ئۇ تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ «شاخ ـ شۇمبا بىلەن كالا بېقىش، كالىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يىراق كەلگۈسى پىلانى» تۈزۈلۈپ، كاللارنى ئالالاشتۇرۇش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن يىلى تۇغۇلغانىدى.

«يېزا چارۋامالدوختۇرلۇق پونكىتىغا ئالا موزاي تۇغۇلىدىغان ئۇرۇقلار كەلتۈرۈلدى. كەنتتىكى ئىنەك كالىسى بار ئائىلىلەر ئاتمىش كويدىن پۇل تۆلەپ، ئىنەك كاللىرىنى سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ كېلىشى شەرت. بۇ يىل بىر يىل مۆھلەت بېرىلىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئالا موزايلىمىغان بارلىق ئىنەك كاللارنىڭ ئىگىلىرى ئىنەك كاللىرىنى يېتىتۇرۇپ، ئورنىغا ئالا ئىنەك تېپىپ كېلىشلىرى شەرت، ئۇنداق قىلمايدىكەن جازالىنىپ، جەرىمانە ئېلىنىدۇ.»

كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ بۇ پەرمانى ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ تەلىيىگە سېرىق ياپال ئىنىكى ئالا موزايلىدى. بېشىدا قاشقىسى، دۈمبىسىدە ئالىسى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا كىچىككىنە ئاق چالىسى بار — بۇ موزاي چىشى — غونىجۇن ئىدى. سۇپۇرگە ئاخۇنمۇ، نۇرئىمان قۇشناچمۇ خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى. سېرىق ياپالنىڭمۇ ئەمدىلا تۇغۇلغان ئالا موزايىنىڭمۇ پېشانىسىگە سۆيۈشتى. كۆز تەگمىسۇن دەپ يول چاۋىرى تېرىپ كېلىپ «قويلىقئاتام» مازىرىدىن مەدەت تىلەپ ئىسرىق سالدى. موزايچاقنىڭ بوينىغا تىل تۇمار ئاستى. ئەپسۇسكى، ئۈچ ئايدىن كېيىن كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ يېڭى پەرمانى جاكارلاندى:

«كەنت تەۋەسىدىكى ئالا موزايلىغان بارلىق ئالا ئەمەس ئىنەكلەر ئۈچ كۈن ئىچىدە كەنت تەۋەسىدىن يوق قىلىنىشى كېرەك. كىمدەكىم خىلاپلىق قىلسا جەرىمانە ئېلىنغاندىن سىرت جازالىنىدۇ. كالىسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ»

www.uyghurkitap.com

پەرمان ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. پەرمانغا بىنائەن ئالا موزايلىغان شورلۇق سېرىق ياپال ئىنەك چارشەنبە بازارغا ئاپىرىپ يوقىلاڭ نەرقىدە سېتىۋېتىلدى. ئۇ كۈنى بېشىدىن نۇقتىلانغان سېرىق ياپال ئېغىلدىن بەخىرامان چىققان بولسىمۇ، ئالا موزىيىنىڭ ئېغىلدا سولىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىن تىرەجەپ چىققىلى ئۇنىمىدى. سۈپۈرگە ئاخۇن باش بېغىدىن تارتىپ باقتى، سىلكىشلەپ باقتى، ئاخىر جىلى بولۇپ سۆگەت شوپۇڭى بىلەن بىرنەچچىنى سېلىۋەتتى. شۇ ئەسنادا ئالا موزاي ئېغىلدا، سېرىق ياپال ھويلىدا بىر-بىرى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق بوزلاپ-مۆرىۋەتتى. بۇ بوزلاشتىن سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى. سۆگەت شوپۇڭى تۇتقان قولى تىترىدى. نۇرئىمان قوشناچ بولسا پاگگىدە يىغلىۋەتتى. نۇرئىمان قوشناچىنىڭ يىغىسىمۇ سېرىق ياپال ئىنەكنىڭ مۆرەشلىرىدەك ئېچىنىشلىق، نالىلىك ئىدى. ھەئە، بۇنداق بوزلاش، مۆرەشلەر پۈتكۈل تۆگەدۆڭ كەنتىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. چۈنكى، ئالا موزاينى ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش قىسمىتى يالغۇز سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىلا ئەمەس ئىدى. بۈگۈن نۇرغۇنلىغان ئالا موزايلىغان شورلۇق ئىنەكلەر پەقەت ئالا بولمىغان گۇناھى ئۈچۈن موزايلىرىدىن، تۆگە دۆڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلاتتى. ئېچىنىشلىق مۆرەش، بوزلاشلار تۆگەدۆڭنى قىيامەتكە ئايلاندۇردى.

## 2

ئالتە بالىنى تۇغۇپ، قاتارغا قوشۇپ، ئۇچۇرما قىلغان نۇرئىمان قوشناچ تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ ئالا موزاينىڭ خۇيلىنىشلىرى، بۇتناشلىرى، ئاچلىق ئېلان قىلىشلىرىنىڭ

ھەممىسىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن بويسۇندۇردى. ئالا موزايغا سىرىق ياپالدەك ئاپئاق سۈت بېرەلمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق مېھىر بەردى. تۇجۇپىلەپ بېقىلغان ئالا موزاي بىر يىلدىن كېيىن يوغىناپ ھەقىقىي بىر غونىجۇن[1] بولدى. خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك يىلىنى كۆتۈرۈلۈپ، تۇكلىرى پارقىرىدى، قارا تۇكلىرى قۇندۇزدەك، ئاق تۇكلىرى سۈتتەك ئىدى. بېشىدىكى قاشقىسى بىلەن قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدىكى بىر تۇتام ئاق چالىسى خۇددى زىبۇزىننەتتەك تۇرقىغا ئالاھىدە سۆلەت بېغىشلايتتى. ئۇزۇن تال ـ تال كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ بۇلاق كۆزلىرى نازاكەتلىك مۆلدۈرلەيتتى. ھەئە، ئۇ ئىنەك بولۇش يېشىغا يەتكەنىدى.

ئالا غونىجۇن غونانلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئىنەك بولدى. تۆت يىلدا بىر قېتىممۇ قىسىر قالماي تۆتنى موزايلىدى. تۆتىلى موزىيى ئالا ئىدى. تۆتىلى موزاينىڭ بېشىدا قاشقىسى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا بىر تۇتام ئاق چالىسى بار ئىدى. تۆت موزاينىڭ ئىككىسى غونىجۇن، ئىككىسى بۇقا ئىدى. ئىككى غونىجۇننى تۆگەدۆڭدىكى تېخىچىلا كالىلىرىنى ئالا موزايلىرىدىن ئالماي جەرىمانە تۆلىگەن، كالا بېقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن دېھقانلار سۇپۇرگە ئاخۇن بىلەن نۇرئىمان قۇشناچىنى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ سېتىۋېلىشتى. «مەيلىغۇ بىچارىلەر، ئاز جەرىمانە تۆلەشمىدى. سايىم قاراقۇلاقنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلۇپ قالسا ساۋاپ بولار.» ئۇلار موزايغا چىداشمىسىمۇ شۇنداق دەپ بېرىشىپتىشتى. «بىرى ئۇن، ئونى يۈز بولۇپ كېتەر، ئېغىلىڭلارغا كالا، قاچا ـ چېلەكلىرىڭلەرگە سۈت ـ قايماقلار تولۇپ كېتەر» دەپ تىلەك تىلەشتى. لېكىن، ئىككى ئەركەك موزاينىڭ تەقدىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى.

---

[1] غونىجۇن — بۇقا ئارتىلمىغان، تۇغمىغان چىشى كالا.

www.uyghurkitap.com

«ئالا بۇقىلارنى موزاي ۋاقتىدىلا پىچىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق چوڭ بولغاندا بۆكىرەپ ـ مۆرەپ، ئىنەك كالىلارغا قالايمىقان چىپىلىپ، ئالا موزايلارنىڭ پىلانلىق، ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆپىيىشىگە ۋە تۆگەدۆك كەتىنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەر قاتتىق جازالىنىدۇ، جەرىمانە قويۇلىدۇ».

پەرمان ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى ئالا موزاي ئالتە ئايلىق بولا ـ بولمايلا تۆگە دۆڭدىكى باشقا بارلىق ئەركەك ئالا موزايلار قاتارىدا پىچىۋېتىلدى. ئۇلار پىچىۋېتىلگەن ۋاقىتتا ئاغرىق ئازابىغا چىدىمايمۇ ياكى بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتكە نارازى بولۇپمۇ ئەيتاۋۇر بىر نەچچىنى نالە ـ پەرياد قىلغاندەك بوزلىدى. خۇددى ئوغلى ئاختا قىلىۋېتىلگەندەك ھېسياتقا كېلىپ قالغان سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. لېكىن، چاندۇرمىدى. خۇددى بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىنىمسىز پۇشۇلداپ، غۇرت ـ غۇرت يۇتقىنىۋاتقان ئالا ئىنەككە ئوخشاش پۇشۇلدىدى، يۇتقۇندى. كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاق بولسا خۇشاللىقتىن تىللىرىنى چاكىلدىتىپ ھىجىيىپ كەتتى. قىزغۇچ شاپ بۇرۇتلىرىنى مەغرۇرلۇق بىلەن تولغايتتى. «كونىلار ‹بۇقىنى بۆركىرەتكەن ئىككى تاشقى› دەپتىكەن، قېنى ئەمدى ئۇلارنىڭ بۆركىرىگىنىنى بىر كۆرەي» دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

## 3

موزايلىرى بىلەن سۈتى ئالا ئىنەكنىڭ داڭقىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. پۈتكۈل تۆگەدۆڭدە ئالا ئىنەكنىڭ سۈت، قېتىق، قايمىقىغا ئېغىز تەگمىگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بىر

قېتىم ئېغىز تەگكەن ئادەم خۇمار بولۇپ قالاتتى. كەنت باشلىقى سايىم قارا قۇلاق ئالا ئىنەكنىڭ سۈت - قېتىقىغا خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارنىڭ ئەڭ كونىسى ئىدى. ئۇ ئاز دېگەندە ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم سۈپۈرگە ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر ەر چىنە سۈت ياكى قېتىققا ناننى پوتەيدەك چىلاپ يەپ كەتمىسە ياكى نۇر ئىمان قۇشناچنىڭ تەملىك قوللىرى بىلەن ئالا ئىنەكنىڭ قايمىقىنى بولدى دېگۈچە سۈركەپ پىشۇرغان ھور قاتلىمىسىنى بېقىنى چىققۇدەك يېمىسە كۆنەلگۈسى ئۇيىمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا كەنتكە يېزا - ناھىيىلەردىن كەلگەن چوڭ - كىچىك باشلىقلار، باھالاش، تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، نۇقتىغا، مەركەزلەشتۈرۈپ تۇزەشكە، يازنىڭ ئۇچ ئىشىغا ياردەم بېرىشكە، نامراتلاردىن ھال سوراشقا، قانۇن - ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنا مەشخۇلاتىنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا، كېۋەز قۇرتىنى تۇتۇشقا، بۇغداي مەھسۇلاتىنى باھالاشقا، بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا، پىلانلىق تۇغۇت دورا سايمانلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلىتىشكە رەھبەرلىك قىلىشقا. . . چىققان كادىرلارنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ ئالا ئىنەكنىڭ چېلەك - چېلەكلەپ سۈتلىرى، قايماقلىرىنى بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا لەيلىتىپ ئەتكەن چايلىرى، چىنە - چىنىلەپ قېتىقلىرى لازىم بولاتتى. ئۇلار ئالا ئىنەكنىڭ سۈت، قېتىق، قايماقلىرىغا ئېغىز تەگكەچ شۇنداق ماختىشاتتىكى، ئېغىزلىرىدىن قايماقتەك يۇمشاق، سۈتتەك شېرىن سۆزلەر چېلەكلەپ تۆكۈلەتتى. كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاق بۇ ماختاش، داڭلاشلارغا كۆمۈلۈپ، تۆگەدۆڭلۈكلەرگە

ئالىيىپ قاراشقا كۆنۈپ قالغان كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ماختاشلارنى، ئاپىرىن – تەشەككۇرلەرنى ئاڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى ھەقىقەتەن ھەقلىق ھېسابلايتتى. راستتە. ئۇ پۈتكۈل تۆگەدۆڭنىڭ كالىلىرىنى ئالالاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كەنت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يىراق كەلگۈسى پىلانىغا كىرگۈزمىگەن بولسا، تۆگەدۆڭلۈكلەرگە شۇنچىۋالا شېرىن، ئاپئاق، قويۇق سۈت – قايماقلارنى ئىچىش نەدە تۇرۇپتۇ؟

بۈگۈن يېزا باشلىقى باشچىلىقىدىكى مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى باھالاپ، ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى تۆگەدۆڭ كەنتىگە كەلگەنىدى. ئۇلار چۈشكىچە دېھقانلار ئېغىللىرىدىن چىقىرىپ، يول بويىغا تۆكۈپ، چىرايلىق چاسلاپ قويغان قىغ دۆۋىلىرىنى ئۆلچەپ، مىقدارى ۋە سۈپىتىنى باھالاشتى. چۈشتە كەنت تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر پىيالە چايغا داخىل بولۇشتى. مانا كۈن پېشىندىن قىيىلغاندا «بىر پىيالە چاي» خېلى ئوبدان تەسىر قىلىشقان يېزا باشلىقى قاتارلىق باھالاش ئۆمىكى يۈزلىرىنى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارتىپ، ئېگىز – پەس دەسسەپ، ئالىتاغىل ناخشا توۋلاشقىنىچە، چۈشتىن بۇرۇن باھالاپ ئېتىپ قالغان ئوغۇتلارنى باھالاش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى بايامقى سورۇندا دۇتتارچىنىڭ ئوقۇغان ناخشىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئۈننىڭ بارىچە توۋلاپ كېلەتتى:

خوراز جىنىدا مېكىياننىڭ تاجىسىدىن چىلىڭ چوقۇپ،
بوك – بوك ئېتىدۇيەي، بىز نېمىشقا ئەتمەيمىز . . .

بۇ ناخشا تۆگە – تۆگىمەيلا يەنە بىرەيلەن ناخشا باشلىدى:

ئىككى يار تۇتقان كىشىنىڭ
هېچنېمىدىن غېمى يوق.
ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىلەن،
پۈت ـ قولىنىڭ جېنى يوق . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

— رۇۋانىگنى يىغىشە هاي! . . . بىز شوپاڭدا ئولتۇرۇۋاتىمىز، خىزمەت قىلىۋاتىمىز خىزمەت. نېمە ئانداق پىچىۋەتمىگەن بۇقىدەك سەت بۆركىرىشىپ. . .

يېزا باشلىقىنىڭ تەئەددىسى خوددى تىنچلاندۇرۇش دورىسىدەك شاپپىدە كۆچىنى كۆرسەتتى. يول بويىدىكى دۆۋىلەنگەن مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى مېتىر قويۇپ ئۆلچەش، سۈپەت دەرىجىسىنى بېكىتىش داۋاملاشتى. مانا نۆۋەت سۈپۈرگە ئاخۇنلارنىڭ ئىشكى ئالدىغا دۆۋىلەنگەن قىغلارغا كەلدى.

— ۋاھ! ماۋۇ ئىنەكنىڭ يېلىنىنىڭ يوغانلىقىنى.

كىمدۇر بىرىنىڭ هەيرانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزى هاراقنىڭ تەسىرىدە كۆزىدىن تارتىپ گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەن يېزا باشلىقىنىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. هويلا ئالدىدىكى جىگدە بودىمالىقىنىڭ ئەتراپىدىكى قومۇشقا باغلاپ قويۇلغان ئالا ئىنەككە نەزەرىنى ئاغدۇردى. ئالا ئىنەك بۇ بىر توپ مېھمانلارغا ياتسىرىغان هالدا قاراپ قويۇپ ئىرەڭسىزلىك بىلەن كۆشەۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېلەكتەك يوغان يېلىنى ئېسىلىپ، باش بارماقتەك چوڭلۇقتىكى تۆت تال ئەمچىكى قىزىرىپ كەتكەندى.

— بۇ هېلىقى . . .

— شۇنداق يېزا باشلىقى، بۇ هېلىقى ئالا ئىنەك شۇ، — كەنت باشلىقى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىجادىيىتىگە يېزا باشلىقىنىڭ قايتىدىن نەزىرى چۈشكەنلىكىدىن شادلىنىپ، يېزا باشلىقىنىڭ

ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ جاۋىلداشقا باشلىدى، — بايا بىز ئېغىز تەگكەن سۈت - قېتىقلار مۇشۇ ئالا ئىنەكنىڭ سۈت - قېتىقلىرى، — ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويغان هالدا ئالا كالىلارنىڭ ئالاهىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، — ئالا ئىنەك ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياۋاش، رايىش، ئىتائەتچان كېلىدۇ. ئۇلارنى قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە، سۆرەمدىن ئېلىپ جوۋازغا، جوۋازدىن ئېلىپ هارۋىغا قېتىپ، تىنىمسىز ئىشلەتسىمۇ قىلچىلىك هورۇنلۇق قىلمايدۇ، يېتىۋالمايدۇ، تىرەجىۋالمايدۇ. قانچىلىك ساغسا شۇنچىلىك سۈت بېرىدۇ. سۈتى هەم ئاق، هەم قويۇق، هەم قايماقلىق كېلىدۇ. ئەڭ ياخشى يېرى قالايمىقان مۆرەپ، بۆركىرەپ كەنتنىڭ مۇقىملىقىنى، تىنچلىقىنى بۇزمايدۇ، — ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە قوشۇپ قويدى، — هاراق ئىچكەندە ئۇنىڭ سۈتىدىن بىر پىيالە ئىچىۋېتىدىغان بولسا دەرهال كەيپىنى كېسىدۇ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ يېزا باشلىقىغا بىر چامدام يېقىنلىشىپ ئاستا سورىدى، — قانداق، ئالا ئىنەكنىڭ سۈتىدىن بىر پىيالە ئىچىپ قويامىلا شاڭجاڭ؟

يېزا باشلىقى ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئەتراپتىكى مەستلەر ئاۋاز قوشتى:

— تازىمۇ ئۇسساپ كەتتۇق. ئىچسەك ئىچەيلى بىرەر چىنە سۈتتىن.

— ئالا ئىنەكنىڭ سۈتى راستتىنلا تەملىككەن جۇمۇ.

— مەن بۇ چاغقۇچە بۇنداق تەملىك سۈت ئىچىپ باقماپتىكەنمەن.

كەنت باشلىقى سۈپۈرگە ئاخۇنغا قاراپ بۇيرۇدى:

— جۇگۇسىلا، قاراپ تۇرماي پاكىزرەك چىنە ئاچىقسىلا.

شۇهامان سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئايلى نۇرئىمان قۇشناچ ئوتتۇر چىنە سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى. كەنت باشلىقى چىنىدىكى



www.uyghurkitap.com

سوغا قاراپ گۆلەيدى.

— سونى نېمىگە ئاچىقتىلا، يېزا باشلىقىنىڭ سوت ئىچكوسى بار ئىكەن، ئالا ئىنەكنىڭ ئىسسىق سوتىدىن.

— سونى يېزا باشلىقىغا ئاچىقمىدىم،— دەپ چوشەندۈردى هودۇقۇپ كەتكەن نۇرئىمان قوشناچ،— بۇ سودا ئىنەكنىڭ يېلىنىنى يۇيۇۋېتىپ ساغاي دەپ . . .

قوشناچ شۇنداق دېدى ـ دە، سۇ بىلەن ئىنەكنىڭ باش بارماقتەك توت تال ئەمچىكىنى پاكىز يۇدى. شۇ ئەسنادا هاراقىنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، يېزا باشلىقىغا ئۆز قولى بىلەن سوت سېغىپ بېرىش خىيالىغا كېلىپ قالغان كەنت باشلىقى ئالچاڭلاپ بارغۇنچە قوشناچىنىڭ قولىدىكى چىنىنى تارتىۋالدى.

— نېمانچە مىسلدايلا، ئەكەلسىلە ئۆزۈم بىر ساغاي.

قوشناچ چىنىنى بېرىپ ئىنەكنىڭ ئايىغىدىن قوپۇپ كەتتى. كەنت باشلىقى ئىنەكنىڭ ئارقىسى تەرىپىدىن ئىنەكنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ چۆكتى. ئۇ چىنىنى توغرىلاپ ئىنەكنىڭ بىر تال ئەمچىكىنى سىيرىۋىدى بىر تېمىممۇ سوت چىقمىدى. قاراپ تۇرغانلار پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. كەنت باشلىقى ئەمچەكنى تۇۋىدىن تۇتۇپ ئىككىنچى قېتىم سىيرىدى. بۇ قېتىم پونتانىدەك جىغاپ چىققان ئاپئاق سوت چىنىگە چۈشمەي كەنت باشلىقىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە چاچرىدى. ئەتراپتىكىلەر ئاۋازلىق قاراق كۈلۈشكە باشلىدى. كەنت باشلىقى يۈز ـ كۆزلىرىگە چاچرىغان سوتنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، ئۆزىنى تۇختىتىپ تۇرۇپ، تەجرىبىلىك سوتچى خوتۇنلاردەك ئىنەكنىڭ يېلىنىغا يەڭگىل ئىككى ـ ئۈچنى مۇشتلاپ قويۇپ قايتا سېغىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم بىرئاز قاملاشتى. ئالا ئىنەكنىڭ ئەمچىكىدىن پونتانىدەك جىرغاپ چىققان سوتلەرنىڭ بېرىمى چىنىنىڭ ئىچىگە، يېرىمى چىنىنىڭ تېشىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ چىنە يېرىملىشاي دەپ قالغاندا، تويۇقسىز ئالا

www.uyghurkitap.com

ئىنەك كەنت باشلىقىنىڭ باش ـ گەدەنلىرىگە شاتىراقلىۋەتتى. بۇ ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز، شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردىكى، كەنت باشلىقى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى دەماللىققا بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئەتراپتىن كۆتۈرۈلگەن گۇررىدە كۈلكە ساداسى ئۇنى تەمتىرەتتى. ئۈستىۋېشىغا ئالا ئىنەكنىڭ شاتىراقلاپ قويغىنىنى سەزگىنىدە غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. بۇ ئەدەپسىز ئالا ئىنەكنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاش ئۈچۈن قولى يانپېشىغا ئېسىقلىق پىچاقنىڭ غىلىپىغا يۈگۈردى. شۇ دەقىقىدە يېزا باشلىقى كۈلۈپ تېلىقىپ قالغانىدى. يېزا باشلىقىنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ كەنت باشلىقى تېزلا ئاچچىقىغا هاي بەردى. پەيلىدىن ياندى. بارماقلىرى تېخى غىلاپتىن چىقىشىغا ئۈلگۈرمىگەن پىچاقنىڭ سېپىدىن بوشىدى. يېزا باشلىقىنى كۈلدۈرەلىدىمۇ بولدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق شەرەپ، ئامەت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىۋېشى بۇلغىنىپ كەتسە نېمە بوپتۇ. يۇيىۋەتسە چىقىپ كېتىدىغۇ ناهايىتى. يېزا باشلىقى كۈلدىمۇ بولدى. بۇ قېتىمقى ئوغۇت باهالاشتا تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ يېزا بويىچە بىرىنچى چىقىشىدا گەپ يوق. بىر هېسابتا بۇمۇ بىر نەتىجە، شان ـ شەرەپ . . .

كەنت باشلىقى شۇ هالەتتە تۇرىۋېرىش ياكى قوپۇپ كېتىش هەققىدە ئىككى تايىن بولۇپ تۇراتتى. بېشىغا يەنە شاررىدە قىزىق سۇ تۆكۈلدى. ئالا ئىنەك شاتىراقلاپ بولۇپ، ئارقىسىدىن سىيىۋەتكەنىدى. بۇ قېتىم كۈلۈپ تېلىقمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

— پاھ، ئالا ئىنەكنىڭ مۇنداقمۇ ئالاهىدىلىكى بار ئىكەن تېخى، — دېدى كىمدۇر بىرى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا شاتىراقلاپ بۇلغىۋەتكەندىن كېيىن سۈيدۈكى بىلەن يۇيۇۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— سايىماخۇن مۇدىرنىڭ ئاغچىسىنى كىم يۇيىمەن دەپ

ئاۋارە بولمىسۇن دېگەندۇ ھەرقاچان.

ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان نۇرئىمان قۇشناچ، كەنت باشلىقىنىڭ ئۇستىۋىشىدىكى رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ ھەم خىجىل بولدى، ھەم ھودۇقتى. گۇناھكارلارچە يەرگە قارىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ما سەتچىلىكنى. ئىككى كۈندىن بېرى ئىچى سۈرۈپ قاپتىكەن بۇ ئوۋاتەككۈنىڭ. ئەتىگەننىڭياقى خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندۇ دەپتىكەنمەن. ئارقا پېشاپىنى تۇتالماس بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. ھۇ قىلىقى سەت جۇۋاينىمەك.

نۇرئىمان قۇشناچنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنىمۇ، ئاللا ئىنەكنىمۇ ئاقلاش تەلەپپۇزى بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئەتراپتىكىلەر تېخىچە تېلىقىپ كۈلۈۋاتاتتى. كەنت باشلىقى ئاللا ئىنەكنىڭ ئايىغىدىن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قورقۇنچتىن تۇگۈلۈپ كەتكەن سۇپۇرگە ئاخۇن بىلەن نۇرئىمان قۇشناچقا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى. ئالايدىيۇ شۇ ھامانلا تېخىچە كۈلۈۋاتقان يېزا باشلىقىنىڭ چىرايىغا قاراپ خۇشامەتكويلۇق بىلەن چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھىجايدى. ئالايغاق كۆزلىرى كۈلكىسىگە ماسلىشىپ دەسلەپ قىسىلدى، كېيىن يۇمۇلدى. كالچايغان كالپۇكلىرى ئارىسىدىن كۆك تاماكىنىڭ ئىسىدا سارغايغان چىشلىرى تامامى كۆرۈندى.

## 4

كۈز كەلدى. كونىلارنىڭ تەرىپى بويىچە ئېيتقاندا سېخى كۈز كەلدى. لېكىن، كۆپ ساندىكى تۆگەدۆڭلۈكلەر كۈزنىڭ سېخىلىقىنى، خۇۋلىقىنى قىلچىلىك كۆرمىدى. تاغار ـ تاغارلاپ تېرىپ سانقان پاختىلىرىنىڭ پۇلى، ئەتىيازدا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قەرز ھېسابىدا يەرگە بىرتۇتاش سېلىپ بەرگەن

مەبلەغنىڭ پۇلىغا چىقىشمىدى. تېخى گەدەنلىرىدە بىرمۇنچە قەرز پۇل ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئېشىپ قالدى. سۇپۇرگە ئاخۇنلار ئائىلىسىنىمۇ ئېغىر غەم باستى. ئالدىنقى يىللاردا ئۇ ئاشۇنداق قەرزلەرنى ئالا ئىنەكنىڭ مۇزايلىرىنى سېتىپ قايتۇرغانىدى. ئالا ئىنەك يەنە بوغاز ئىدى. سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ھېسابىچە كېلەر يىلى ئۆرۈك ئالا بولغان مەزگىلدە مۇزايلايتتى. بىراق، كەنت باشلىقى قەرزلەرنى سۈيلەۋاتاتتى. سۇپۇرگە ئاخۇن ئالا ئىنەك مۇزايلىغاندا مۇزىيىنى سېتىپ قەرز تۆلەي دېسە كەنت باشلىقى نېمە دەر؟

«بۇ يىللىق قەرزلەرنى كېلەر يىلىغا سۆرەشكە قەتئىي بولمايدۇ. قەرز ئىگىلىرى قانداق قىلسا قىلىپ يىل ئاخىرغىچە قەرزلەرنى قايتۇرۇشى كېرەك. بولمىسا جەرىمانە تۆلىگەننىڭ سىرتىدا جازالىنىدۇ»

پەرمان ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. ھېچكىم بويۇنتاۋلىق قىلالمىدى. بويۇنتاۋلىق قىلسىمۇ ئامال يوق. تۆگەدۆۋە سايىم قاراقۇلاققا كىم تەڭ كېلەلىگەن. سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئالا ئىنىكىمۇ قەرزگە ھېسابلاندى. ئۇ كۈنى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن نۇرئىمان قۇشناچ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. جالاقلاپ تىترەيتتى. كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتاتتىيۇ، تىلى گەپكە كەلمەيتتى. سۇپۇرگە ئاخۇن بولسا بارلىق دەرد ــ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقان كالىغا ئوخشاش پۇش ــ پۇش تىناتتى. غۇرت ــ غۇرت يۇتقىناتتى. بىراق، ئالا ئىنەك سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ بۇ قەدىناس ھويلىسىدىن چىققىلى ئۇنىماي، خۇي ــ مىجەزىگە يات ھالدا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. كوم ــ كوم دۇمبالاشلارغا جاۋابەن ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ ئېچىنىشلىق مۆرىدى، بوزلىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى كەنت باشلىقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. چۈنكى، ئالا ئىنەكنىڭ مۆرىشى بىلەن تەڭ كەنتنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ

ئەنە ئاشۇنداق مۆرىگەن ئاۋازلا ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلاندى. تۆگەدۆڭدىكى باشقا ئائىلىلەردىمۇ قەرزگە ھېسابلانغان ئالا ئىنەكلەر ماڭغىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋالغان، كومۇشتۇپ سېلىنغان دۇمباغا چىدىماي مۆرىيۋەتكەنىدى. بۇ بوزلاشلار كەنتنىڭ تىنچلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىۋەتكەنىدى.

كەنت باشلىقى بەربىر قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇنىڭغا ئالا ئىنەكلەرنىڭ بويسۇنماسلىقىقا نېمە ئىلاجى. ئۇلار ئىگىلىرىنىڭ ھويلىلىرىدىن كەنت قورۇسىغا ھەيدەپ كېلىنىپ، چارشەنبەبازاردىن كەلگەن قاسساپ - بورداقچىلارغا باھاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىلدى. سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئالا ئىنىكىنى بولسا كەنت باشلىقىنىڭ رەندىلەپ قويغاندەك ئورۇق، كۆسەيدەك قاپقارا ئايالى سېتىۋالدى. كەنت باشلىقى ئالا ئىنەكنىڭ ئۇ كۈندىكى ئەدەپسىزلىكىنى كەچۈرۈۋەتەلمىسىمۇ لېكىن قاپىقى يامان ئايالىنىڭ غوغا كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ ھەم تۆگەدۆڭ ھەتتا پۈتكۈل يېزىغا نامى پۇر كەتكەن، ساغسا - ساغسا سۈتى تۆگىمەيدىغان بۇ كالىنى تۆگەدۆڭ تەۋەسىدىن چىقىرىۋېتىشكە چىدىماي ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئالا ئىنەكنىڭ رىسقى تۆگەدۆڭدىن كۆتۈرۈلمىدى.

ئالا ئىنەكنىڭ يېڭى ماكانى — كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ كالا ئېغىلى سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىدىنمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. لېكىن، ئالا ئىنەك بۇ ھەشەمەتلىك ئېغىلغا پەقەتلا كۆنەلمىدى. چۈنكى، ئېغىل ھەشەمەتلىك بولغىنى بىلەن تېگى پات - پات چۈشەك تاشلاپ قۇرۇقدالمىغانلىقى ئۈچۈن مىچىلداپ كەتكەنىدى. ھەر كۈنى كەچتە كىپەك - قوناق ئۇنى راسا ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بىر سېۋەت ئاق سامانىنىڭ ھەلىپىگە كۆنۈپ قالغان ئالا ئىنەككە بۇيەردە ئايرىم ھەلەپ بېرىلمىدى. بېرىلگەن ھەلەپلەرمۇ ئۇنىڭ يېڭى ھەمراھلىرىدىن — كەنت باشلىقىنىڭ بۇرۇنقى خۇيلۇق،

www.uyghurkitap.com

ئۆسكەك، تەپكەك. ئاچ كۆز ئالا ئىنەكلەردىن ئاشمىدى. ئەكسىچە ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر چېلەك سۈت سېغىلىدىغان ئادەت بۇزۇپ تاشلىنىپ ئىككى چېلەك سېغىلدى. كەنت باشلىقىنىڭ ئورۇق، قارا ئايالى ئۇنىڭ يېلىنىنى تۈۋىگە يوغان ئىككى چېلەكنى قويۇۋېلىپ، چېلەك توشقۇچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ساغاتتى. سۈت چىقمىغانسېرى يېلىنىنى كوم ـ كوم مۇشتلايتتى. باش بارماقتەك تۆت تال ئەمچىكىنى بىر غېرىچ ـ بىر غېرىچ چوجايتتى. ئالا ئىنەك ماغدۇرسىزلىنىپ، پۇت ـ قوللىرى سىيقىراپ كېتەتتى. ئۇ نۇرئىمان قوشناچىنىڭ دوستلارچە مېھرىبانلىقىنى، كۆيۈنۈشلىرىنى بۇيەردە قىلچىلىك ھېس قىلمىدى. كەنت باشلىقى ئۇ كۈنكى رەسۋاچىلىقنى تېخىچە ئۇنتۇيالمىغانىدى. گەرچە ئۇ كۈندە ناشتىلىقىدا ئالا ئىنەكنىڭ سۈتىنى چىنە ـ چىنىلەپ گۈپۈلدىتىپ ئىچكىنى بىلەن، ئالا ئىنەككە ئاداۋەت بىلەن ئالىيىپ قارايتتى. قورساق كۆپۈكىنى قانداق چىقىرىش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاچ كۆز، قاپىقى يامان ئايالى بولسا ئالا ئىنەككە قورسىقى تويغۇدەك ئوت ـ چۆپ، يەم ـ ھەلەپ بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئالا ئىنەكنىڭ سۈتىنىڭ تارتىلىپ كېتىپ بارغانلىقىدىن، سۈتىنىڭمۇ ئىلگىرىكىدىن سۇيۇلۇپ، قايمىقىنىڭ ئازلاپ كېتىپ بارغانلىقىدىن ۋايسايتتى، غوتۇلدايتتى، سايىم قاراقۇلاققا دادلايتتى.

دۈمبىسىدە تۇخۇم قويسا توختىغۇدەك سەمرىگەن ئالا ئىنەك يېڭى خوجايىنىنىڭ ھويلىسىدا ئاستا ـ ئاستا ياداشقا ـ ئورۇقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەھۋال كەنت باشلىقىنىڭ بىردىنلا دىققىتىنى تارتتى. چېلەك توشقۇدەك سۈت ساغالماي جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغان ئايال خوجايىن ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە تىرەپ قويغان غولدا بىلەن ئالا ئىنەكنى ھارغۇچى دۇمبالاپ دەردىنى چىقاردى. تاياق ئالا ئىنەكنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇ

كېچىسىلا ئالا ئىنەك موزاي تاشلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇردى. بۇ پېشكەللىك كەنت باشلىقىنىڭ تېخىمۇ بەك ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇ قاپىقى يامان ئايالىغا ھېچنىمە دېيەلمىگىنى بىلەن ئالا ئىنەكنى موزاي تاشلىۋەتكەنلىكتە ئەيىبلەپ راسا دۇمبالىدى. بۇ قېتىمقى دۇمباشلاشتىن ئالا ئىنەك ئۆزىنى پەقەتلا ئەپقاچمىدى. لېكىن، بارلىق دەرد - ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئىغىر - ئىغىر پۇشۇلدىدى. غۇرت - غۇرت قىلىپ يۇتقۇندى. تال - تال كىرپىكلىك چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن سۇس بىر يېشىل نۇر دەققە ئىچىدە يېنىپ ئۆچتى.

ھەئە، ئالا ئىنەكنىڭ يا سۇتىدىن، ياكى موزىيىدىن پايدىلىنىش ئۇمىدى پۇتۇنلەي يوققا چىققان كەنت باشلىقىنىڭ ئاشۇ كۇنى ئالا ئىنەك تۇپەيلى يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدىكى رەسۋاچىلىقتىن يۇرىكىدە قېپقالغان ئاداۋەت ئوتى قايتىدىن يالقۇنجىدى. «ئالا ئىنەكنى جازالاش كېرەك. شۇ ئارقىلىق بارلىق ئالا ئىنەكلەرگە ئىبرەت قىلىش كېرەك.» ئۇ شۇنداق ئويلىۋىدى كۆڭلى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ يىل روزى ھېيت بىلەن چاغان تەڭ كەلدى. ئۇ ھەر يىلى مۇشۇنداق ھېيت - بايراملاردا ئۇچ - تۆت قوينىڭ مېھرىدىن كېچىپ، يېزا ۋە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى يوقلايتتى. ئۇلارغا ھېيت - بايراملىق كىرگۇزەتتى. مانا بۇ يىل ئىككىلا ھېيت - بايرام تەڭ كەلدى. بۇ بەلەن پۇرسەت. قوي ئۆلتۇرىمەن دەپ يۇرگۇچە، دۇنيادىكى بارلىق كالىلارنىڭ رەزىلى بولغان مۇنۇ ئۆلۇمتۇك ئالا ئىنەكنى ئۆلتۇرۇپ، گۆشىنى سوۋغا قىلسا بولىدىغۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنچىدىن ئالا ئىنەكنى جازالاش، ئۆچ - ئەتىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، باشلىقلارغا ھېيت - بايراملىق كىرگۇزەلەيدۇ. كونىلارنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش

دېگىنى مانا مۇشۇ. ئېخ! بۇ جاھاندا سايىم قاراقۇلاقتىنمۇ ئەقىللىق ئادەم بارمىدۇ ـ ھە!

مەسلىھەت پىشقانىكەن ئىشنى كەينىگە سۆرەشكە بولمايدۇ. روزى ھېيت بىلەن چاغانغا ھەپتىلا كۈن قالدى. تېزرەك جۈنىنى كېرەك. ئۇ كەتتىنىڭ بىر قانچە كادىرلىرىنى ئالا ئىنەكنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەملىشىشكە چاقىردى. ئالا ئىنەك ئۇنىڭ بۇ نامەردلەرچە پەيلىنى ئاللىبۇرۇن تۇيۇپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ پەقەتلا تۇتۇق بەرمىدى. ئۆلۈم ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ تىركەشتى. تىركەشكەندىمۇ كالىلىق تەبىئىتىگە — ئاشۇ رايىش، ياۋاش، ئىتائەتچان، مۆرىمەس دېگەن تەبىئىتىگە يات ھالدا قاتتىق تىركەشتى. بۇ ھال كەنت باشلىقىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. «ھۇ، لەنتى كالا، سەن تېخى مەن بىلەن ئېلىشماقچىمۇ؟ سەندەك بىر ئالا ئىنەككە كۈچۈم يەتمىسە سايىم قاراقۇلاق بولماي كېتەي ئىلاھىم» كەنت باشلىقى ئەتراپىدىكىلەرگە:

— كېلىڭلار تام تۈۋىگە قاپسىۋېلىپ تۇرۇپ، ئىككىيلەن ئىككى مۈڭگۈزىدىن، قالغان تۆتەيلەن تۆت پۇتىدىن تەڭ تۇتۇپ يىقىتايلى.

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا ئالتە ئادەم ئالا ئىنەككە بىراقلا تاشلاندى. ئالا ئىنەك ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تىركەشتى ۋە خۇددى نەرە تارتقاندەك دەھشەتلىك مۆرىۋەتتى. ئۇنىڭ مۆرەشلىرى كەنت باشلىقىنىڭ ئىرۋىسىنى قوزغاپ، خۇددى پىچاق تىققاندەك مېڭە ـ مېڭىسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. تۆگەدۆگدە قايسى بىر كالا كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىدا بۇنداق مۆرىگەن دەيسىز. ئۇ كالىلارنى مۆرەتمەسلىك، كەتتىنىڭ تىنچ، خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، ياۋاش كالىلارنىڭ نەسلىنى تاللاپ ئالالاشتۇرغان. ئەركەكلىرىنى پىچىۋەتكەن ئەمەسمىدى. كۆرۈك مۇنۇ رەزىل كالىنىڭ سەت مۆرىشىنى.

ئالا ئىنەكنىڭ مۆرىشى بېسىلماي تۇرۇپلا، كەدىت مەسچىتىنىڭ مۇنارىسىغا ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىدىن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ياڭرىدى. ئالا ئىنەكنىڭ مۆرىشىدىن غەزەپلىنىپ مېڭىسى قوچۇلۇپ كەتكەن كەنت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا، بۇ ئاۋاز مىڭلىغان كالىلارنىڭ مۆرىشىدەك دەھشەتلىك ئاڭلاندى ـ دە، جان ئاچچىقىدا، كالىنىڭ بىر مۈڭگۈزىگە مەھكەم ئېسىلىپ تۇرغان مۇئاۋىن كەنت باشلىقىغا ۋارقىرىدى:

— جوگۇسىلا، دەرھال بېرىپ تەكشۈرسىلە، كىمنىڭ كالىسى ئۇ شۇنچىۋالا ھۆركىرىگەن؟

— ئۇ كالىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئاۋىن كەنت باشلىقى قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ئۇ مەھەللە مەسچىتىنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئەزان ئاۋازى.

— ئەزان ئاۋازى؟ — كەنت باشلىقىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى، — كالىلارنىڭ مۆرىشىنى توسىيالمايۋاتقاندا، كاناي بېكىتىپ ئەزان توۋلامدىكەن تېخى. جوگۇسىلا، بېرىپ ئىماماخۇنۇمغا دېسىلە، مەسچىتنىڭ كانىيىنى دەرھال ئېلىۋەتسۇن. بولمىسا كەنتنىڭ تىنچلىقىغا، مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ئالا ئىنەكنىڭ خۇددى بۇقىلارنىڭكىدەك ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى قويۇۋېتىپ سىرتقا يۈگۈردى. ئالا ئىنەك بىر مۈڭگۈزىگە چۈشكەن كۈچ يەڭگىللىشى بىلەن قايتىدىن جانلاندى. كەنت باشلىقى ئۆزى يالغۇز كالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى مەھكەم تۇتالماي تېرىكتى ـ دە، غىلاپتىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، دەستىسى بىلەن ئالا ئىنەكنىڭ بېشىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئاغرىق ئازابىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئالا ئىنەكنىڭ ۋۇجۇدى غەيرى بىر كۈچتىن

لەرزىگە كەلدى. تال ـ تال كىرپىكلىك چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن سۇزۇك يېشىل نۇر چاقنىدى. كالا بارلىق كۈچىنى يىغىپ شۇنداق بىر سىلكىندى ـ دە، ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى كەنت باشلىقىنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىدى. شۇ دەقىقىدە كەنت باشلىقىمۇ قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن خەۋپنىڭ تۈرتكىسىدە قولىدىكى خەنجەرنى كالىنىڭ بويىنىغا غەزەپ بىلەن سانجىدى. خەنجەرنىڭ ئۇچى بىلەن كالىنىڭ ئۇچلۇق مۈڭگۈزى رەقىپلىرىنىڭ مۆلچەرلىگەن ئەجەللىك يېرىگە تەڭمۇ تەڭ سانجىلدى. كەنت باشلىقىنىڭ قولىدىكى خەنجەر ئالا ئىنەكنىڭ بويىنىغا سېپىغىچە پاتقانىدى. ئالا ئىنەكنىڭ ئۇچلۇق مۈڭگۈزىمۇ كەنت باشلىقىنىڭ كۆكرىكىگە تۈۋىگىچە پاتقانىدى. كەنت باشلىقىنىڭ بىر قولى پىچاقنىڭ سېپىدە، بىر قولى كالىنىڭ مۈڭگۈزىدە بولۇپ، كۈچلۈك بارماقلىرى مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئالا ئىنەكمۇ ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى كەنت باشلىقىنىڭ كۆكرىكىگە تىرىگىنچە بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن تامغا نىقتاپ تۇراتتى.

كەنت باشلىقىنىڭ ئېچىنىشلىق پەرياد بىلەن كالىنىڭ نالىلىك مۆرىشى تۆگەدۆڭنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. كالا بولسا ئەسەبىي بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە توختىماي مۆرەيتتى: مۆ! مۆ! مۆ!!!

1998 ـ يىل، سىنتەبىر، يەكەن.

[General Information]
书名=沉默的大地　维吾尔文
SS号=40300808